مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

# تەپسىرلەر دۇردانىسى

2

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

تەپسىرلەر دۇردانىسى

02

7

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 007 - كىتاب
تۈر پىلانلىغۇچىسى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

بسم الله الرّحمن الرّحیم

100 نادر کتاب (007)

مۆهەممەد ئەلی سابۆنی

# تەپسرلەر دۆرانسی

- 2 -

نادر کتاب

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

# **تەپسىرلەر دۇردانىسى**

- 2 -

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 7 - كىتاب

تۈر باشقۇرغۇچى:
ئابدۇرېھىم دۆلەت / Abdurehim DÖLET

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئا.ئاقھۇن
مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن
ئى. مۇھەممەدئىمىن

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

لايىھە: ئا.ئاقھۇن / A.AKHUN

2022 - يىلى مارت، ئىستانبۇل 1 - نەشرى

100 نادىر كىتاب تۈرى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

نىسا سۈرىسى ........ 3
مائىدە سۈرىسى ........ 193

# نىسا سۈرىسى

**مەدىنىدە نازىل بولغان 176 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** «نىسا سۈرىسى» مەدىنىدە نازىل بولغان ئۇزۇن سۈرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى تەرتىپ - ئىنتىزامغا سالىدىغان دىنىي ھۆكۈملەر بىلەن تولغان. مەدىنىدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاشلا، بۇ سۈرىدىمۇ شەرئىي ـ قانۇنىي نۇقتىلار سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ مۇبارەك سۈرە ئاياللار، ئۆي، ئائىلە، دۆلەت ۋە جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم قانۇنلار ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، «نىسا سۈرىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

بۇ مۇبارەك سۈرە ئايالارنىڭ، ئالدى بىلەن يېتىم قىز باللار، شۇنداقلا ۋەلىي ۋە ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ھىمايىلىرى ئاستىدا چوڭ بولغان باشقا يېتىم باللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىدۇ. مىراس، تاپاۋەت ۋە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش مەسىلىلىرىدە يېتىم قىز باللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئىزاھلايدۇ، ئۇلارنى جاھىلىيەت زۇلمى ۋە ئۇنىڭ خار قىلغۇچى زالىم ئەنئەنىلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ.

ئايالـلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە شەرىپىنى قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن تويلۇق، مىراس ۋە ياخشى مۇئامىلە قاتارلىق ھەقلىرىنى ئۇنىڭغا بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇ سۈرە يەنە مىراس ھۆكۈملىرىنى، شۇنداقلا ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى رىئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان شەكىلدە ناھايىتى تەپسىلى ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىدۇ. نەسەب، ئىمتىش ۋە ئۆيلىنىشنى مەنبە قىلغان ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆيلىنىش ھارام قىلىنغان ئايالـلار ھەققىدە توختىلىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرە يەنە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەقەت ماددىي ئالاقىدىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانىي بىر مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، تويلۇقنىڭمۇ ھەق ياكى بىر بەدەللا ئەمەس، مۇھىمى ئەر - ئايالـلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرىدىغان، سۆھبەتنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىدىغان ۋە قەلبلەرنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان بىر ئېھسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئارقىدىن بۇ سۈرە يەنە ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ۋە ئايالنىڭمۇ ئەر ئۈستىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىشمەسلىك ۋە تالاش - تارتىش ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، تۇرمۇشىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن، ئەر كىشىنىڭ ئىجرا قىلىشى كېرەك بولغان يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئەر كىشىنىڭ «ھامىي» بولۇشىنىڭ قانداق مەسئۇلىيەت ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. يەنى بۇنىڭ قول قىلىش ۋە ئىتائەتنى

ئاستىغا ئېلىش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى، بەلكى باشقۇرغۇچى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش نەسىھەت ۋە تەربىيە قىلىش شەكلىدىكى ھامىيلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئارقىدىن سۈرىنىڭ مەزمۇنى ئائىلە مۇھىتىدىن ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئۆتىدۇ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ھەربىر خۇسۇستا ياخشى بولۇشنى بۇيرۇيدۇ. ياخشىلىقنىڭ ئۆزئارا مەرھەمەت، ھەمكارلىق، ۋەز - نەسىھەت، ئەپۇچانلىق، ئامانەت ۋە ئادالەتكە ئەمەل قىلىشنى چىقىش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ئايەت كەرىملەر ئىچكى ئىسلاھاتلاردىن كېيىن، ئۈممەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرىسىنى ھىمايە قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىرتقى خاتىرجەملىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئارقىدىن بۇ سۈرە مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا بىتەرەپ ياكى دۈشمەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇل - ئاساسى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى، ناچارلىقنىڭ مىكروبى ھېسابلىنىدىغان مۇناپىقلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ئەمرى كېلىدۇ. بۇ مۇبارەك سۈرە مۇناپىقلارنىڭ قىلتاقلىرى ۋە خەتەرلىك تەرەپلىرى ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە بۇ سۈرە يەنە ئەھلى كىتابتىن، خۇسۇسەن يەھۇدىيلاردىن كېلىدىغان خەتەرلەر ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ

پەيغەمبەرلىرىگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئاخىرىدا، بۇ مۇبارەك سۈرە خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك ئازغۇنلۇقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولۇشلىرىغا قارىماي، چار مىخقا مىخلاشتى.[1] ئۇلار ئۈچ بىر گەۋدە ئەقىدىسىنى ئىختىرا قىلىپ، بۇتپەرەست مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتى. ئايەتلەر ئۇلارنى مەزكۇر ئازغۇنلۇقلىرىنى تاشلاپ، پاك ۋە ئۇلۇغ «تەۋھىد» ئەقىدىسىگە قايتىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا «ئاللاھنى ئۈچ دېمەڭلار. ئۆزۈڭلارغا ياخشى بولۇشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ۋاز كېچىڭلار. ئاللاھ ئۈچتۇر دېمەڭلار، (ئاللاھ ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىق، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر». دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** بۇ سۈرىدە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر كۆپلەپ ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرىگە «نىسا سۈرىسى» دەپ نام بېرىلگەن. باشقا سۈرىلەردە بولسا، ئاياللارغا دائىر بۇنچىلىك كۆپ ھۆكۈم ئۇچرىمايدۇ. بۇ سەۋەبلىك، قۇرئان كەرىمدىكى ئاجرىششقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە «تالاق سۈرىسى»،

[1] يەنى ئۇنىڭ چارمىخقا مىخلانغانلىقىنى دەۋا قىلىشتى. شائىر نېمىدېگەن گۈزەل ئېيتقان ـ ھە: ئىلاھ بىر يەھۇدىي قۇلنىڭ قولى بىلەن چارمىخقا مىخلانغان بولسا، ئۇ قانداق ئىلاھ؟!

«كىچىك نىسا سۈرىسى» دېيىلسە، بۇ سۈرە «چوڭ نىسا سۈرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ
وَٰحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا
وَنِسَآءً ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِى تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلْأَرْحَامَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا ﴿١﴾ وَءَاتُوا۟ ٱلْيَتَـٰمَىٰٓ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَتَبَدَّلُوا۟
ٱلْخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِ ۖ وَلَا تَأْكُلُوٓا۟ أَمْوَٰلَهُمْ إِلَىٰٓ أَمْوَٰلِكُمْ ۚ إِنَّهُۥ
كَانَ حُوبًا كَبِيرًا ﴿٢﴾ وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا۟ فِى ٱلْيَتَـٰمَىٰ
فَٱنكِحُوا۟ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثْنَىٰ وَثُلَـٰثَ وَرُبَـٰعَ ۖ
فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ فَوَٰحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُكُمْ ۚ
ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُوا۟ ﴿٣﴾ وَءَاتُوا۟ ٱلنِّسَآءَ صَدُقَـٰتِهِنَّ
نِحْلَةً ۚ فَإِن طِبْنَ لَكُمْ عَن شَىْءٍ مِّنْهُ نَفْسًا فَكُلُوهُ
هَنِيٓـًٔا مَّرِيٓـًٔا ﴿٤﴾ وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ
ٱللَّهُ لَكُمْ قِيَـٰمًا وَٱرْزُقُوهُمْ فِيهَا وَٱكْسُوهُمْ وَقُولُوا۟ لَهُمْ
قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٥﴾ وَٱبْتَلُوا۟ ٱلْيَتَـٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُوا۟ ٱلنِّكَاحَ
فَإِنْ ءَانَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَٱدْفَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا
تَأْكُلُوهَآ إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا۟ ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا
فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا
دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ فَأَشْهِدُوا۟ عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ

حَسِيبٗا ﴿٦﴾ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٞ مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ
وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٞ مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ مِمَّا قَلَّ
مِنۡهُ أَوۡ كَثُرَۚ نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا ﴿٧﴾ وَإِذَا حَضَرَ ٱلۡقِسۡمَةَ أُوْلُواْ
ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينُ فَٱرۡزُقُوهُم مِّنۡهُ وَقُولُواْ لَهُمۡ
قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ﴿٨﴾ وَلۡيَخۡشَ ٱلَّذِينَ لَوۡ تَرَكُواْ مِنۡ خَلۡفِهِمۡ
ذُرِّيَّةٗ ضِعَٰفًا خَافُواْ عَلَيۡهِمۡ فَلۡيَتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡيَقُولُواْ قَوۡلٗا
سَدِيدًا ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلۡيَتَٰمَىٰ ظُلۡمًا إِنَّمَا
يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ نَارٗاۖ وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرٗا ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئاللاھ تائالانىڭ «ئەگەر يېتىملەرگە ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار...» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى سورايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەي قىز قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۇ مېلىغا شېرىك بولغان ۋەلىينىڭ ھىمايىسىدىكى قىز بولۇپ، مېلى ۋە گۈزەللىكى ۋەلىينىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما تويلۇق مەسىلىسىدە ئۇنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا باشقىلار بېرىدىغان تويلۇقچىلىك تويلۇق بەرمەيدۇ. مانا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىدىغان ۋەلىيلەرنىڭ تويلۇقنى باشقىلار بېرىدىغان تويلۇقتىنمۇ كۆپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغۇچە، يېتىم قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەندى ۋە

كۆڭلىگە ياققان باشقا ئاياللارغا نىكاھلىنىشلىرى بۇيرۇلدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار رەسۇلۇللاھتىن پەتىۋا تەلەپ قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا تەلەپ قىلىشىدۇ...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.) 2. مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، غەتەفان قەبىلىسىدىن مەرسەد ئىبنى زەيد ئىسىملىك بىر ئادەم ئەر بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىنىڭ مېلىنى ھىمايە قىلىشقا مەسئۇل بولغان. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بىر كىچىك يېتىم بالا بولغاچقا، ئۇنىڭ مېلىنى يەۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «... يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغۇچىلار...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

**تەپسىرى:** ئاللاھ تائالا نىسا سۈرىسىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلغان ھالدا، ئۇلارنى شېرىكى يوق، يەككە - يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش بىلەن باشلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاللاھ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: 1. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»، ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاتاڭلار ئادەمدىن ئىبارەت بىر ئىنساندىن ياراتقان

ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ بۇ بىر ئىنساندىن ئايالى ھەۋۋانى ياراتتى. ئادەم بىلەن ھەۋۋادىنمۇ نۇرغۇن ئىنساننى يارىتىپ ھەر تەرەپكە تارقاتتى. نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بىر - بىرىڭلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، يەنى «خۇدا ھەققى، سەندىن شۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىمەن» ، «خۇدا ھەققى، قەسەم قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن» دېيىش ئارقىلىق بىر نەرسە تەلەپ قىلىدىغان ئاللاھتىن ۋە ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئەھۋالىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن، ئايەتنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا جەمئىي ئىككى قېتىم «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېيىش ئارقىلىق بۇيرۇقنى تەكىتلىگەن. يەنە ئوخشاش شەكىلدە، ئىنساني رىشتىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن تەقۋادارلىق بىلەن سىيلە - رەھىمنى بىر يەردە بايان قىلغان. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىنساندىن تۆرەلگەن بولۇپ، ئىنسانلىق ۋە نەسەب ئېتىبارى بىلەن قېرىنداشتۇر. ئىنسانلار بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە خاتىرجەم ۋە بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشىغان بولاتتى، قۇرۇق - ھۆل دېمەستىن ھەممە نەرسىنى يالماپ - يۇتىۋېتىدىغان، ياش - قېرى دېمەستىن ھەممە كىشىنى يوق قىلىۋېتىدىغان قۇرقۇنچلۇق ئۇرۇشلار دۇنيادا مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

ئارقىدىن ئاللاھ تائالا يېتىملەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىنىشى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ

ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىشىنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 2. «يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بېرىڭلار» ، يەنى كىچىك چاغلىرىدا ئاتىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىلار بالاغەت يېشىغا يەتكىنىدە، مال - مۈلكىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. «ياخشىسىنى يامانغا تېگىشىۋالماڭلار» ـ ناچار ماللىرىڭلارنى يېتىملەرنىڭ ياخشى ماللىرىغا ئالماشتۇرۇۋالماڭلار. «ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار» ، يەنى يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ، ئۆز مال ـ مۈلكۈڭلار بىلەن بىرلىكتە يەۋالماڭلار. شۈبھىسىزكى، «بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر». چۈنكى يېتىم ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىشقا، ھىمايە قىلىشقا موھتاجدۇر. ئاجىزغا زۇلۇم قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېغىر گۇناھتۇر. ئارقىدىن ئاللاھ تائالا يېتىم قىزنىڭ تويلۇقىنى تولۇق بەرمەي تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئۆيلەنمەسلىكنى تەلەپ قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 3. «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار» ، يەنى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەربىيەسىدە بىر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى خالىغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مېھر ھەققىنى بېرەلمەسلىكتىن قورقسا، ئۇنى قويۇپ، باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلەنسۇن. چۈنكى ئايال كىشى كۆپتۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا پەقەت مەزكۇر يېتىم بىلەن ئۆيلىنىشنىلا مۇباھ قىلغان ئەمەس.[1]

[1] تەبەرىي «يېتىملەر مەسىلىسىدە ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئاياللار بىلەن ئۆيلەنگىنىڭلاردا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىنمۇ قورقۇڭلار» دېگەن مەنىنى تاللىغان. بىز ئوتتۇرىغا قويغان مەنە ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە ماس بولۇپ، ئىبنى كەسىرمۇ مۇشۇ قاراشتا.

«ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ»، يەنى ئۇلاردىن باشقا ئاياللاردىن خالىغىنىنى بىلەن ئۆيلەنسۇن. خالىساڭلار ئىككى، خالىساڭلار ئۈچ، خالىساڭلار تۆت خوتۇن بىلەن ئۆيلىنىڭلار. «ئەگەر ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار»، يەنى ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھۆر ئاياللار ئىگە بولغان ھەق - ھوقۇقلارغا ئىگە ئەمەس. «بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر»، يەنى ناھەقچىلىق قىلماسلىق ۋە زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر. 4. «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مېھر ھەققىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار»، يەنى ھەدىيە سۈپىتىدە رازىلىق بىلەن ئاياللارغا تويلۇقلىرىنى بېرىڭلار. «ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە...»، يەنى ئەگەر ئۆزى خالاپ تويلۇقىنىڭ بىر قىسمىنى سىلەرگە ھەدىيە قىلسا، «ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىك يەڭلار» ـ ئۇ ھەدىيە قىلىنغان نەرسىنى ھالال ۋە پاك بىلىپ ئېلىپ، سىڭىشلىك قىلىپ يەڭلار. 5. «ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار»، ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدۇڭلار ۋە مەئىشەتىڭلار ئۈچۈن مەنبە قىلىپ بەرگەن ماللىرىڭلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمىسۇن ئۈچۈن ئەخمەق، ئەقىلسىز، ئىسراپخور يېتىملەرگە بەرمەڭلار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەخمەقلەر دېگەندىن مەقسەت، ئاياللار ۋە باللاردىن ئىبارەت.» تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەخمەقلەرگە مال ـ مۈلكنى بەرمە. ئەخمەق مەيلى كىچىك

ياكى چوڭ بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ياخشى ئىدارە قىلالماي مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىۋېتىدىغان كىشىلەردۇر»، «ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار»، ئۇ ماللاردىن ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرۇڭلار ۋە كىيىم - كېچەك كىيگۈزۈڭلار. «ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار»، يەنى ئۇلارغا «بالاغەتكە يەتكەن چېغىڭلاردا ماللىرىڭلارنى سىلەرگە بېرىمىز» دېگەنگە ئوخشاش گۈزەل سۆزلەرنى قىلىڭلار. 6. «يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار»، يەنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش مەزگىلىگە كەلگۈچە ئۇلارنى سىناڭلار. ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش مەزگىلى، ئىنسانلار نىكاھلانسا بولىدىغان ياشقا كەلگەن ۋە ئىھتىلام بولىدىغان مەزگىلىدۇر. «ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار»، يەنى ئەگەر ئۇلاردا دىنىي ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش، ماللىرىنى سەرپ قىلىش مەسىلىسىدە يېتىلىش بايقىساڭلار، مال - مۈلكىنى كېچىكتۈرمەستىن ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار. «ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ يەۋالماڭلار»، يەنى، «يېتىملەر چوڭ بولۇپ، ماللىرىنى بىزدىن ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىلگىرى خالىغىنىمىزچە ئىشلىتەيلى» دەپ، ئۇلارنى ھاپىلا - شاپىلا يەپ تۈگىتىۋەتمەڭلار. «كىمكى باي ئىكەن، يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن»، يەنى ئەي تەربىيەسىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار! بايلىرىڭلار يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن يىراق تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالمىسۇن. «(سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن»، يەنى

كەمبەغەللەر زۆرۈر ئېھتىياجى ۋە ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە مۇناسىپ ھەق ئېلىپ، يېسۇن. «ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار» ، يەنى يېتىملەر بالاغەت يېشىغا كېلىپ، مال - مۈلكىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا، كېيىنچە تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلماسلىقلىرى ئۈچۈن بىرلىرىنى گۇۋاھچى قىلىڭلار. «ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» ، يەنى ھېساب ئېلىش ۋە كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كۇپايىدۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ مىراسلىرىدا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: 7. «ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە)[1] ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار» ، يەنى مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكتە ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بولغىنىدەك، قىزلار ۋە ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. «مەيلى ئۇ (تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن» ، يەنى ئالىدىغان ئۈلۈشىنىڭ مىقدارى پەرقلىق بولسىمۇ، مىراسخور بولۇش جەھەتتە ھەممىسى باراۋەردۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، بەزى ئەرەبلەر ئايال كىشى ۋە بالىلارنى مىراسخور، دەپ ھېسابلىمايتتى ۋە «مىراسقا پەقەت ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغانلار ۋارىس بولالايدۇ» دەيتتى.

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بەزى ئەرەبلەر ئاياللاغا ۋە كىچىك بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بۇ ئادىتى مۇشۇ ئايەت نازىل بولۇش بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئاللاھ تائالا بۇ جاھىلىيەت ھۆكمىنى بىكار قىلدى. مىراس مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن مۇئەييەن مىقداردا ئايرىلىدۇ. «بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ» ، يەنى بۇ ھەسسىنى ئاللاھ تائالا ئادىل شەرىئىتى ۋە روشەن كىتابى ئارقىلىق پەرز قىلدى. 8. «تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار ، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا ، ئۇلارغا بۇنىڭدىن بېرىڭلار» ، يەنى مىراس تەقسىم قىلىنغاندا ، مېيىتنىڭ مىراسخورى ئەمەس كەمبەغەل تۇغقانلىرى، يېتىم ۋە يوقسۇللار بار بولسا ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ، مىراس مالدىن ئۇلارغىمۇ ئازراق بېرىڭلار. «ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار» ، يەنى ئۇلارغا <ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، بۇ بالا - چاقىلارنىڭ مېلى، مالنىڭ ئىگىسى بىز ئەمەس> دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزرە ئېيتىڭلار. 9. «(كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن» ، يەنى ئارقىسىدا ئاجىز بالىلارنى قالدۇرۇپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىدىغانلار، ناھەقچىلىق قىلىشتىن قورقسۇن. ئەي يېتىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى! ئارقاڭدا قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئاجىز بالىلىرىڭنى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگىن - دە، ۋاپاتىڭدىن كېيىن بالىلىرىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىساڭ، سېنىڭ ھامىيلىقىڭدىكى يېتىملەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن. «(يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن» ـ يېتىملەرنىڭ ئىشلىرى مەسىلىسىدە ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىگە

ئوخشاشلا مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلسۇن. بۇ ئايەت يېتىملەرگە ھامىيلىق قىلغۇچىلار ھەققىدە نازىل بولغان. 10. «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى قورسىقىغا ئوت يەۋالغان بولىدۇ»، يەنى يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغانلار، شۈبھىسىزكى قىيامەت كۈنى قورساقلىرىنى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت بىلەن تولدۇرغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوتتىن باشقا بىر نەرسە يېمەيدۇ. «ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (دوزاخقا) كىرىدۇ»، يەنى ئۇلار قورقۇنچلۇق شەكىلدە يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئوتقا ـ جەھەننەمگە كىرىدۇ.

**ئىلاۋە:** بىرىنچى، سۈرىنى ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا ئىنساندىن يارىتىلغانلىقىنى خاتىرلىتىش بىلەن باشلاش، ناھايىتى ياخشى مۇقەددىمە ۋە ئەڭ نەپىس باشلىنىش بولغان. شۇنىڭدەك سۈرىدە ئۇچرايدىغان ئۆيلىنىش ۋە مىراسقا دائىر ھۆكۈملەر، ئەر ـ خوتۇنلۇق، ئۆيلىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۇغقاندارچىلىق، سۈت ئېمىتىش ۋە باشقا شەرئىي ھۆكۈملەر ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىش بولغان. ئىككىنچى، «ئى ئىنسانلار!» دېگەن شەكىلدە خىتاب قىلىنغىنىدا، بۇ خىتاب پەقەت كاپىرلار ياكى باشقىلىرى بولسۇن، كۆپ سانلىقنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئارقىدىن ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە پەرۋەردىگارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» ۋە «ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» دېگەن ئايەتلەردىكى ئەھۋال ئوخشاشتۇر. «ئى ئىنسانلار!» دېگەن ئىبارە بىلەن پەقەت مۆمىنلەرگىلا خىتاب

قىلىنغىنىدا، بۇ يەردىكىگە ئوخشاش، ئارقىسىدىن نىمەتلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھەييان يۇقىرىقىدەك ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇچىنچى، يېيىلگەن تاماقلار قورساققا بارىدىغان تۇرۇقلۇق، «تائام» بىلەن بىرلىكتە «قورساق»نىڭمۇ بايان قىلىنىشى تەكىتلەش ۋە مۇبالىغە قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ «كۆزۈم بىلەن كۆردۈم»، «قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «بۇلار سىلەرنىڭ ئېغىزلىرىڭلار بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىڭلاردۇر» دېگەن ئايەتى كەرىمگە ئوخشايدۇ. تۆتىنچى، ئاللاھ تائالا «يېتىملەرنىڭ ماللىرى»نى «ھامىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ماللىرى» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسانىيەتنىڭ بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەش، ماللىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنى زايا قىلىۋەتمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئەقلىي جەھەتتىن يېتىشمىگەن كىشىنىڭ مال - مۈلكىنى قالايمىغان سەرپ قىلىشى، پۈتۈن جەمئىيەتكە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش توغرىسىدا بىر قانچە ئېغىز سۆز: بىردىن كۆپ ئايال بىلەن ئۆيلىنىش، ھايات شەرتلىرى تەقەززا قىلغان بىر زۆرۈرىيەتتۇر. بۇ، ھەرگىزمۇ ئىسلام ئېلىپ كەلگەن يېڭى بىر مەسىلە ئەمەس. ئىسلام كەلگەندە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتىنى چەكلىمىسىز، شەرتسىز ۋە ئىنسان خۇسۇسىيەتلىرىگە خىلاپ شەكىلدە ئۇچراتتى. شۇڭا ئىسلام ئۇنى تەرتىپكە سالدى، چەكلىمە قويدى ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بىر قىسىم قىيىن ئەھۋاللار ئۈچۈن بىر داۋا ۋە دورا ھالىتىگە كەلتۈردى. دەرۋەقە، كۆپ

خوتۇنلۇق بولۇشنى قانۇنلۇق ھېسابلاش ئىسلام پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى ئىسلام بۈگۈن ئىنسانلار دۇچ كېلىپ، چارە تاپالمىغان ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولغان. جەمئىيەت تەگسىز تۈرۈشى كېرەك بولغان بىر تارازىغا ئوخشايدۇ. ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ ساندىن بىر قانچە ھەسسە كۆپىيىپ كېتىپ، تەگسىزلىك بۇزۇلۇپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ ئاياللنى ئۆيلىنىش ۋە ئانا بولۇش نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى يامان ۋە پەسكەش يوللارغا كىرىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان بىر شارائىتنىڭ قوينىغا تاشلاپ قويامدۇق؟ ياكى بۇ مەسىلىنى ئايال كىشىنىڭ شەرىپى، ئائىلىنىڭ پاكلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى ھىمايە قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ئېسىل يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىمىزمۇ؟

بۇنىڭ ئەڭ يېقىن مىسالى: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئەھۋالدۇر. چۈنكى ئۇ چاغدا ئاياللار ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىپ، ئەرلەرنىڭ سانىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە يەتكەن. بۇ بىر ئىجتىمائىي مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلىشىدۇر. قانۇن چىقارغۇچىلار بۇنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟ خىرىستىيانلار بۇ مەسىلە ئالدىدا ھېچقانداق ئىش قىلالماي، ھېچقانداق قاراش ئوتتۇرىغا قويالماي گاڭگىراپ تۇرغان پەيتتە، ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان ناھايىتى ئېسىل بىر قانۇن بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغان. ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشلىرىغا ئۇلارنىڭ دىنلىرى يول قويمايدۇ. ئەمما ئۇ قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق يۈزلىگەن ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى

ئۆزى ئۇچۇن مۇباھ ھېسابلايدۇ. ياۋروپالىق بىر ئاتا قىزىنى ئاشنىسى بىلەن بىرلىكتە كۆرگىنىدە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ راھەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بارلىق شارائىتلارنى تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئومۇملاشقان بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، دۆلەتلەر ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يولسىز مۇناسىۋەتلەرنىڭ يوللۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشتى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن يىمىرىلىش ئىشىكىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىش پرىنسىپىنى يوللۇق نىكاھ بىلەن ئەمەس، دوستلۇق پەردىسى ئاستىدا قوبۇل قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت ھەقىقىي ئۆيلىنىش شەكلىدە بولسىمۇ، نىكاھسىز ۋە غەيرى رەسمىيدۇر. ئەر كىشى خالىغىنىدا، ئايالنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق قانۇنىي مەسئۇلىيەت ھېس قىلماستىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئائىلە ۋە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتى بولماستىن، پەقەت بەدەنلەر مۇناسىۋىتىدۇر. ھالال يول بىلەن بىردىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىشنى چەكلەپ قويۇپ، ھارام يوللار بىلەن مۇباھ قىلىش ئارقىلىق، ئايال كىشىنى ئىنسانلىق مەرتىۋىسىدىن ھايۋانلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانلارغا ھەيرانمەن.

ئى پەرۋەردىگارىم! توغرا يول سەن كۆرسەتكەن يولدۇر. سېنىڭ ئايەتلىرىڭ ھەقتۇر. سەن ئۇلار ئارقىلىق خالىغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيسەن.

يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِيٓ أَوۡلَٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ

فَإِن كُنَّ نِسَآءٗ فَوۡقَ ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَۖ وَإِن
كَانَتۡ وَٰحِدَةٗ فَلَهَا ٱلنِّصۡفُۚ وَلِأَبَوَيۡهِ لِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا
ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ وَلَدٞۚ فَإِن لَّمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٞ
وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخۡوَةٞ فَلِأُمِّهِ
ٱلسُّدُسُۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصِي بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍۗ ءَابَآؤُكُمۡ
وَأَبۡنَآؤُكُمۡ لَا تَدۡرُونَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ لَكُمۡ نَفۡعٗاۚ فَرِيضَةٗ
مِّنَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمٗا ١١ وَلَكُمۡ نِصۡفُ مَا
تَرَكَ أَزۡوَٰجُكُمۡ إِن لَّمۡ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٞۚ فَإِن كَانَ لَهُنَّ وَلَدٞ
فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكۡنَۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصِينَ بِهَآ أَوۡ
دَيۡنٖۚ وَلَهُنَّ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكۡتُمۡ إِن لَّمۡ يَكُن لَّكُمۡ وَلَدٞۚ
فَإِن كَانَ لَكُمۡ وَلَدٞ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا تَرَكۡتُمۚ مِّنۢ بَعۡدِ
وَصِيَّةٖ تُوصُونَ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٖۗ وَإِن كَانَ رَجُلٞ يُورَثُ كَلَٰلَةً
أَوِ ٱمۡرَأَةٞ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوۡ أُخۡتٞ فَلِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُۚ
فَإِن كَانُوٓاْ أَكۡثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمۡ شُرَكَآءُ فِي ٱلثُّلُثِۚ مِنۢ
بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصَىٰ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍ غَيۡرَ مُضَآرّٖۚ وَصِيَّةٗ مِّنَ
ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٞ ١٢ تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١٣ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدۡخِلۡهُ نَارًا خَٰلِدٗا فِيهَا وَلَهُۥ
عَذَابٞ مُّهِينٞ ١٤

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يېتىملەرنىڭ ھىمايە قىلىنىشىنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، قىسقىچە قىلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئىلگىرى قىسقىچىلا بايان قىلىنغان مىراس ھۆكۈملىرىنى ئەتراپلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئايەتلەردە ئەر كىشى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئەر - ئاياللارنىڭ، ئوغۇل ۋە قىز بىر تۇغقانلارنىڭ ھەسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ ئايالى ئىككى قىزىنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇلار سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ قىزلىرى. بۇلارنىڭ ئاتىسى سەئد سەن بىلەن بىرلىكتە ئوھۇدقا ئۇرۇشقا بارغاندا شەھىد بولۇپ كەتتى. قىزلىرىمنىڭ تاغىسى ماللىرىنى ئالدى ۋە ئۇلارغا بىر نەرسە قالدۇرۇپ قويمىدى. ئەمما بۇلار پەقەت مال ـ مۈلكى سايىسىدا ئاندىن ئۆيلىنەلەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بۇ ھەقتە ھۆكمىنى نازىل قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىلەن مىراس ئايىتى، يەنى «ئاللاھ بالىلىرىڭلار ھەققىدە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى،...» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزلارنىڭ تاغىسىغا خەۋەر يوللاپ: «سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا ئۈچتىن ئىككىسىنى، ئانىسىغا سەككىزنىڭ بىرىنى بەر، قالغىنى سېنىڭكىدۇر» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

**تەپسىرى:** 11. «ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى،»، يەنى ئاللاھ تائالا

باللىرىڭلارنىڭ مىراسلىرىنى تەڭشەشتە سىلەرنىڭ ئادىل بولۇشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ، «بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ»، يەنى ئوغۇل پەرزەنتكە ئىككى قىز پەرزەنتنىڭ ھەسسىسىچىلىك مىراس بېرىشىڭلارنى بۇيرۇيدۇ. «ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا»، يەنى مىراسخورلار پەقەت ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىز بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى بۇلارنىڭدۇر. مىراسخور پەقەت بىرلا قىز بولسا، مىراس مالنىڭ يېرىمى ئۇنىڭدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى پەرزەنتلەرنىڭ مىراسلىرىنى بايان قىلىش بىلەن باشلاپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مىراسىنى ئارقىدىن بايان قىلدى. چۈنكى مىراسخورلۇقتا «ۋارىيانت» «ئەسلى» مەسىلىدىن، يەنى پەرزەنت ئاتا ـ ئانىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. «ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ»، يەنى مېيىتنىڭ ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنتى بولسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر بىرى قالغان مالنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. ئايەتتە بايان قىلىنغان «پەرزەنت» ئىبارىسى ھەم ئوغۇل ھەم قىز پەرزەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى يوق بولۇپ قالسا، مىراسخورلار پەقەتلا ئاتا ـ ئانا ياكى ئاتا - ئانا بىلەن بىرلىكتە ئاياللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئومۇمىي مالنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى ھايات قالغان ئايالى ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مالنىڭ ئۈچتىن بىرى ئانىسىنىڭ، ئېشىپ قالغىنى ئاتىسىنىڭ بولىدۇ.

«ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ»، يەنى مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بىر تۇغقىنى بولۇپ قالسا، ئانىنىڭ ھەسسىسى پەقەت ئالتىدىن بىردۇر، ئېشىپ قالغىنى ئاتىنىڭدۇر. بۇ يەردىكى ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، باللارنىڭ نەپىقىلىرىنى بېرىش، ئانىنىڭ ئەمەس، ئاتىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شۇڭا ئاتا بولغۇچىنىڭ مالغا تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياجى بولىدۇ. «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ»، يەنى، مىراسخورلارنىڭ ھەققى مېيىتنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ بولغاندىن ۋە قەرزلەرنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ. مىراس بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ. «ئاتا - ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن (بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر»، يەنى مىراسلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئاللاھ تائالا بىۋاسىتە ئۆزى ئۈستىگە ئالدى ۋە ھېكمىتىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەسسىلەرنى بەلگىلەپ بەردى. ئەڭ پايدىلىق ۋە ئۇنۇملۇك شەكىلدە تەقسىم قىلدى. ئەگەر ئىش ئىنسانلارغا قويۇپ بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۆزلىرى ئۇچۇن قايسىسىنىڭ بەكرەك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن، ھېكمەتسىز ۋە ئورۇنسىز شەكىلدە مال - مۈلۈكنى تەقسىم قىلغان بولاتتى. مانا مۇشۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھ تائالا «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەيدۇ. يەنى، ئىنسانلار ئۇچۇن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى بىلىدۇ، بەلگىلىگەن ۋە يوللۇق قىلغان

ئىشلاردا ھېكمىتى باردۇر. بۇلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئەر بىلەن ئايالنىڭ مىراسلىرىنى بايان قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 12. «(ئى ئەرلەر!) ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى سىلەرگە تېگىدۇ.»، يەنى ئى ئەرلەر! ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەردىن ياكى باشقا بىرىدىن بالىلىرى بولمىسا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكنىڭ يېرىمى سىلەرگە تېگىدۇ. «ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ»، يەنى ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئوغۇل پەرزەنتنىڭ بالىسى پىكىر بىرلىكى بىلەن ئۆز بالىسىغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنغان. «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ»، يەنى مېيىتنىڭ قىلغان ۋەسىيىتى ئادا قىلىنىپ، قەرزلىرى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. «ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى ئاياللىرىڭلارغا تېگىدۇ»، يەنى ئەگەر نىكاھىڭلاردىكى ئاياللىرىڭلار ياكى باشقىلىرىدىن بولغان بالىلىرىڭلار بولمىسا، ئاياللىرىڭلار بىر ياكى بىردىن كۆپ بولسىمۇ سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. «ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ»، يەنى نىكاھىڭلاردىكى ئاياللىرىڭلار ياكى باشقىلىرىدىن پەرزەنتىڭلار بولسا، سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرى ئاياللىرىڭلارنىڭدۇر. «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى

ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ» ـ يۇقىرىقى تەقسىمات سىلەرنىڭ ۋەسىيىتىڭلارنى ئورۇنداپ ۋە قەرزلىرىڭلارنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە ۋەسىيەتنىڭ تەكرار - تەكرار زىكىر قىلىنىشى، بۇلارغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا - ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ» ، يەنى مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا - ئانىسىز ۋە بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولسا، ئاتا - ئانىسى ۋە پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يىراق تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا مىراسخور بولسا ۋە ئۇنىڭمۇ بىر ئەر ياكى بىر قىز قېرىندىشى بولسا، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە، يەنى ئانا بىر ئەر قېرىندىشىغا ۋە ئانا بىر قىز ھەمشىرىسىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئانا بىر ئەر ياكى قىز بىر تۇغقانلار بىردىن كۆپ بولسا، بۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى باراۋەر بۆلۈشىدۇ، بۇ مىراستا ئەرلەر بىلەن ئاياللار باراۋەردۇر. ئەبۇ ھەييان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قېرىنداشلارنىڭ ئانا بىر ئەر بىر تۇغقانلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئورتاق پىكىرگە ئىگە» ، «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك.» ، يەنى

بۇ تەقسىمات ۋارىسلارغا زىيان سېلىش مەقسىتىدە ئەمەس، ياخشىلىق ئۈچىدە ئېلىپ بېرىلغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈچتە بىرنى ۋەسىيەت قىلىش چېگرىلىرى دائىرىسىدە قىلىنغان ۋەسىيەتنىڭ ئورۇندىلىشى ۋە قەرزنىڭ تۆلىنىشىدىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ۋەسىيەت ئۈچۈن مالىنىڭ ئۈچتىن بىرى كۇپايە. ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپتۇر» دېگەن. «ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر»، يەنى، بۇلار سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان بىر ۋەسىيەتتۇر. «ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر»، يەنى ئاللاھ ئالىمدۇر، ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. 13. «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر»، يەنى بايان قىلىنغان بۇ ھۆكۈملەر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن دائىرىسىنى سىزىپ بەرگەن قانۇنلىرىدۇر. ئاللاھ بۇلارنى بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ۋە چېگرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەندۇر. «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ»، يەنى كىمكى ھۆكۈم قىلىنغان ۋە بايان قىلىنغان مەسىلىلەردە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ ئۇنى بىنالارنىڭ ۋە دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان «نەئىم» جەننەتلىرىگە كىرگۈزىدۇ. «ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر»، يەنى بۈيۈك نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. 14. «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن»، كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق

قىلىپ، ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن چەكلىمىلەرنىڭ سىرتىغا چىقىش بىلەن ئىتائەتسىزلىك قىلسا، «ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئاللاھ ئۇنى مەڭگۈلۈك دوزاخ ئوتىغا تاشلايدۇ، ئۇ ئۇيەردىن قەتئىي چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن، خورلىغۇچى، تۆۋەن كۆرگۈچى ۋە ئىبرەت بەرگۈچى ناھايىتى قاتتىق ئازاب باردۇر.

**ئىلاۋە:** بىر قىسىم ئالىملار «ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى» دېگەن ئايىتىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىڭ بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەكرەك مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكى ھۆكمىنى چىقارغان. چۈنكى ئاللاھ ئاتا - ئانىغا بالىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشلىرىنى بۇيرۇدى. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ مەنىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرىگە بالىسىغا مېھرىبان ئانىدىنمۇ بەكرەك مەرھەمەتلىكتۇر».

**ئەسكەرتىش:** مىراستا ئەر كىشىگە ئايال كىشىگە بېرىلگەن مىراسنىڭ ئىككى ھەسسىسىنىڭ بېرىلىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، ئەر كىشى ئائىلىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش، سودا - تىجارەت قىلىش ۋە تاپاۋەت قىلىش جەھەتلەردە مۇشەققەتلەرنى تارتىشقا مەجبۇر ۋە بۇ ساھەدە ئېھتىياج ساھىبىدۇر. ئۇنىڭ بېرىدىغان نەپىقىلىرى كۆپ، ئادا قىلىدىغان ۋەزىپىلىرى ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مال - مۈلۈككە تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياجى بار.

وَٱلَّـٰتِي يَأۡتِـينَ ٱلۡفَٰحِشَـةَ مِـن نِّسَـآئِكُمۡ فَٱسۡتَشۡـهِدُواْ عَلَيۡهِنَّ
أَرۡبَعَـةٗ مِّنكُـمۡۖ فَـإِن شَـهِدُواْ فَأَمۡسِـكُوهُنَّ فِي ٱلۡبُيُـوتِ

حَتَّىٰ يَتَوَفَّىٰهُنَّ ٱلۡمَوۡتُ أَوۡ يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلٗا ﴿١٥﴾ وَٱلَّذَانِ
يَأۡتِيَٰنِهَا مِنكُمۡ فَـَٔاذُوهُمَاۖ فَإِن تَابَا وَأَصۡلَحَا فَأَعۡرِضُواْ
عَنۡهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ تَوَّابٗا رَّحِيمًا ﴿١٦﴾ إِنَّمَا ٱلتَّوۡبَةُ عَلَى ٱللَّهِ
لِلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٖ
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١٧﴾
وَلَيۡسَتِ ٱلتَّوۡبَةُ لِلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ
أَحَدَهُمُ ٱلۡمَوۡتُ قَالَ إِنِّي تُبۡتُ ٱلۡـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمۡ
كُفَّارٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعۡتَدۡنَا لَهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ لَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَرِثُواْ ٱلنِّسَآءَ كَرۡهٗاۖ وَلَا تَعۡضُلُوهُنَّ
لِتَذۡهَبُواْ بِبَعۡضِ مَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ
مُّبَيِّنَةٖۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ فَإِن كَرِهۡتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰٓ
أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا وَيَجۡعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيۡرٗا كَثِيرٗا ﴿١٩﴾
وَإِنۡ أَرَدتُّمُ ٱسۡتِبۡدَالَ زَوۡجٖ مَّكَانَ زَوۡجٖ وَءَاتَيۡتُمۡ إِحۡدَىٰهُنَّ
قِنطَارٗا فَلَا تَأۡخُذُواْ مِنۡهُ شَيۡـًٔاۚ أَتَأۡخُذُونَهُۥ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا
مُّبِينٗا ﴿٢٠﴾ وَكَيۡفَ تَأۡخُذُونَهُۥ وَقَدۡ أَفۡضَىٰ بَعۡضُكُمۡ إِلَىٰ
بَعۡضٖ وَأَخَذۡنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ﴿٢١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە نىكاھ ۋە مىراس مەسىلىسىدە ئەر ۋە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ھارام قىلىنغان بىر ئىشنى قىلىپ سالغان ئاياللارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، تويلۇقلىرىنى

يەۋالماسلىق ۋە ئىنساننىڭ شەرىپىگە مۇناسىپ بولمىغان شەكىلدە مۇئامىلە قىلماسلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئارقىسىدا قالغان ئايالىدىن ئەمەس، بەلكى ئايالىدىن بولغان ئوغلى ياكى تەربىيەسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى كېلىپ، ئايالنىڭ ئۈستىگە بىر كىيىم ئارتاتتى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىس بولۇش بىلەن بىرگە، ئايالىغا ۋارىس بولاتتى. خالىسا، بۇرۇنقى مېھرى ھەققىنى بېرىپ ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلىنەتتى، خالىسا مېھرى ھەققىنى ئېلىپ، ئۇ ئايالنى باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەندۈرەتتى. ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلىش ئارقىلىق، مەزكۇر جاھىلىيەت ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

**تەپسىرى:** 15. «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار»، يەنى زىنا قىلغان ئاياللىرىڭلارنىڭ زىنا قىلغانلىقلىرىغا دائىر ھۆر تۆت ئەر مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى تەلەپ قىلىڭلار. «ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە، تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار»، يەنى جىنايەتلىرى گۇۋاھچىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، ئۇلارنى تاكى ئۆلگۈچە ئۆيدە تۇتۇڭلار ياكى ئاللاھ نازىل قىلىدىغان ھۆكۈم ئارقىلىق ئۇلار ئۈچۈن بىر قۇتۇلۇش

يولى كۆرسەتكىچە، ئۇلارنى ئۆيلەردە تۇتۇپ تۇرۇڭلار. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بۇ مەسىلىدىكى ھۆكۈم مۇنداق ئىدى: ئايال كىشىنىڭ زىنا قىلغانلىقى كۈچلۈك پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۆيگە نەزەربەنت قىلىناتتى، ئۆلگىچە ئۇ يەردىن چىقمايتتى. نىھايەت ئاللاھ تائالا نۇر سۈرىسىنى نازىل قىلىش ئارقىلىق قامچىلاش ۋە رەجىم قىلىش ھۆكمىنى كەلتۈرۈپ، يۇقىرىقى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان». 16. «ئاراڭلاردا ئىككى كىشى پاھىشە قىلسا، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار»، يەنى ئاراڭلاردىكى زىنا قىلغان ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئەيىبلەش، تەنقىدلەش ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق جازالاڭلار. «ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار»، يەنى بۇ يامان ئىشلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتسە، ئۇلارغا ئازار بېرىشتىن ۋاز كېچىڭلار. «ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر»، يەنى ئاللاھ تەۋبىنى قوبۇل قىلىش ۋە مېھرىبانلىقتا ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. فەخرۇررازى مۇنداق دەيدۇ: «ئايال كىشىنى ئۆيگە سولاپ قويۇش ۋە ئەر كىشىنى ھەر خىل شەكىلدە جازالاشنىڭ سەۋەبى، ئايال كىشى ئۆيدىن چىققاندا ۋە ھىجابسىز ھالدا خەلق ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، زىنا قىلىش خاتالىقىنى سادىر قىلىدۇ. ئۆيگە سولاپ قويۇلغىنىدا، بۇ خىل جىنايەت ئىشلەش ۋاستىسى ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. ئەرلەرگە كەلسەك، ئۇنى ئۆيگە قاماپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا مەجبۇردۇر. شۈبھىسىزكى بۇلارنىڭ جازالىرىمۇ پەرقلىق ئىدى». 17. «ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سالغان»، يەنى ئاللاھ «قوبۇل

قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان تەۋبە، نادانلىقتىن بىر گۇناھنى قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ ناچار ئىش ئىكەنلىكى ۋە نەتىجىسىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر. يەنى ئارقىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىدۇر. «ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، بەلگىلىگەن قانۇنلىرىدا ھېكمەت باردۇر.

18. «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ»، يەنى ئىزچىل شەكىلدە گۇناھ سادىر قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگىنىدە «مەن ئەمدى تەۋبە قىلدىم» دېگەن كىشىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچىلارنىڭ تەۋبىسى بولۇپ، قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1] ھەدىستە «سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، ئاللاھ قۇلىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ»، «كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن. كاپىر ھالىتىدە ئۆلگۈچىلەرنىڭمۇ جان تالىشىۋاتقان پەيتتە ئېيتقان ئىمانلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. «ئەنە

[1] شەھىد سەييىد قۇتۇب «قۇرئاننىڭ سايىسىدا» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گۇمراھلىقلارغا پېتىپ كەتكەن ۋە گۇناھلار ئۇنى ئورىۋېلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىنىڭ تەۋبىسىدۇر. بۇ، قايتا گۇناھ سادىر قىلىشقا ماجالى قالمىغان، يەنە بىر قېتىم خاتالىق سادىر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق بىر كىشىنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئاللاھ مۇنداق ھالەتتىكى تەۋبىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ تەۋبىنىڭ نە قەلب، نە ھاياتنى ئىسلاھ قىلىشقا پايدىسى يوقتۇر. بۇ خىل تەۋبە ئىنساننىڭ خۇي ـ پەيلى ياكى يۆنىلىشلىرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ.»

شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق» ، يەنى ئۇلارغا قاتتىق قىيىنغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق. 19. «ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئېلىش سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاياللارنى مىراس شەكلىدە بىر كىشىدىن ئىككىنچى بىر كىشىگە قالدىرغان مال - مۈلۈككە ئايلاندۇرۇۋېلىشىڭلار ۋە ئەرلىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلارنى بىر مىراس سۈپىتىدە مەجبۇرىي ئېلىشىڭلار سىلەرگە ھالال ئەمەس. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسىغا مىيىتنىڭ ئايالىنى ئېلىش ھوقۇقى يارىتىپ بېرىلەتتى. خالىسا ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنەتتى، خالىسا ئايالنى باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەندۈرەتتى. خالىسا ئايالنىڭ ئۆيلىنىشىگە توسالغۇ بولىشاتتى» ، «سىلەر ئۇلارغا بەرگەن تويلۇقتىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىڭلار ياكى تويلۇق سۈپىتىدە بەرگەن نەرسىلىرىڭلارنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشىڭلارغىمۇ بولمايدۇ. «ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە» ، يەنى ئۇلار ئاشكارا بىر پاھىشە ئىشنى سادىر قىلغان يەنى زىنا قىلغان تەقدىردە ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆيگە سولاپ قويساڭلار بولىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئوپئوچۇق پاھىشە دېگەندىن مەقسەت ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ئاسىيلىق قىلىشى ۋە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىشىدۇر» ، «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» ، يەنى ئۇلار بىلەن ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە چىرايلىق گەپ، گۈزەل مۇئامىلە قىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار. «ئەگەر ئۇلارنى

ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن»، يەنى ئۇلار بىلەن بىرگە ياشاشنى خالىمىساڭلارمۇ، ئۇلارغا يەنىلا سەۋر بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار ۋە ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلاردىن سىلەرنى خۇشال قىلىدىغان بىر سالىھ ئەۋلاد ئاتا قىلىشى مۇمكىن. بەلكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا كۆپلىگەن ياخشىلىقلار باردۇر. بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھېچبىر مۆمىن ئەر مۆمىن ئايالدىن نەپرەتلەنمىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭدا ياخشى كۆرمەيدىغان بىر خۇي بولسا، ياخشى كۆرۈلىدىغان بىر ئەخلاقىمۇ باردۇر».

ئارقىدىن ئاللاھ تائالا، ئايالنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، تويلۇقتىن ھەر قانداق بىر نەرسە قايتۇرۇۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 20. «ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! تالاق قىلىۋەتكەن بىر ئايالنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولغىنىڭلاردا، «ئۇلارنىڭ بىرىگە (تويلۇق قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار»، يەنى ئۇلارنىڭ بىرىگە ناھايىتى كۆپ مىقداردا تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. «ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟» بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار خاراكتېرلىك سوئال بولۇپ، «قايتۇرۇۋالماڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. 21. «ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار»، يەنى، ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلاردىن

پايدىلانغان تۇرساڭلار، بۇ تويلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشىڭلار قانداقمۇ مۇباھ بولسۇن؟! «ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەھدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟»، يەنى ئۇلار سىلەردىن ساغلام ۋە مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان، يەنى نىكاھلانغان تۇرساڭلار. مۇجاھىد: «ساغلام ۋە مۇستەھكەم ئەھدە ئېلىش دېگەندىن مەقسەت، نىكاھ ئەھدىدۇر» دەيدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاياللار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئالدىڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئار - نومۇسى سىلەرگە ھالال قىلىندى.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

**ئىلاۋە:** «ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە يېكسەك ئەخلاقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، «جىنسىي مۇناسىۋەت» سۆزىنىڭ ئورنىغا كىنايە قىلغان ھالدا «خىلۋەت» سۆزىنى ئىشلەتكەن. ئىبنى ئاbbاس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى <خىلۋەت> ئىبارىسى <جىنسىي مۇناسىۋەت> مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا كەرەملىكتۇر، كىنايە قىلىدۇ».

**ئەسكەرتىش:** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! ئاياللارغا مەھىر بېرىشتە مۇبالىغە قىلماڭلار. چۈنكى كۆپ مەھىر بېرىش، دۇنيادا شەرەپلىك بىر ئىش ياكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىر تەقۋالىقا ۋەسىلە بولسا ئىدى، بۇنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەردىنمۇ بەكرەك لايىق كۆرگەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نە ئاياللىرى، نە قىزلىرىنىڭ بىرىگە ئون ئىككى ئۇقەدىن

ئارتۇق مەھىر بەلگىلىمىدى». بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئى ئۆمەر! ئاللاھ بىزگە بەرگەن نەرسىدىن سەن بىزنى مەھرۇم قىلماقچىمۇ؟ چۈنكى ئاللاھ: «ئۇلارنىڭ بىرىگە (مېھىر ھەققى ئۈچۈن) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار» دېگەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ئايال توغرا ئېيتتى، ئۆمەر خاتا قىلدى» دېدى.

وَلَا تَنكِحُواْ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدۡ
سَلَفَۚ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَمَقۡتٗا وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٢٢﴾ حُرِّمَتۡ
عَلَيۡكُمۡ أُمَّهَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُمۡ وَعَمَّٰتُكُمۡ
وَخَٰلَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُ ٱلۡأَخِ وَبَنَاتُ ٱلۡأُخۡتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ
أَرۡضَعۡنَكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُم مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمۡ
وَرَبَٰٓئِبُكُمُ ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم مِّن نِّسَآئِكُمُ ٱلَّٰتِي دَخَلۡتُم
بِهِنَّ فَإِن لَّمۡ تَكُونُواْ دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ
وَحَلَٰٓئِلُ أَبۡنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنۡ أَصۡلَٰبِكُمۡ وَأَن تَجۡمَعُواْ بَيۡنَ
ٱلۡأُخۡتَيۡنِ إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٢٣﴾
وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۖ
كِتَٰبَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا وَرَآءَ ذَٰلِكُمۡ أَن
تَبۡتَغُواْ بِأَمۡوَٰلِكُم مُّحۡصِنِينَ غَيۡرَ مُسَٰفِحِينَۚ فَمَا ٱسۡتَمۡتَعۡتُم
بِهِۦ مِنۡهُنَّ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ
فِيمَا تَرَٰضَيۡتُم بِهِۦ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡفَرِيضَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا
حَكِيمٗا ﴿٢٤﴾ وَمَن لَّمۡ يَسۡتَطِعۡ مِنكُمۡ طَوۡلًا أَن يَنكِحَ

ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ فَمِن مَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُم مِّن
فَتَيَٰتِكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِإِيمَٰنِكُمۚ بَعۡضُكُم
مِّنۢ بَعۡضٖۚ فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذۡنِ أَهۡلِهِنَّ وَءَاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ
بِٱلۡمَعۡرُوفِ مُحۡصَنَٰتٍ غَيۡرَ مُسَٰفِحَٰتٖ وَلَا مُتَّخِذَٰتِ
أَخۡدَانٖۚ فَإِذَآ أُحۡصِنَّ فَإِنۡ أَتَيۡنَ بِفَٰحِشَةٖ فَعَلَيۡهِنَّ نِصۡفُ
مَا عَلَى ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ مِنَ ٱلۡعَذَابِۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَشِيَ ٱلۡعَنَتَ
مِنكُمۡۚ وَأَن تَصۡبِرُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٥﴾
يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمۡ وَيَهۡدِيَكُمۡ سُنَنَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِكُمۡ وَيَتُوبَ عَلَيۡكُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٢٦﴾ وَٱللَّهُ
يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡكُمۡ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ
أَن تَمِيلُواْ مَيۡلًا عَظِيمٗا ﴿٢٧﴾ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمۡۚ
وَخُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ ضَعِيفٗا ﴿٢٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا
تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ إِلَّآ أَن تَكُونَ
تِجَٰرَةً عَن تَرَاضٖ مِّنكُمۡۚ وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ بِكُمۡ رَحِيمٗا ﴿٢٩﴾ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ عُدۡوَٰنٗا وَظُلۡمٗا
فَسَوۡفَ نُصۡلِيهِ نَارٗاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿٣٠﴾ إِن
تَجۡتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنۡهَوۡنَ عَنۡهُ نُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ
وَنُدۡخِلۡكُم مُّدۡخَلٗا كَرِيمٗا ﴿٣١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا ئازار بېرىش ياكى تويلۇقنى يەۋېلىشتىن

ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردىمۇ نەسىل، ئۆيلىنىش ياكى ئېمىتىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن تۇغقاندارچىلىق تۈپەيلى ئۆيلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللار ھەققىدە توختىلىدۇ:

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئەنسارلارنىڭ سالىھ كىشىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ قەيس ئىبنى ئەسلەت ۋاپات بولغاندا، ئوغلى قەيس ئاتىسىنىڭ ئايالىغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. ئايال: «مەن سېنى بالام ھېسابلاپ يۈرەتتىم، بىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايمەن» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «ئاتىلىرىڭلار ئۆيلەنگەن ئاياللار بىلەن ئۆيلەنمەڭلار» دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى. 2. ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: ئەۋتاس غازىتىدا ئەرلىرى بار بىر قىسىم ئاياللارنى ئەسىرگە ئالدۇق. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولۇشنى خالىمىدۇق. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدۇق. بۇنىڭ بىلەن «ئىگىدارچىلىقىڭلاردىكى چۆرىلەردىن سىرت، ئەرلىرى بار ئاياللارمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئەبۇ سەئىد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن (ئەسىرگە چۈشكەن) بۇ ئاياللارنى ھالال ھېسابلىدۇق.

**تەپسىرى:** 22. «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر»، يەنى بۇ ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ئىنتايىن رەزىل

ۋە ئەڭ پەسكەش بىر ئىشتۇر. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تۆشىكىگە كىرىشى ئىنسانغا يارىشامدۇ؟ «بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!» ، يەنى بۇ رەزىل ۋە پەسكەش نىكاھ، نېمىدېگەن يامان بىر خىل ئۆيلىنىش ئۇسۇلى - ھە! ئارقىدىن ئاللاھ تائالا، ئۆيلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 23. «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش سىلەرگە ھارام قىلىندى» ، يەنى ئانىلىرىڭلار بىلەن ئۆيلىنىش سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئاتا ياكى ئانا تەرىپىدىن بولغان چوڭ ئانىلارمۇ بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ قانچىلىك تۆۋەندە بولسا بولسۇن، قىزلىرىڭلار بىلەن ئۆيلىنىشمۇ ھارام قىلىندى. ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىمۇ بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ. ھەمشىرىلىرىڭلار بىلەن ئۆيلىنىشمۇ ھارام قىلىندى. ئاتا بىر ياكى ئانا بىر ھەمشىرىلەرمۇ بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ ھاممىلىرىڭلار، يەنى ئاتاڭلار ۋە بوۋىلىرىڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى؛ قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىمۇ سىلەرگە ھارام قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قىزلىرىمۇ بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئانىلار، قىزلار، ھەمشىرىلەر، ھاممىلار، قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ قىزلىرى قاتارلىقلار نەسەب يولى ئارقىلىق ھارام قىلىنغانلار بولۇپ، بۇلاردىن

كېيىن ئاللاھ تائالا، ئېمىتىش يولى بىلەن ھارام قىلىنغانلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرەڭلەرنى (ئېلىش ھارام قىلىندى.)» ، يەنى تۇغقان ئاناڭنى ئېلىش ساڭا ھارام قىلىنغىنىدەك، سېنى ئېمىتكەن سۈت ئاناڭمۇ ساڭا ھارام قىلىندى. ئېمىلداش ھەمشىرەڭمۇ بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئاللاھ ئېمىتىشنى نەسەبنىڭ ئورنىغا قويۇپ، سۈت ئانىنى ئەمگەن بالىنىڭ ئانىسى، دەپ ئاتىدى. ئايەت ئانىلار ۋە ھەمشىرىلەردىن سىرت، ئېمىلداشلىق يولى بىلەن ئۆيلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنى بايان قىلمىدى. ھالبۇكى سۈننەتتى نەبەۋىيە ئېمىلداشلىق يولى بىلەن ھارام قىلىنغانلارنىڭ يەتتە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى نەسەبتىمۇ ئەھۋال مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەسەب يولى بىلەن ھارام قىلىنغىنى ئېمىتىش يولى بىلەنمۇ ھارامدۇر» دېگەن. ئارقىدىن، ئاللاھ تائالا قۇدا - باجىلىق يولى بىلەن ئۆيلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قېيىن ئاناڭلارنى (ئېلىش ھارام قىلىندى)» ، يەنى ئايالىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆيلىنىشمۇ ھارامدۇر. بۇ مەسىلىدە ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇش ياكى بولماسلىقىنىڭ پەرقى يوق. چۈنكى قىزى بىلەن قىلىنغان نىكاھنىڭ ئۆزىلا، ئانىسى بىلەن ئۆيلىنىشنى ھارام قىلىدۇ. «سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى» ، يەنى ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەر تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن قىزلىرىنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى. بۇ يەردىكى «ئۆيۈڭلاردا» ئىبارىسى، شەرتسىز ھۆكۈمنى شەرتلىك ھالغا كەلتۈرۈش

ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ئەھۋالنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى قىزلار ئادەتتە ئانىلىرى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ ۋە ئانىلىرىنىڭ ئەرلىرى ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئورتاق قاراشقا ئىگە. «ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»، يەنى سىلەر بىر تۆشەكتە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش سىلەرگە ھارام قىلىندى. بۇ يەردىكى تۆشەكتە بولۇش جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزىدىن كىنايە قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئۇلار بىلەن بىر تۆشەكتە ياتماي تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكەن بولساڭلار، ئۇ ئاياللارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىشىڭ سىلەرگە ۋابالى يوق»، «يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار (ھارام قىلىندى)». بىراق، بېقىۋالغان بالىلىرىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى نىكاھىڭلارغا ئېلىش سىلەرگە ھالالدۇر. «ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىنىدۇ»، يەنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىز ھەمشىرە بىلەن بىراقلا ئۆيلىنىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئەمما جاھىلىيەت دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغاندۇر. «ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى ئاللاھ ئۆتمۈش گۇناھلارنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىباندۇر. 24. «ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى. پەقەت سىلەرنىڭ

باشقۇرۇشۇڭلار ئاسىتىدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا» ، يەنى، ئېرى بار ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشىڭلار سىلەرگە هارام قىلىندى، لېكىن ئەسىر ئېلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. دارۇلھەربتە گەرچە بۇلارنىڭ ئەرلىرى بولسىمۇ، پاكلانغاندىن كېيىن بۇلار بىلەن بىر يەردە بولۇش سىلەرگە هالالدۇر. چۈنكى ئەسىرگە ئېلىش بىلەن كاپىرنىڭ چېقىلماسلىق هوقۇقى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. «كاپىر ئاياللارنى نىكاھىڭلاردا تۇتماڭلار». «بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەرز قىلغان هۆكۈملىرىدۇر» ، يەنى بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان پەرزىدۇر. «بۇلاردىن (يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار هالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (تويلۇقنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار هالال قىلىندى» ، يەنى ئاياللارنى شەرئىي قائىدىگە مۇۋاپىق شەكىلدە تەلەپ قىلىشىڭلار، زىنا قىلماسلىقىڭلار ۋە مەھىرلىرىنى بەرگەن هالدا ئۆيلىنىشىڭلار شەرتتۇر. «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار» ، يەنى نىكاھ قىلىش ئارقىلىق ئاياللاردىن پايدىلانساڭلار، «ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مېھر هەققىلىرىنى بېرىڭلار» ، يەنى ئاللاھ تائالا «ئاياللارغا هەدىيە ئورنىدا مەھىرلىرىنى بېرىڭلار» دېگەن ئايەتتە سىلەرگە پەرز قىلىنغان مېھرلىرىنى بېرىڭلار. «مېھر هەققى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا سىلەرگە هېچ گۇناھ بولمايدۇ» ، يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مېھر هەققى ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە: «ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى

مەززىلىك، سىڭىشلىك (پاك - ھالال بىلىپ) يەڭلار» دېگەن. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئايالغا بىر مىقدار تويلۇق بەرسەڭ، ئۇ ئايال ئۇنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ساڭا ھەدىيە قىلىپ قايتۇرۇپ بەرسە، بۇنىڭ ئۈچۈن نە ساڭا، نە ئۇنىڭغا بىر گۇناھ بولمايدۇ». «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشنى بىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن ھۆكۈملەرنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلەيدۇ. 25. «سىلەردىن مۆمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار»، يەنى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ھۆر مۆمىن ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە قۇربى يەتمىسە، ئىمكانىيىتى بولمىسا، «قول ئاستىڭىزدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن»، يەنى، مۆمىنلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مۆمىن چۆرىلەر بىلەن ئۆيلەنسۇن. «ئاللاھ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»، يەنى بۇ بىر قىستۇرما جۈملە بولۇپ، ئىمان مەسىلىسىدە ئۇلارنى سىرتتىن تونۇشنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. سىرلارنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. «سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر»، يەنى ھەممىڭلارنىڭ ئەسلى بىردۇر. ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بىرلا نەپسىدىن يارالغانسىلەر. شۇنداق ئىكەن بۇ چۆرىلەر بىلەن ئۆيلىنىشتىن قاچماڭلار. شۇنداق چۆرىلەر باردۇركى، ئۇلار ھۆر ئاياللاردىنمۇ ياخشىدۇر. بۇ ئايەتتە مۆمىنلەر چۆرىلەر بىلەن ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى ئېتىبار نەسەبنىڭ ئۇستۇنلۈكى بىلەن ئەمەس، ئىماننىڭ ئۇستۇنلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. «ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار

بولىدۇ» ، يەنى ئۇلار بىلەن، خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆيلىنىڭلار. «ئۇلارغا مېھر ھەققىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار» ، يەنى ئۇلارنىڭ مېھرلىرىنى كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن بېرىڭلار، «ئۇلار دېگەن چۆرە» دەپ تۆۋەن قاراپ، مېھرلىرىنى كېمەيتىۋەتمەڭلار. «لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەفىفە بولۇشلىرى كېرەك» ، يەنى ئۇلار ئىپپەتلىك، ئاشكارا ھالدا ۋە ئاشنا تۇتۇپ مەخپىي شەكىلدە زىنا قىلمايدىغانلا بولسا، ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىڭلار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنىڭ دوستى ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ھالدا زىنا قىلىدىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاشكارا - يوشۇرۇن بارلىق زىنالارنى ھارام قىلغاندۇر». «ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك» ، يەنى نىكاھلىنىش بىلەن ئار - نومۇسلىرىنى كاپالەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن زىنا قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمچىلىك جازا بېرىلىدۇ. «بۇ (چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر» ، يەنى چۆرىلەر بىلەن نىكاھلىنىش زىنا قىلىپ سېلىشتىن قورققان كىشىلەر ئۈچۈن مۇباھ قىلىندى. «سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» ، يەنى چۆرىلەر بىلەن ئۆيلىنىشتە سەۋرچان بولۇپ، ئىپپىتىڭلارنى ساقلىساڭلار، بۇ تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ قۇل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك - پاكىز ھالدا بېرىشنى

خالىسا، ھۆر ئايالـلار بىلـەن ئۆيلەنسۇن.» «ئاللاھ ناھايىتى مەغپىـرەت قىلغۇچـىدۇر، ناھايىتـى مېھرىبانـدۇر»، يەنـى ئاللاھنىـڭ مەغپىرىتـى كـەڭ، مەرھەمىتـى كاتتىـدۇر. 26. «ئاللاھ سىلەرگە (ھـالال ۋە ھارامغـا دائىـر ئەھكاملارنـى) بايـان قىلىشنى (خالايـدۇ)»، يەنـى ئاللاھ دىنىڭلارنىـڭ ھۆكۈملىـرى ۋە ئىشلىرىڭلارنىڭ پايدىلىرىنـى سىلەرگە بايان قىلىشنى خالايدۇ. «سـىلەردىن بۇرۇنقىلارنىـڭ يوللىرىغـا سـىلەرنى ھىدايـەت قىلىشـنى (خالايـدۇ)»، يەنـى ئەگىشىشـىڭلار ئۈچـۈن سىلەرنى پەيغەمبەرلـەر ۋە سـالىھ كىشـىلەرنىڭ يوللىرىغـا يېتەكلەشـنى خالايـدۇ. «تەۋبەڭلەرنـى قوبـۇل قىلىشـنى خالايـدۇ»، يەنـى سـادىر قىلغـان گۇنـاھ ۋە يېقىنلاشـقان ھارامـلار تۈپەيلـى قىلىدىغـان تەۋبىلەرنـى قوبـۇل قىلىشـنى خالايـدۇ. «ئاللاھ ھەممىنـى بىلگۈچـىدۇر ۋە ھېكمـەت بىلـەن ئىش قىلغۇچـىدۇر» ـ ئاللاھ بەندىلىرىنىـڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنـى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىـرى ئۈچـۈن بەلگىلـەپ بەرگـەن قانۇنلىرىـدا ھېكمىتـى بـار. 27 — 28 - «ئاللاھ سـىلەرنىڭ تەۋبەڭلەرنـى قوبـۇل قىلىشـنى خالايـدۇ»، يەنـى ئاللاھ بەلگىلىگـەن ھۆكۈملىـرى بىلـەن سـىلەرنى گۇنـاھ ۋە ھارامنىـڭ كىرلىرىدىـن پاكلاشـنى، تەۋبىسـنى قوبـۇل قىلىش ئۈچـۈن بەندىنىـڭ تەۋبـە قىلىشـنى خالايـدۇ. بـۇ ئايـەت ئاللاھنىـڭ رەھمىتىنىـڭ كەڭلىكىنـى كۆرسىتىش ئۈچـۈن ئىككى قېتىم تەكرارلانغان. «شەھۋەتلەرگە ئەگىشـىدىغانلار توغـرا يولدىـن بۇرۇلـۇپ كېتىشـىڭلارنى خالايـدۇ»، يەنـى، يەنـى شـەيتانغا ئەگىشـىدىغان فاجىـرلار، سـىلەرنىڭ ھەقىقـەت يولىدىـن باتىـل تەرەپكـە ئېغىشـىڭلارنى ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش فاسىق ۋە گۇناھكار بولۇشـۇڭلارنى خالايدۇ. «ئاللاھ سـىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنـى يېنىكلىتىشنى خالايـدۇ»، يەنـى

ئاللاھ چىقارغان بۇيرۇقلىرىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى خالايدۇ. «ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى» ، يەنى ئىنسان نەپس - خاھىشىنى يېڭىشتىن ئاجىز يارىتىلدى. شۇڭا شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يوللار بىلەن يەۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 29. «ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار» ، يەنى ئى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يوللار ئارقىلىق يەۋالماڭلار. ناھەق يولدىن مەقسەت، ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق شەرىئەت چەكلىگەن ھەر خىل يوللاردۇر. «ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا» ، يەنى ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشىنى چىقىش قىلغان، ئاللاھ تەرىپىدىن ھالال قىلىنغان تىجارەتكە ئوخشاش دىنغا مۇۋاپىق يول بىلەن يېيىشىڭلار مۇستەسنادۇر، مۇباھتۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى مۇستەسنالىق كەسكىن مۇستەسنالىق بولۇپ، مەنىسى <تاپاۋەت قىلىش مەسىلىسىدە ھارام قىلىنغان سەۋەبلەرگە يېقىنلاشماڭلار. لېكىن ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلغان يوللۇق تىجارەتنى قىلىڭلار> دېگەن بولىدۇ.» «سىلەر ئۆزۈڭلارنى (بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» ، يەنى بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «قان تۆكۈش»نىڭ ئورنىغا «نەپسنى

ئۆلتۈرۈش» تەبىرىنى ئىشلىتىشى، بۇ ئىشنى قەتئىي شەكىلدە مەنئى قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ياكى ئايەتنىڭ بىۋاستە مەنىسىگە كۆرە، «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان رەھمىتىدۇر. 30. «كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن...» ، يەنى كىمكى، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشنى سەۋەنلىك ياكى خاتالىق بىلەن ئەمەس، ناھەق ۋە زۇلۇم بىلەن قىلىدىغان بولسا، «ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز» - ئۇنى كۆيدۈرگۈچى كۈچلۈك ئوتقا تاشلايمىز. «بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر» ، يەنى بۇنىڭدا مۇشەققەت يوقتۇر. چۈنكى ھېچبىر نەرسە ئاللاھنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالمايدۇ. 31. «ئەگەر سىلەر مەنئىي قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرنى مەنئى قىلغان چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرساڭلار، رەھمەت ۋە مەرھەمىتىمىز بىلەن سىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايمىز. «سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (جەننەتكە) كىرگۈزىمىز» ، - سىلەرنى ئېسىل، نېمەتلىرى مول جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇ يەردە ھېچقانداق كۆز كۆرۈپ باقمىغان، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچقانداق ئىنسان ئويلىيالمايدىغان نېمەتلەر بار.

**ئىلاۋە:** بىرىنچى، ئۆلىمالار «مۇھەررەمات (ھارام قىلىنغان ئىشلار)» دېگەن ئايەتتىن «قىزلارنى نىكاھقا ئېلىش ئانىلىرىنى نىكاھقا ئېلىشنى ھارام قىلىدۇ. ئانىلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىشنى

ھارام قىلىدۇ»، دېگەن قائىدىنى خۇلاسىلەپ چىققان. ئىككىنچى، بىر قىسىم رافىزى ۋە شىئە ئۆلىمالىرى «ئۇلاردىن پايدىلانغانلىقىڭلارنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە مېھرىلىرىنى بېرىڭلار» دېگەن ئايەتنى مۇتئە (قەرەللىك نىكاھ) نىكاھى سۈپىتىدە ئىزاھلىغان، بۇ ئويئوچۇق خاتالىشىشتۇر. چۈنكى بۇ يەردىكى «پايدىلىنىش»تىن مەقسەت، ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاياللىرىدىن پايدىلىنىشلىرىدۇر. بۇ مۇتئە نىكاھى ئەمەستۇر. مۇتئە نىكاھىنىڭ ھاراملىقى سۈننەت ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى (پىكىر بىرلىكى) بىلەن ئاللىقاچان ئايدىڭلانغان بىر مەسىلىدۇر. شۇڭا بۇنىڭغا زىت قاراشلارغا ئېتىبار قىلىشقا بولمايدۇ.[1] ئۈچىنچى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىر گۇناھنى بايان قىلغاندىن كېيىن، جازاسىنىڭ جەھەننەم ياكى غەزەپ، لەنەت ياكى ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ئۇلار چوڭ گۇناھلاردۇر». تۆتىنچى، سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى يەتتىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يەتتە ئەمەس، يەتتە يۈزگە يېقىندۇر. بىراق ئىستىغپار ئېيتىلغاندا چوڭ گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ، داۋاملاشقان ئەھۋالدا كىچىك گۇناھلار چوڭ گۇناھقا ئايلىنىدۇ».

وَلَا تَتَمَنَّوْا۟ مَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بِهِۦ بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍۢ

[1] ئەتراپلىق مەلۇمات ۋە مۇتئە نىكاھىنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر ئۈچۈن «ھۆكۈم ئايەتلىرى تەپسىرى» ناملىق كىتابىمىزغا قاراڭ.

لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبُوا۟ ۖ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا
ٱكْتَسَبْنَ ۚ وَسْـَٔلُوا۟ ٱللَّهَ مِن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ
شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٣٢﴾ وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِىَ مِمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ
وَٱلْأَقْرَبُونَ ۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَٰنُكُمْ فَـَٔاتُوهُمْ نَصِيبَهُمْ ۚ إِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾ ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ
بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَبِمَآ أَنفَقُوا۟ مِنْ أَمْوَٰلِهِمْ ۚ
فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٌ لِّلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُ ۚ
وَٱلَّٰتِى تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهْجُرُوهُنَّ فِى ٱلْمَضَاجِعِ
وَٱضْرِبُوهُنَّ ۖ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلَا تَبْغُوا۟ عَلَيْهِنَّ سَبِيلًا ۗ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا ﴿٣٤﴾ وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا
فَٱبْعَثُوا۟ حَكَمًا مِّنْ أَهْلِهِۦ وَحَكَمًا مِّنْ أَهْلِهَآ إِن
يُرِيدَآ إِصْلَٰحًا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيْنَهُمَآ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا
خَبِيرًا ﴿٣٥﴾ وَٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا۟ بِهِۦ شَيْـًٔا ۖ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ
إِحْسَٰنًا وَبِذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱلْجَارِ
ذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْجَارِ ٱلْجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلْجَنۢبِ وَٱبْنِ
ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن
كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا ﴿٣٦﴾ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ
بِٱلْبُخْلِ وَيَكْتُمُونَ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ ۗ وَأَعْتَدْنَا
لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ
رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۗ وَمَن
يَكُنِ ٱلشَّيْطَٰنُ لَهُۥ قَرِينًا فَسَآءَ قَرِينًا ﴿٣٨﴾ وَمَاذَا عَلَيْهِمْ

لَوْ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْآخِرِ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ بِهِمْ عَلِيمًا ﴿٣٩﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍۖ وَإِن
تَكُ حَسَنَةً يُضَٰعِفْهَا وَيُؤْتِ مِن لَّدُنْهُ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٤٠﴾
فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍۭ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ
هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدًا ﴿٤١﴾ يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ
ٱلرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلْأَرْضُ وَلَا يَكْتُمُونَ ٱللَّهَ
حَدِيثًا ﴿٤٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقْرَبُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمْ
سُكَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعْلَمُواْ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِى
سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغْتَسِلُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ
جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ ٱلْغَآئِطِ أَوْ لَٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ
تَجِدُواْ مَآءً فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ
وَأَيْدِيكُمْۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مىراس خۇسۇسىدا ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھنىڭ قارشى جىنسلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئارزۇ قىلىشنى چەكلەيدۇ. بۇ خىل ئارزۇلار ھەسەت ۋە نەپرەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرلىرى ئۈستىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئاياللارنىڭ چىقىشماسلىقى ۋە ئىتائەتسىزلىكى كۆرۈلگەن

ئەھۋالىدا تەدرىجى شەكىلدە ئىجرا قىلىنىدىغان يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەرلەر ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، بىز ئۇرۇشقا قاتناشمايمىز؛ (غەنىمەت ئالالمىغىنىمىزغا ئوخشاش) مىراستىمۇ ئەرلەر ئالىدىغان مىراسنىڭ يېرىمىچىلىك مىراس ئالىمىز» دېدى. بۇنىڭ بىلەن: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر - بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. 2. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەردىن بىرى بولغان سەئىد ئىبنى رەبىئكە قارشى ئايالى ھەبىبە بىنتى زەيد جېدەل چىقىرىپ، ئىتائەتسىزلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئۇنى بىر تەستەك سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئاتىسى: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قىزىمنى ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ بولسا قىزىمنى ئۇردى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىساس يولى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەققىڭنى ئال» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز بىر ئىشنى ئىرادە قىلدۇق، ئاللاھمۇ بىر ئىشنى ئىرادە قىلدى. ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئىش بەكرەك خەيرلىكتۇر» دېدى.

**تەپسىرى:** 32. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر - بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ

باشقىلارغا ئاتا قىلغان دىن ۋە دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى ھەسرەت چەككەن ھالدا ئارزۇ قىلماڭلار. چۈنكى بۇ ئۆزئارا نەپرەت ۋە ھەسەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر ھەسەت قىلىشتىن ۋە ئاللاھ بەزى كىشىلەرگە باشقىلارغا قارىغاندا ئارتۇق ئىنئام قىلغان ئورۇن ۋە مالنى ئارزۇ قىلىشتىن چەكلەندى. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ تەقسىماتى بولۇپ، بىر ھېكمەت سەۋەبلىك شۇنداق بولغاندۇر ۋە ئاللاھنىڭ قۇللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. «ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ» ، يەنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مىراستا مۇئەييەن مىقداردا ھەسسىسى بار. تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ھەممە كىشى ئۆز ئەمەلىنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسىنى ئالىدۇ. ياخشىلىق قىلغان بولسا ياخشىلىق، يامانلىق قىلغان بولسا يامانلىق كۆرىدۇ. «ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار» ، يەنى ئاللاھتىن ئۇنىڭ لۇتفى - مەرھەمىتىنى تىلەڭلار، ئۇ سىلەرگە ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ سېخى ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلماستىن بەرگۈچى زاتتۇر. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» ، يەنى شۈبھىسىزكى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. بۇ ئىلمىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارنى سىنىپلارغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بەزىلىرىدىن ئۈستۈن قىلغاندۇر. 33. «ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق، ئۇلار ئاتا - ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر» ، يەنى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن، ئاتا - ئانا ۋە يېقىنلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىراستىن ھەسسىلىرىنى ئالىدىغان ۋارىسلارنى تەيىنلىدۇق. «سىلەر بىلەن (ئۆزئارا

يارىدەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇپەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار» ، يەنى سىلەر قەسەم قىلىپ بەرگەن كىشىلەرگە، يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە يارىدەم قىلىش ۋە ۋارىس قىلىش ئۈچۈن ئەھدە قىلىشقان كىشىلەرگە، مىراستىن ھەسسىلىرىنى بېرىڭلار. بۇ ھۆكۈم ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇشۇنداق بولۇپ، كېيىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ھەسەن بەسرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرىسىدا نەسەب رىشتىسى يوق ئىككى كىشى ئۆزئارا ئەھدۇپەيمان قىلىشاتتى ۋە بىرى يەنە بىرىنىڭ ۋارىسى بولاتتى. ئاللاھ ‹ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرلىرىگە ۋارىس بولۇشقا تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر› دېگەن ئايىتى بىلەن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى». ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەن چاغلىرىدا، بىر مۇھاجىر بىر ئەنسارغا ۋارىس بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىتىپ قويغان قېرىنداشلىقتىن سىرت بىرەر تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى يوق ئىدى. «ھەر بىر ئادەمگە ئۆچ ۋارىس تەيىنلىدۇق» دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بۇ ھۆكۈممۇ ئەمەلدىن قالدى. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بايقاپ تۇرغۇچىدۇر» ، يەنى شۈبھىسىزكى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنداق ئىكەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىر قىسىم مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئاياللارنى بىر مەسئۇل مىسالى يېتەكلەيدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

34. «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» ، يەنى ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىدۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن پۇل

- مال سەرپ قىلىدۇ ۋە بىر دۆلەت رەھبىرىنىڭ خەلقنى ئىدارە قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنى باشقۇرىدۇ. «بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، جەڭگە چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر». چۈنكى ئاللاھ ئەرلەرگە تېخىمۇ ئۈستۈن ئەقىل ۋە توغرا ئىدارە قىلىش قابىلىيىتى ئاتا قىلدى، شۇنىڭدەك تاپاۋەت ۋە خىراجەت مەسئۇلىيىتىنى ئۇلارغا ئارتتى. ئۇلار ئاياللارنى ھىمايە قىلىش، ئاسراش، ئۇلار ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر ئەقلىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ياخشى ئىدارە قىلىشى، تەمكىنلىكى، ئېغىر - بېسىقلىقى ۋە كۈچلۈك بولۇشلىرى سەۋەبلىك ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەرلىك، ئىماملىق، رەھبەرلىك، شاھىتلىق، جىھاد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىپىلەر ئۇلارغا بېرىلگەن». «ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر». بۇ ئايەتتە، ئەرلەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىغا تەپسىلىي ئورۇن ئاجرىتىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە ئىتائەتكار ئاياللار، سەركەش ۋە ئىسيانكار ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ياخشى ئاياللار ئاللاھقا ۋە ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئادا قىلىشى كېرەك بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى زىنا - ھارامدىن ساقلايدۇ، ئەرلىرىنىڭ ماللىرىنى بۇزۇپ - چاچمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار ئەرلىرى بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ

ئۆتكەن، يوشۇرۇن تۇتۇلۇشى كېرەك بولغان ئىشلارنى مەخپىي تۇتىدۇ. بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دەرىجىسى ئەڭ ناچار بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بىر - بىرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلىغان كىشىدۇر». «سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەبلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار» ، يەنى بۇلار، ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان، چوڭچىلىك قىلىدىغان ئىككىنچى تۈردىكى سەركەش، ئىسيانكار ئاياللاردۇر. ئى ئەرلەر! سىلەر سەركەشلىك قىلىشىدىن قورقىدىغان يەنى ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشنى خالىمايدىغان ھاكاۋۇر ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەڭلار. ئۇلارنى نەسىھەت ۋە يېتەكلەش يولى ئارقىلىق قورقۇتۇڭلار. ئەگەر نەسىھەت ۋە تەربىيە ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلارنى تۆشەكلەردە يالغۇز قويۇڭلار، ئۇلار بىلەن گەپلەشمەڭلار ۋە ئۇلارغا يېقىنلاشماڭلار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ھىجر - ئايال كىشى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتسىمۇ، ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكتۇر» ئەگەر يەنە تۈزەلمىسە، ئۇلارنى يەڭگىل شەكىلدە ئۇرۇڭلار. «ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار» ، يەنى ئەگەر سىلەرنىڭ ئەمرىڭلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئازار بېرىش ئۈچۈن باشقا ئۇسۇللارنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار. «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر» ، يەنى ئاللاھ سىلەردىن ئۇلۇغدۇر ۋە بۈيۈكتۇر. ئۇ

ئاياللارنىڭ ھامىيسىدۇر. ئۇلارغا زۇلۇم ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. قاراڭلار، ئاللاھ تائالا بىزگە ئاياللىرىمىزغا تەربىيە بەرگەندە نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى قانداق ئۆگىتىدۇ؟ جازالاشتىكى تەرتىپكە ئىنچىكە نەزەر سېلىپ بېقىڭلار. ئاللاھ تائالا بىزگە ئالدى بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنى، ئارقىدىن ئۇلارنى تۆشەكتە يالغۇز قالدۇرۇشنى، ئەڭ ئاخىرىدا يەڭگىل شەكىلدە ئۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ئاخىرىدا ئايەتنى، بەندە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى كۈچىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاجىزلارنىڭ ھامىيسى، مەزلۇملارنىڭ پاناھگاھى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتسۇن، دېگەن مەقسەتتە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈپەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. 35. «ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار»، يەنى ئى ياراشتۇرغۇچى كىشىلەر! ئەگەر ئەر - ئايالار ئوتتۇرىسىدا بىرەر تالاش - تارتىش ۋە دۈشمەنلىكنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ ئائىلىسىدىن ھەققانىي بىر ياراشتۇرغۇچى ۋە ئايالنىڭ ئائىلىسىدىنمۇ بىر ھەققانىي ياراشتۇرغۇچىنى تاللاڭلار. بۇلار بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، توغرا ۋە پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلسۇن. «ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ»، يەنى بۇلار ياخشى نىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن

نەسىھەت قىلىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئاللاھ بۇلارنىڭ ۋاستىچىلىكىنى خەيرلىك قىلىدۇ، ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا خاتىرجەملىك، يېقىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە قەلبلىرىگە سۆيگۈ، مەرھەمەت تۇيغۇلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»، يەنى شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلىگەن قانۇنلىرىدا ھېكمەتى باردۇر. 36. «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار»، يەنى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىڭلار، ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار ۋە قۇللۇق قىلىڭلار، بۇلار ياكى باشقا ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق، ئېھسان، مەرھەمەت ۋە ئىززەت - ئىكرام قىلىشنى ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىڭلار. «خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە (ياخشىلىق قىلىڭلار)»، يەنى ئومۇمەن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، خۇسۇسەن يېتىم ۋە يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. «يېقىن قوشنىغا (ياخشىلىق قىلىڭلار)»، يەنى تۇغقان قوشنىغا ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەم قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەم تۇغقانلىقنىڭ ھەققى بار. «يىراق قوشنىغا (ياخشىلىق قىلىڭلار)»، يەنى، ئاراڭلاردا تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى يوق يات قوشنىغا ياخشىلىق قىلىڭلار. «ياندىكى ھەمراھقا (ياخشىلىق قىلىڭلار)» ئىبنى ئابباس: «ھەمراھ، سەپەرداشتۇر»، دېسە، زەمەخشەرىي: «بۇ مەيلى سەپەردېشىڭ، مەيلى يانمۇيان قوشناڭ، مەيلى مەكتەپتىكى ساۋاقدېشىڭ، مەيلى ھەر قانداق بىر سورۇن ياكى باشقا بىر يەردە يېنىڭدا

ئۆلتۈرغان بىرى بولسۇن، ساڭا ھەمراھ بولغان كىشىدۇر. يەنى ئاراڭلاردا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قىسقا بىر سۆھبەتتىكى سۆھبەتداش دېگەن بولىدۇكى، سەن بۇ ھەقنى ئېتىبارغا ئېلىشىڭ ۋە ئۇنۇتماسلىقىڭ لازىم. بۇ قاراشقا كۆرە، ھەمراھتىن مەقسەت ئايالدۇر» دەيدۇ. «مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار» ، يەنى ئائىلىسى ۋە دۆلىتىدىن يىراقتا قالغان مۇساپىرلارغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ» ، يەنى شۈبھىسىزكى ئاللاھ، مەنمەنچى، خىش - ئەقرىبا ۋە قوشنىلارغا چوڭچىلىق قىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپلا تۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۇلاردىن يۇقىرى ھېسابلايدىغان كىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ ئايەت ئومۇمىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ئايەتنى ھەقىقىي مەنىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى، ئەدىبلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە موھتاجلىق ھېس قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئۆزى يامان كۆرىدىغان مەزكۇر كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 37. «ئۇلار (مۇتەكەببىرلەر ، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ» ، يەنى ئاللاھ ئۇلارغا پەرز قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلمايدىغان ۋە باشقىلارنىمۇ سەرپ قىلماسلىققا بۇيرۇيدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئايەت ئەنسارلارغا «پۇل - ماللىرىڭلارنى جىھاد ۋە زاكات يولىدا سەرپ قىلماڭلار» دېگەن بىر گۇرۇپپا يەھۇدىي ھەققىدە نازىل

بولغان. شۇنداقتىمۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئومۇمىيدۇر. «ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى يوشۇرىدۇ» ، يەنى بۇلار ئاللاھ ئۇلارغا ئىنئام قىلغان پۇل - مال ۋە بايلىقنى يوشۇرغىنىغا ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنىمۇ يوشۇرىدۇ. «ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق» ـ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن، خورلىغۇچى ۋە پەس كۆرگۈچى قاتتىق ئازابنى تەييارلىدۇق. 38. «ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ» ، يەنى ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، پەخىرلىنىش ۋە شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغانلارمۇ ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. «ئۇلار ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ» ، يەنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ساغلام شەكىلدە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ئايەت مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان. «كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!» ـ شەيتان بىر كىشىنىڭ بۇرادىرى ۋە تەۋسىيلىرىگە كۆرە ئىش قىلىدىغان دوستى بولسا، بۇ نېمە دېگەن يامان دوست ۋە بۇرادەر - ھە! 39. «ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە بەرگەن مالدىن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟» بۇ بىر كايىش خاراكتېرلىك سوئال بولۇپ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرسە ۋە ئۇنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلسا ئۇلارغا نېمە زىيان ۋە قىيىنچىلىق بولاتتى؟ يەنى «ھېچقانداق قىيىنچىلىق ۋە زىيىنى بولمايتتى» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. زەمەخشەري مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئىنتىقام ئالغان بىر كىشىگە <كەچۈرگەن بولساڭ نېمە بولار ئىدى؟> ۋە ئىسيانكار بىرىگە

‹ئىتائەتمەن بولغان بولساڭ ئىدىڭ، نەرىڭ كەملەپ كېتەر ئىدى؟› دېگەنگە ئوخشايدۇ». بۇ بىر ئەيىبلەش، كايىش ۋە پايدىلىق ئىشنى بىلەلمىگەنلىكلىرىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر. «ئاللاھ ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ.» بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر جازالاش تەھدىتىدۇر. يەنى قىلغان - ئەتكەنلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ. 40. «ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ»، يەنى ئاللاھ زەررىچىلىك بولسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئەمەلىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. بۇ بىر ئوخشىتىش بولۇپ، ئاز نەرسىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق كۆپ نەرسىگە دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. زەررە چاغلىق زۇلۇم قىلمايدىغان زات، ئۇنىڭدىن ئارتۇق زۇلۇمنى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ، دېمەكتۇر. «ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ»، يەنى بەندىنىڭ زەررە قەدەر ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى كۆپەيتىپ نەچچە ھەسسە قىلىۋېتىدۇ. «ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ»، يەنى ئەمەلىنىڭ ساۋابىدىن باشقا ئۆز دەرگاھىدىنمۇ جەننەتتىن ئىبارەت بۈيۈك مۇكاپاتنى بېرىدۇ. 41. «بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟»، يەنى ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرگىنىمىزدە، ئى مۇھەممەد، سېنىمۇ ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئاسىي ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئىسيان ۋە يالغانلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشكە كەلتۈرگەن چېغىمىزدا، كاپىر ۋە گۇناھكارلارنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

بۇ يەردىكى سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ.

42. «كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ» ، يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكار ئۇ ئېغىر كۈنلەردە تۇپراققا كۆمۈلۈپ كېتىشنى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش ئۈستىلىرىنىڭ تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى ياكى يەرنىڭ يېرىلىپ ئۇلارنى يۇتۇۋېتىشىنى ، نەتىجىدە تۇپراق بولۇپ كېتىشنى خالايدۇ. ھالبۇكى بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ كۈندە ئىنسان ئىلگىرىكى قىلغان ئىشلىرىغا بىر نەزەر تاشلايدۇ، كاپىر <تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ كاشكى> دەيدۇ». بۇ ئەھۋال قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەن چاغلىرىدا مەيدانغا كېلىدۇ. «ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئەزالىرى قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھتىن ھېچقانداق خەۋەرنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.[1] بۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئاللاھ تائالا مەستلىك ۋە جۇنۇپلۇق ھالىتىدە نامازغا يېقىن كەلمەسلىكنى بۇيرۇغان ھالدا مۇنداق

[1] بۇ تەپسىر جۈملىنىڭ كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، زاھىرىي مەنىسىمۇ بۇنىڭدىن ئىبارەت. ئىككىنچى خىل قاراشقا كۆرە، بۇ ئايەت ئالدىنقى ئايەتكە باغلىغۇچى ئارقىلىق ئەگىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىشلىرىنى، ئاللاھتىن ھېچقانداق بىر خەۋەرنى يوشۇرمىغان ۋە «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدۇق» (ئەنئام سۈرىسى 23 - ئايەت) دېگەن سۆزلىرىنىڭ يالغان بولۇپ قالماسلىقىنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇلار قىلمىشلىرىنى يوشۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن رەزىل بولۇشقان بولۇپ، ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئۈستىلىرىنىڭ تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. (كەششاف 1 ـ جىلد 396 - بەتكە قاراڭ)

دەيدۇ: 43. «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار،[1] نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار»، يەنى مەست ھالەتتە ناماز ئوقۇماڭلار، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ئەيمىنىش ۋە ئىتائەتچانلىق يوق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ، ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال ئىدى. تىرمىزى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف تاماق تەييارلاپ بىزنى تەكلىپ قىلدى. تاماق ئەسناسىدا بىزگە ھاراق قويۇپ بەردى، ھاراق بىزنى مەست قىلدى. ناماز ۋاقتى كەلگەندە ئىمام بولۇش ئۈچۈن مېنى ئالدىغا چىقىرىشتى. مەن نامازدا كافىرۇن سۈرىسىنى «ئېيتقىنكى: ئى كاپىرلار! مەن سىلەر ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئىبادەت قىلىمەن. بىز سىلەر ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىگە ئىبادەت قىلىمىز» شەكلىدە ئوقۇدۇم. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئاللاھ تائالا «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. «جۇنۇپ بولساڭلار ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا ـ غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار»، يەنى مەنىنىڭ كېلىشى ياكى مەنى كەلمىسىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش سەۋەبلىك ناپاك بولغان چېغىڭلاردا ناماز ئوقۇماڭلار. بىراق مۇساپىر بولۇپ، سۇ تاپالمىغان بولساڭلار، بۇنداق ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ. «ئەگەر كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار...»، يەنى سىلەر كېسەل بولۇپ، سۇ زىيان

---

[1] بۇ، ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى.

قىلىدىغان ئەھۋال بولسا ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ تاھارەتتىن بولمىسا، چوڭ ياكى كىچىك تاھارەت قىلىش ئارقىلىق ياكى باشقا بىر شەكىلدە تاھارەتسىزلىنىپ بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن سۇ تاپالمىساڭلار، «ياكى ئاياللارغا يېقىنلىشىپ قويۇپ (ئىبنى ئابباس يېقىنلىشىش جىنسىي مۇناسىۋەتتۇر، دەيدۇ) پاكلىنىدىغانغا سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار»، يەنى سۇ تېپىلمىغان ياكى قىلىنغان ئەھۋالدا پاكىز تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىپ پاكلىنىڭلار. يۈزلىرىڭلار ۋە قوللىرىڭلارنى بۇ تۇپراق بىلەن سۈرتۈڭلار، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»، يەنى ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەندىلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگۈچىدۇر.

ئىلاۋە: بىرىنچى، ئاللاھ تائالا «ئەگەر ياراشتۇرغۇچىلار ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا» دېگەن ئايىتىدە پەقەت ئەپلەشتۈرۈشنىلا بايان قىلدى، بۇنىڭ ئەكسى بولغان ئايرىۋېتىشنى تىلغا ئالمىدى. بۇ يەردە، ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەپلەشتۈرگۈچى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن كەلگەن بارلىق ئىشلارنى قىلىشلىرى كېرەكلىكىگە ناھايىتى بەدىئىي شەكىلدە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى ئەر - خوتۇنلارنى ئايرىۋېتىش ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە پەرزەنتلەرنى ھەر تەرەپكە سورىۋېتىدۇ. بۇ يىراق تۇرۇش كېرەك بولغان ئىشلار قاتارىدىندۇر. ئىككىنچى، ئاللاھ تائالا ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، بۈيۈكتۇر» دېگەن جۈملىسىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئىسىم بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. بۇ، ئەرلەر ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىش ئەسناسىدا زۇلۇم قىلغان

ئەھۋالدا ئۇلار ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. ئايەت گويا «ھەرگىزمۇ ئاياللاردىن كۈچلۈك ۋە ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىڭلارغا ئالدىنىپ قالماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، زۇلۇم سالغان ۋە ناھەقچىلىق قىلغانلاردىن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەردىن كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ سىلەرگە بولغان ئۈستۈنلۈكى سىلەرنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى ئۈستۈنلۈكىڭلاردىن ناھايىتى يۇقىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دېمەكچى بولىدۇ. ئۈچىنچى، بۇخارىي ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا «ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەر» دەپ ئەمر قىلدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قۇرئان ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا، مەن ساڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرەمدىم؟» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، چۈنكى مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياقتۇرىمەن» دېدى. مەن نىسا سۈرىسىنى ئوقۇدۇم. «بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، «ھازىرچە كۇپايە» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدىم، كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى.

**ئەسكەرتىش:** ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى «ئاللاھنىڭ ئۇلارنى بىر - بىرلىرىگە ئۈستۈن قىلغانلىقى سەۋەبىدىن...» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر «ئۇلارنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن قىلىنىشى

سەۋەبىدىن...» دېگەن بولسا ئىدى، تېخىمۇ قىسقا، تېخىمۇ يىغىنچاق بولغان بولاتتى. ئەمما ناھايىتى كۈچلۈك بىر ھېكمەتكە بىنائەن يۇقىرىدىكى شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بۇ ھېكمەت، ئەرلەرگە كۆرە ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنىڭ، ئىنسان ۋۇجۇدىغا كۆرە بىر ئەزانىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئايال كىشىگە كۆرە ئەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش. ئەر كىشى باش بولسا، ئايال كىشى بەدەننىڭ ئورنىدىدۇر. بىر ئەزانىڭ باشقا بىر ئەزا ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشى ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى قۇلاق كۆزگە، قول پۇتقا موھتاجدۇر. ئىنساننىڭ يۈرىكىنىڭ ئاشقازىنىدىن يۇقىرى، بېشىنىڭ قولىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەيىب ئەمەستۇر. چۈنكى ئەزالارنىڭ ھەر بىرى سىستېمىلىق شەكىلدە ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە موھتاجدۇر. «بىر - بىرلىرىگە ئۈستۈن قىلىنغانلىقى...» ئىپادىسىنىڭ سىرى مانا بۇدۇر. ئايەت كەرىمنىڭ مۆجىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنى ئەدەبلەش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە: بەلكى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئەڭ ناچار يولى، ئىسلام ئەر كىشىگە ئايال كىشىنى ئۇرۇش رۇخسىتىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى تۆۋەن كۆرگەن، دېگەنىدەك قارىشى بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام دۈشمەنلىرى: «قۇرئان ئۇلارنى تۆشەكلىرىدە يالغۇز قالدۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى ئۇرۇڭلار» دېيىش ئارقىلىق، ئايال كىشىنى ئۇرۇشقا قانداقلارچە رۇخسەت قىلىدۇ؟ بۇ ئايال

كىشىنى پەس كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئار ـ نومۇسىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئەمەسمۇ؟ دېيىشىدۇ.

جاۋاب: ھېكمەت ئىگىسى ۋە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى زات بولغان ئاللاھ تائالا ئايال كىشىنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئەمما كىم ئۇرۇلىدۇ ۋە قانداق چاغدا ئۇرۇلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى ئۇرۇش ـ ئەلۋەتتە، يەڭگىل شەكىلدىكى ئۇرۇش ـ ھەدىسى شەرىپتە بايان قىلىنغىنىدەك، ئايالنىڭ چىقىشماسلىقى ۋە ئېرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان چارىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئايال كىشى ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتمىسە، ئۆز بېشىمچىلىق قىلسا، شەيتاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلسا ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، جەھەننەمگە ئايلاندۇرۇۋەتسە، ئەر كىشى نېمە قىلىدۇ؟ قۇرئان كەرىم بۇنىڭ دورىسىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردى: ئالدى بىلەن سەۋرچانلىق ۋە سىلىق - سىپايىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش، ئۇنۇم بەرمىسە ۋەز - نەسىھەت قىلىش، بۇمۇ كارغا كەلمىسە تۆشەكتە يالغۇز قالدۇرۇش. بۇ تەدبىرلەر كارغا كەلمىگەن تەقدىردە، باشقا تەدبىرلەرنى ئېلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن يەڭگىل شەكىلدە ئۇرۇشنىڭ، ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشكە قارىغاندا زىيىنى ئازدۇر. كىچىك زىياننى چوڭ زىيانغا سېلىشتۇرغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك زىيان گۈزەل ۋە ياخشى كۆرۈنىدۇ. «ئەمەلىق ئەسكە ئېلىنغىنىدا، بىر كۆز بولسىمۇ بولۇش ياخشى كۆرۈنىدۇ» سۆزى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئۇرۇش پەقەت بىر خىل

تۈزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن ياخشىلاش مۇمكىن بولمايدىغان بەزى ئەھۋاللاردا پايدىسى بولىدۇ. «بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى چۈشەنمەيدۇ».

أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يَشۡتَرُونَ
ٱلضَّلَٰلَةَ وَيُرِيدُونَ أَن تَضِلُّواْ ٱلسَّبِيلَ ﴿٤٤﴾ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ
بِأَعۡدَآئِكُمۡۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَلِيّٗا وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ نَصِيرٗا ﴿٤٥﴾ مِّنَ
ٱلَّذِينَ هَادُواْ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَيَقُولُونَ
سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا وَٱسۡمَعۡ غَيۡرَ مُسۡمَعٖ وَرَٰعِنَا لَيَّۢا
بِأَلۡسِنَتِهِمۡ وَطَعۡنٗا فِي ٱلدِّينِۚ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَا
وَٱسۡمَعۡ وَٱنظُرۡنَا لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ وَأَقۡوَمَ وَلَٰكِن لَّعَنَهُمُ
ٱللَّهُ بِكُفۡرِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٤٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ ءَامِنُواْ بِمَا نَزَّلۡنَا مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُم مِّن
قَبۡلِ أَن نَّطۡمِسَ وُجُوهٗا فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدۡبَارِهَآ أَوۡ نَلۡعَنَهُمۡ
كَمَا لَعَنَّآ أَصۡحَٰبَ ٱلسَّبۡتِۚ وَكَانَ أَمۡرُ ٱللَّهِ مَفۡعُولًا ﴿٤٧﴾ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن
يَشَآءُۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفۡتَرَىٰٓ إِثۡمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾ أَلَمۡ
تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُزَكُّونَ أَنفُسَهُمۚ بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّي مَن يَشَآءُ وَلَا
يُظۡلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٤٩﴾ ٱنظُرۡ كَيۡفَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۖ
وَكَفَىٰ بِهِۦٓ إِثۡمٗا مُّبِينًا ﴿٥٠﴾ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا
مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡجِبۡتِ وَٱلطَّٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ

كَفَرُواْ هَٰٓؤُلَآءِ أَهۡدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ سَبِيلًا ﴿٥١﴾
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَمَن يَلۡعَنِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ
لَهُۥ نَصِيرًا ﴿٥٢﴾ أَمۡ لَهُمۡ نَصِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُلۡكِ فَإِذٗا لَّا يُؤۡتُونَ
ٱلنَّاسَ نَقِيرًا ﴿٥٣﴾ أَمۡ يَحۡسُدُونَ ٱلنَّاسَ عَلَىٰ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ
مِن فَضۡلِهِۦۖ فَقَدۡ ءَاتَيۡنَآ ءَالَ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ
وَءَاتَيۡنَٰهُم مُّلۡكًا عَظِيمٗا ﴿٥٤﴾ فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ بِهِۦ
وَمِنۡهُم مَّن صَدَّ عَنۡهُۚ وَكَفَىٰ بِجَهَنَّمَ سَعِيرًا ﴿٥٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَوۡفَ نُصۡلِيهِمۡ نَارٗا كُلَّمَا نَضِجَتۡ
جُلُودُهُم بَدَّلۡنَٰهُمۡ جُلُودًا غَيۡرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَۗ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
سَنُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ
أَبَدٗاۖ لَّهُمۡ فِيهَآ أَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞۖ وَنُدۡخِلُهُمۡ ظِلّٗا ظَلِيلًا ﴿٥٧﴾

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ سۇفيان يەھۇدىي ئالىملىرىدىن بىرى بولغان كەئب ئىبنى ئەشرەفكە مۇنداق دەيدۇ: «سەن كىتابنى بىلىدىغان ۋە ئوقۇغان بىر كىشى. بىز ساۋاتسىز، ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيمىز. قېنى ئېيتقىن، قايسىمىز ئەڭ توغرا يولدا، بىزمۇ ياكى مۇھەممەدمۇ؟». كەئب: «دىنىڭلارنى ماڭا بايان قىلىپ بېرىڭلار» دېگەندە، ئەبۇ سۇفيان: «بىز ھاجىلارغا تۆگىلەرنى سويىمىز، سۇ بېرىمىز، مېھمان قىلىمىز ۋە بەيتۇللاھنى رېمونت قىلىمىز؛ مۇھەممەد بولسا، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن ئايرىلدى ۋە خىش - ئەقرىبالىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى» دەيدۇ.

كەئب: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۇنىڭ دىنىدىن ياخشى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر تېخىمۇ توغرا يولدا» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا، «(ئى مۇھەممەد!) كىتابتىن (تەۋراتتىن) نېسىۋە بېرىلگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ۋە يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىشلىرىنى، شۇنداقلا ئاللاھتىن ھېچقانداق سۆزنى يوشۇرالمايدىغانلىقلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەتلەردىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ كۇپۇر، ئىنكار ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىشلىرىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىدۇ. ئارقىدىن ئەھلى كىتابنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ۋە جەھەننەمدە ئۇلار ئۇچرايدىغان مەڭگۈلۈك ئازابنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇ ئازابتىن ساقلىسۇن!

**تەپسىرى:** 44. «(ئى مۇھەممەد!) كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقنى سېتىۋال-غانلىقىنى ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىشىڭلارنى خالايدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟». ئايەتتىكى سوئال، يەھۇ-دىيلارنىڭ يامان ئەھۋاللىرىنىڭ ھەيرانلىق ھېس قىلىنىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئى مۇھەممەد! تەۋرات ئىلمىدىن نېسىۋە بېرىلگەن يەھۇدىي ئالىملىرىغا قارىغىن! ئۇلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن، كۇپۇرنى ئىماندىن يۇقىرى كۆرۈشتى، ئى مۆمىنلەر! ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە

ئوخشاش بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ھەق يولدىن ئېغىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ. 45. «ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەن-لىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»، ئاللاھ تائالا بۇ گۇمراھ يەھۇدىيلارنىڭ سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى سىلەردىن ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. «ئاللاھ سىلەرنى ساقلاشقا ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر»، ئاللاھنىڭ دوست ۋە ياردەمچى بولۇشى سىلەرگە كۇپايە قىلىدۇ. سىلەر پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىشىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا تايىنىڭلار. سىلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاشقا ئاللاھ كۇپايە. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا لەنەتلەنگەن يەھۇدىيلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 46. «يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار»، يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى مەقسەتلىك ھالدا ئاللاھنىڭ تەۋراتتىكى سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان مەنىدىن باشقا بىر مەنىدە ئىزاھلايدۇ. دەرۋەقە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى، رەجىم قىلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىشتى. «ئۇلار: <بىز (سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، (ئەمرىڭگە) بويسۇنمىدۇق> دەيدۇ»، ئۇلارنى ئىمانغا چاقىرغىنىڭدا «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەمرىڭگە بويسۇنمىدۇق» دەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۇپۇر ۋە جاھىللىقلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ بەدئىي ئۇسۇلىدۇر. مۇجاھىد: «بۇ، ئى مۇھەممەد! ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمما بۇ مەسىلىدە ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز، دېگەن بولىدۇ» دېگەن. «بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز، (دەيدۇ.)»، بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزغا

قۇلاق سال، ئاڭلىما. بۇ يەردە سۆز ئىككى بىسلىق ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئېھتىمالى بار. ئەسلىدە «قۇلىقىڭغا ياقمايدىغان بىر نەرسىنى ئاڭلىما» دېگەن مەنىدە ياخشىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىراق، پەسكەش يەھۇدىيلار بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەددۇئا قىلىش مەقسىتىدە ئېيتىشاتتى. يەنى: «ئاللاھ قۇلاقلىرىڭلارنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتسۇن» ياكى «ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالسۇن» دېمەكچى بولۇشاتتى. «رائىنا» ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغاندا رائىنا «ئى ئەخمەق» دېيىشەتتى. بۇ «ئەخمەق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «رەئۇنە» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بىر خىل ھاقارەت سۆزى ئىدى. يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئەخمەق قىلىش، مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىشەتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن تىللاش، ھاقارەت قىلىشنى كۆزلىشەتتى. بىراق، ئۇلار كۆرۈنۈشتە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، رائىنا دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ» ، يەنى ھەقىقەتنى باتىل بىلەن بۇرمىلاش ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھۋال يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھازىرمۇ بار. يەھۇدىيلارنىڭ كىچىك بالىلىرىنى مۇشۇ شەكىلدە يېتىشتۈرگەنلىكلىرىنى ۋە ئۇلارغا، مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلغاندا كۆرۈنۈشتە ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ھاقارەت قىلىش مەقسىتىدە ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ياد ئالدۇرغانلىقلىرىغا شاھىت بولدۇق». «ئەگەر ئۇلار ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق (دېسە)» ، يەنى ئۇ يەھۇدىيلار

«ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق» دېگەننىڭ ئورنىغا «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگە بولسا، «قۇلاق سال، ئۇنزۇرنا دېسە»، يەنى ئۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنداق رەزىل ئۇسلۇبتا سۆز قىلماي، «سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سال، ئاڭلىما» دېگەننىڭ ئورنىغا «قۇلاق سال، بىزگە قارىغىن» دېگەنگە ئوخشاش گۈزەل شەكىلدە خىتاب قىلغان بولسا، «ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا بولاتتى»، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ توغرا بولغان بولاتتى. «لېكىن كۇپرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ»، ئىلگىرىكى كۇپۇرلۇقلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت ۋە رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇردى. ئەمدى ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىمان كەلتۈرىدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ھېسابقا ئالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاز ئىمان ئېيتىدۇ» بۇمۇ، كىتاب ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشلىرىدۇر. ئارقىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يۈزلىرىنى تۈپتۈز قىلىپ، ھېس - تۇيغۇلىرىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سالغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 47. «ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەھۇدىيلار) بىز نۇرغۇن يۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن ئىلگىرى...»، يەنى ئى يەھۇدىيلار! بىز بۇرۇن، كۆز، قاش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز جايلىرىدىن يوق قىلىۋېتىپ، بىر قاتار يۈزلەرنى تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە يۆتكەپ قويۇش ئارقىلىق سۈرىتى مۇبەددەل قىلىۋېتىشىمىزدىن ئىلگىرى، «ياكى شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا لەنەت قىلغىنىمىز-

دەك ئۇ يۈزلەرگىمۇ لەنەت قىلىشتىن ئىلگىرى» ، يەنى ئۇلارنى مايمۇن ياكى توڭغۇزغا ئۆزگەرتىۋەتكىنىمىزگە ئوخشاش، سىلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئىلگىرى، «ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى تەستىق قىلىدىغان بىز نازىل قىلغان كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» قولۇڭلاردىكى تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. يۈزلەرنى مۇبەددەل قىلىۋېتىشتىن مەقسەت، ئىنسانىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئىنتايىن كۆرۈمسىز بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشتۇر. بۇ قاراش ئىبنى ئابباسقا ئائىت.[1] «ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ» ، يەنى ئۇ بىر ئىشنى بۇيرۇغىنىدا ئۇ ئىش چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. 48. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» ، ئاللاھ شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خالىغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ» ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ بوھتان قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بارلىق كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئاستىدىدۇر. ئۇنىڭ چوڭ گۇناھى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشلا بولمايدىكەن،

[1] تەبەرىيمۇ بۇ قاراشنى قوللىغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ مەنىسى، «بىز ئۇ يۈزلەردىن كۆزلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، باشنىڭ ئارقا قىسمىغا ئوخشاش تۈپتۈز قىلىۋېتىشتىن ۋە كۆزلەرنى ئارقا تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، كەينىچىلاپ ماڭىدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەن بولىدۇ.

خالىسا ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىسا ئۇنى جازالايدۇ». بۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ كۇپۇرلۇقلىرى ۋە كىتابنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشلىرىغا قارىماي ئۆزلىرىنى ئاقلايدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 49. «ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟»، يەنى ئۆزلىرىنى ماختايدىغان، ئىتائەتكار ۋە تەقۋادار ئىكەنلىكلىرىنى ئېيتىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ خەۋىرى ساڭا كەلمىدىمۇ؟ بۇ سوئال ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «بۇلار ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغان ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلار <بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى، بىز ئۈچۈن گۇناھ يوق> دېيىشتى». «ئۇنداق ئەمەس (ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ» ـ ئىش ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارىشى بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ پاك دەپ بىلىشى بىلەن پۈتىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە يوشۇرۇن قىسمىنى پەقەت ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئۆزى رازى بولغانلارنى پاكلار قاتارىغا چىقىرىدۇ. ئۇلار، ناچار يەھۇدىيلار ئەمەس، ياخشى ۋە پاك كىشىلەردۇر. «ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ»، يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن قىلچىلىكمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. «ئاللاھ <زەررە> قەدەر زۇلۇم قىلمايدۇ» (نىسا سۈرىسى، -40 ئايەت) مەنىسىدىكى ئايەتتە «زەررە» سۆزى ئازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. 50. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئاللاھقا تۆھمەت چاپلاۋاتقانلىقىغا قارىغىن!»، بۇمۇ ئۇلارنىڭ تۆھمەت ۋە يالغانلىرىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئى مۇھەممەد!

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى «پاك» دەپ ئېلان قىلىش، ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى ئىكەنلىكلىرىگە دائىر دەۋالىرى خۇسۇسىدا ئاللاھقا قانداق تۆھمەتلەرنى چاپلىغانلىقىغا قارا. «بۇ ئوپئوچۇق گۇناھتۇر»، يەنى ئوپئوچۇق ۋە ناھايىتى چوڭ بىر گۇناھ سۈپىتىدە بۇ تۆھمەتخورلۇق ئۇلارغا كۇپايە قىلىدۇ. 51. «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ». بۇ سوئالمۇ ئەجەبلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلاردىن مەقسەت يەنە شۇ يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلارغا تەۋراتتىن نېسىۋە بېرىلگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بۇتلارغا ۋە ئاللاھتىن باشقا بارلىق مەبۇدلارغا ئېتىقاد قىلىشىدۇ ۋە «كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: <بۇلار (قۇرەيش كاپىرلىرى)نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر> دەيدۇ»، يەنى يەھۇدىيلار قۇرەيش كاپىرلىرىغا: «سىلەر مۇھەممەد ۋە دوستلىرىغا قارىغاندا توغرا يولدا سىلەر» دەيدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «نادانلىقلىرى، دىنىي تۇيغۇلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ۋە قوللىرىدىكى ئاللاھنىڭ كىتابى تەۋراتنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن، كاپىرلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىدۇ». ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن خەۋەر بەرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 52. «ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر»، يەنى ئۇلار ئاللاھ لەنەت قىلىپ، رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرغان ۋە قوغلىغان كىشىلەردۇر. «ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن»، يەنى بىر كىشىنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرسا، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟

ئۇلارغا لەنەت تامغىسىنىڭ ئۇرۇلۇشىغا كىم توسالغۇ بولالايدۇ؟ ئۇ لەنەت ئېغىر ئازابتۇر. 53. «ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟» بۇ سوئال قارشى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق، دېگەن بولىدۇ. «ئەگەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ»، يەنى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئادەتتىن تاشقىرى بېخىللىقلىرى سەۋەبىدىن، ھېچكىمگە ئۇرۇقنىڭ ئۇستىدىكى چېكىت مىقدارى بىر نەرسە بەرمىگەن بولاتتى. ئايەتتىكى «نەقىر» سۆزى «فەتىل» ۋە «قىتمىر» سۆزلىرىگە ئوخشاش، ئازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. ئۇرۇقنىڭ ئۇستىدىكى چېكىت ئۈچۈن «نەقىر» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا بېخىللىقتىنمۇ ناچار بىر ئىللەت ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: 54. «ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟». ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەسھابىلىرىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشلىرىگە ھەسەت قىلىشتى»، يەنى ئۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇستۇن قىلغان، ئەرەبلەرنى شان - شەرەپكە ئىگە قىلغان پەيغەمبەرلىك تۈپەيلى پەيغەمبەرگە، ئىززەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟ «بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت ئاتا قىلدۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق»، يەنى ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاتا - بوۋىلىرىڭلارغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا كىتابلارنى نازىل قىلدۇق، داۋۇد ۋە سۇلايمانغا

ئوخشاشلىرىغا پەيغەمبەرلىك بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى چوڭ ھۆكۈمدارلىقلارنى بەردۇق. ئۇ ھالدا، نېمىشقا ئاللاھ نېمەتلىرىنى ئېھسان قىلغان باشقا كىشىلەرگە ئەمەس، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىسىلەر؟ بۇنىڭدىن مەقسەت، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىشلىرىنى رەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىگە ئىنئام قىلغان نېمەتلىرىنى بىلدۈرۈش بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن.
55. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار»، يەنى يەھۇدىيلاردىن بەزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈردى، بۇلار ناھايىتى ئازدۇر؛ يەنە بەزىلىرى ئىمان ئېيتماي، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، بۇلار كۆپ سانلىقتۇر. بىر ئايەت كەرىمدە «ئۇلاردىن ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر باردۇر، كۆپىنچىسى <پاسىقلاردۇر>» دېيىلگەن. «ئۇلارغا جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر»، يەنى ئۇلارنىڭ كۇپرى ۋە جاھىللىقلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن يالقۇنجاپ تۇرغان جەھەننەمنىڭ ئوتى كۇپايىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن تەييارلىغان قاتتىق ئازاب ۋە تەھدىتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 56. «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز»، يەنى بىر كۈن كېلىدۇ، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى يۈزلىرى ۋە تېرىلىرىنى پىشۇرۇۋېتىدىغان قورقۇنچلۇق ناھايىتى كۈچلۈك ئوتقا كىرگۈزىمىز. «ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا، ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز»، يەنى ئۇلارنىڭ تېرىلىرى

پىشىپ، تولۇق مەنىدە كۆيۈپ بولغىنىدا، ئازابىنىڭ دەردىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇرسۇن دېگەن مەقسەتتە، ئۇ تېرىلەرنى باشقا تېرىلەر بىلەن ئالماشتۇرىمىز. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئوت ئۇلارنى ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ قېتىم پىشۇرىدۇ. ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندە، ئۇلارغا <بۇرۇنقى ھالىتىڭلارغا قايتىڭلار> دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىلەر بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ». رەبىئي مۇنداق دەيدۇ: «دوزاختىكىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تېرىسى قىرىق گەز كېلىدۇ. قورسىقىغا بىر تاغنى قويۇپ قويسا، ئۇنىڭغا سىغىدۇ. ئوت ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغانسېرى، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىمۇ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ». ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دوزىخىيلار جەھەننەمدە شۇنچىلىك چوڭايتىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ كەڭلىكى يەتتە يۈز يىللىق مۇساپىدەك كېلىدۇ. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى يەتمىش گەز، چىشى ئوھۇد تېغىدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ. (ئەھمەد «مۇسنەد»تە رىۋايەت قىلغان.) «ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ، يەنى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېچبىر نەرسە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ھېكمەت ئىگىسىدۇر، گۇناھكارلارنى ئادىللىق بىلەن جازالايدۇ. 57. «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ». بۇ ئايەت بەختكە ئېرىشكۈچى كىشىلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى زېمىنلىرىدىن، بارلىق ۋادىلىرىدىن ۋە خالىغان پۈتۈن جايلىرىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ

تۈرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز. ئۇلار ئۇلمەيدۇ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. «ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ»، يەنى ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ھەر خىل بولمىغۇر نەرسىلەردىن پاكلانغان ئاياللار بار. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بولمىغۇر نەرسىلەر، يەنى چوڭ - كىچىك تەرەت، ھەيز، تۈكۈرۈك، مەنى ۋە بالىغا ئوخشىغان نەرسىلەردىن پاكلانغان ئاياللاردۇر». «ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىگە داخىل قىلىمىز»، يەنى ئۇلارنى قۇياش ئىلىپ كېتەلمەيدىغان، ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىزچىللىقنى ساقلاپ قالىدىغان بىر سايىگە كىرگۈزىمىز. ھەسەن بەسرىي مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى سايىلەرگە كىرىدىغان ھارارەت ۋە ئىسسىق شاماللار مەزكۇر سايىگە كىرەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سايە <زالىل> سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن». ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جەننەتتە شۇنداق بىر دەرەخ باركى، ئۇلاغلىق بىر كىشى ئۇنىڭ سايىسىدە يۈز يىل مېڭىپمۇ تۈگىتەلمەيدۇ.» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تُؤَدُّواْ ٱلۡأَمَٰنَٰتِ إِلَىٰٓ أَهۡلِهَا وَإِذَا حَكَمۡتُم
بَيۡنَ ٱلنَّاسِ أَن تَحۡكُمُواْ بِٱلۡعَدۡلِۚ إِنَّ ٱللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم
بِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ٥٨ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن
تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ
بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا ٥٩

أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزۡعُمُونَ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ
وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓاْ إِلَى ٱلطَّٰغُوتِ
وَقَدۡ أُمِرُوٓاْ أَن يَكۡفُرُواْ بِهِۦۖ وَيُرِيدُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُضِلَّهُمۡ
ضَلَٰلَۢا بَعِيدٗا ﴿٦٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ رَأَيۡتَ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ يَصُدُّونَ عَنكَ
صُدُودٗا ﴿٦١﴾ فَكَيۡفَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ
أَيۡدِيهِمۡ ثُمَّ جَآءُوكَ يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنۡ أَرَدۡنَآ إِلَّآ
إِحۡسَٰنٗا وَتَوۡفِيقًا ﴿٦٢﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ مَا
فِي قُلُوبِهِمۡ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَعِظۡهُمۡ وَقُل لَّهُمۡ فِيٓ
أَنفُسِهِمۡ قَوۡلَۢا بَلِيغٗا ﴿٦٣﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ
إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ إِذ ظَّلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ
جَآءُوكَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡتَغۡفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ لَوَجَدُواْ
ٱللَّهَ تَوَّابٗا رَّحِيمٗا ﴿٦٤﴾ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ
يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ
حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا ﴿٦٥﴾ وَلَوۡ أَنَّا كَتَبۡنَا
عَلَيۡهِمۡ أَنِ ٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ أَوِ ٱخۡرُجُواْ مِن دِيَٰرِكُم مَّا
فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٞ مِّنۡهُمۡۖ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ فَعَلُواْ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ
لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ وَأَشَدَّ تَثۡبِيتٗا ﴿٦٦﴾ وَإِذٗا لَّأٓتَيۡنَٰهُم مِّن لَّدُنَّآ
أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٦٧﴾ وَلَهَدَيۡنَٰهُمۡ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ﴿٦٨﴾ وَمَن
يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم
مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ

أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقٗا ۝٦٩ ذَٰلِكَ ٱلۡفَضۡلُ مِنَ ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ عَلِيمٗا ۝٧٠

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋاللىرى، تەرسالىقى، ھەسەت ۋە ئىنكارچىلىقلىرىنى بايان قىلىپ، ئاخىرەتتە ئۇلار ئۇچۇن تەييارلىغان ئازاب ۋە جازا ھەققىدە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش، ئامانەتكە رىئايە قىلىش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق سائادەت يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئارقىدىن مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار ھەزەر ئەيلەش ۋە يىراق تۇرۇشى كېرەك بولغان سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھنىڭ رەسۇلى فەتھى كۈنى مەككىگە كىرگىنىدە، ئوسمان ئىبنى تەلھە كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ ئۆگزىگە چىقىۋالغان ۋە ئاچقۇچنى رەسۇلۇللاھقا بېرىشنى رەت قىلىپ: «ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلسەم بېرەتتىم» دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ تۇرۇپ ئاچقۇچنى ئالغان ۋە كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان ۋە قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئاچقۇچنى ئوسمان ئىبنى تەلھەگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنى بۇيرۇغان. ئوسمان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئازار بەردىڭ، مەجبۇرلىدىڭ، ئارقىدىن كېلىپ

كەچۈرۈم سوراۋاتىسەن» دېگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ سېنىڭ ھەققىڭدە <شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ> دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى» دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايەتنى ئوقۇشى بىلەن ئوسمان مۇسۇلمان بولغان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى تەلھە ئوغۇللىرى! بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مەڭگۈ سىلەردە قېلىش ئۈچۈن ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار. ئۇنى سىلەردىن زالىملاردىن باشقا بىرى ئالالمايدۇ» دېگەن. 2. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇناپىقلاردىن بىشر ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن بىر يەھۇدىي ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئىدى. يەھۇدىي: «كەل مۇھەممەد ئايرىپ قويسۇن» دېۋىدى، ھېلىقى مۇناپىق كىشى: «ياق، كەئب ئىبنى ئەشرەف ئايرىپ قويسۇن» دېدى. كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئاللاھ تائالا «تاغۇت» دەپ ئاتىغان ئىدى. يەھۇدىي بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايرىپ قويۇشى مەسىلىسىدە چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىينىڭ ھەقلىق، مۇناپىقنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن چىققاندىن كېيىن، مۇناپىق بۇ ھۆكۈمگە رازى بولمىدى ۋە: «كەل، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئايرىپ قويسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىشتى. يەھۇدىي: «مەن بىلەن بۇ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خۇسۇمەت بار ئىدى، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئايرىپ قويۇشى ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلدۇق. ئۇ مېنىڭ ھەقلىق،

بۇ كىشىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئايرىپ قويۇشىغا رازى بولماي، سىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشۇڭنى تەلەپ قىلدى» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇناپىقتىن: «شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، مۇناپىق: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن چىققۇچە ئورنۇڭلاردا ساقلاپ تۇرۇڭلار» دېگەچ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ۋە قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھالدا چىقتى. قىلىچ بىلەن مۇناپىقنى چېپىپ ئۆلتۈردى ۋە: «ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان كىشى ھەققىدە مەن مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلىمەن» دېدى. بۇنىڭ بىلەن «ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (مۇناپىقلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

**تەپسىرى:** 58. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ». دېگەن ئايەتتىكى خىتاب ئومۇمىي مەنىدە بولۇپ، بارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەرۋەقە ئامانەتلەرمۇ ئومۇمىي بولۇپ، مەيلى ئاللاھنىڭ ھەقلىرى، ياكى بەندە ھەقلىرى بولسۇن، ئىنسانلار ئۈستىدىكى بارلىق ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىتاب بارلىق كىشى ۋە بارلىق ئامانەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە بېرىشىڭلارنى بۇيرۇيدۇ، دېگەن بولىدۇ». ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئامانەتلەرنىڭ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلۇشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇ بۇيرۇق، ئىنساننىڭ ئادا قىلىشى

كىرەك بولغان بارلىق ئامانەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئامانەتلەر ناماز، روزا، زاكات، كاپارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى، ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن ئامانەتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن شەكىللەنگەن بەندىلەرنىڭ بىر - بىرلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىن ئىبارەت. «كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» ، يەنى ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل بولۇشۇڭلارنى بۇيرۇيدۇ. «ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى» ، يەنى سىلەرگە نەسىھەت قىلىنغان نەرسىلەر نېمىدېگەن ياخشى! «ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر» ، يەنى ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى زاتتۇر. بۇ يەردە ھەم ۋەدە ھەم ئاگاھلاندۇرۇش بار. 59. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەگىشىش ئارقىلىق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «ئۆزۈڭلاردىن بولغان» ئىبارىسى، بويسۇنۇلۇشى كېرەك بولغان رەھبەرلەرنىڭ شەكىل ۋە كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئەمەس، ماددى ۋە مەنىۋى، گۆش ۋە قانلىرىغىچە مۇسۇلمان بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار» ، يەنى، ئەگەر سىلەر ھەر قانداق بىر مەسىلىدە تالاش - تارتىش قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنىڭ

ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلىشىدۇ. «ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسەڭلار» يەنى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي مەنىدە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇ تالاش - تارتىشتا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ يەردىكى شەرت ئالدى قوشۇمچىسى بولغان <ان>نىڭ جاۋابى، ئالدىنقى ئايەتتىن چۈشەنگىلى بولىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن قىسقارتىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت قۇرئان ۋە سۈننەتنى چىڭ تۇتۇشنى تەشۋىق قىلىشتۇر. مەسىلەن: ئىنسان، «ئەگەر ئوغلۇم بولىدىغان بولساڭ، ماڭا قارشى چىقما» دەيدۇ. «بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ پايدىلىق ۋە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ گۈزەلدۇر. يۇقىرىقىلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا، قەلبلىرىدە ئىمان بولمىسىمۇ، ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى دەۋا قىلغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 60. «ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟». بۇ ئايەت، ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، ئارقىدىن ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ۋە سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بۇ مۇناپىقلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئەجەبلەنمەمسەن؟ «ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ» ، يەنى كېلىشمەسلىكلىرىنى

تاغۇتلارغا ھۆكۈم قىلغۇزماقچى بولۇشىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «گۇمراھ يەھۇدىيلاردىن بىرى بولغان كەئىب ئىبنى ئەشرەفتۇر. ھەددىدىن زىيادە ئازغۇنلۇقى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا دۈشمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇ ئىسىم بېرىلگەن. «ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان» ، يەنى ئۇلارغا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشلىرى ۋە ئاللاھتىن باشقىلارنى ئىنكار قىلىشلىرى بۇيرۇلغان ئىدى. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى تاغۇت (ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى، 256 - ئايەت). «شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ، يەنى شەيتان بولسا ھەق ۋە ھىدايەتتىن ئېغىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. 61. «ئۇلارغا (مۇناپىقلارغا): <ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار> دېيىلسە» ، يەنى ئۇ مۇناپىقلارغا، كېلىڭلار، ئاراڭلاردىكى تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلىرىڭلار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، دېيىلگىنىدە، «مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن» ـ نىپاقلىرى تۈپەيلى سەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. 62. «قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا» ، يەنى گۇناھلىرى ۋە ئۆز قوللىرى بىلەن سادىر قىلغان كۇپۇر ھەم ئاسىيلىقلىرى تۈپەيلى ئاللاھ ئۇلارنى جازالىغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇ ئازابنى ئۆزلىرىدىن توسۇپ قالالامدۇ؟ ئاندىن «سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھ

بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: <بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق> دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ» ، يەنى ئارقىدىن بۇ مۇناپىقلار سادىر قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش مەقسىتىدە، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز سەندىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىغا مۇراجىئەت قىلىش بىلەن ياراشتۇرۇش ۋە ئەپلەشتۈرۈشتىن باشقا بىر ئىشنى مەقسەت قىلمىدۇق ۋە سېنىڭ ھۆكمىڭنى رەت قىلماقچى ئەمەس ئىدۇق» دېيىشىدۇ. ئاللاھ تائالا، ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 63. «ئەنە شۇلار (مۇناپىقلار يالغان ئېيتىدۇ)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ» ، يەنى ئۇ مۇناپىقلار يالغان ئېيتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى نىپاق، مىكىر ۋە ئالدامچىلىقنى بىلىدۇ. ئۇلار بۇ شېرىن سۆزلىرى بىلەن سېنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ. «ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن» ، يەنى پايدىنى كۆزلىگەن ھالدا ئۇلارنى جازالاشتىن ۋاز كەچكىن. قەلبلىرىدە ساقلىغان نەرسىلىرىنى بىلىدىغانلىقىڭنى ئۇلارغا ئېيتمىغىن، قورقۇش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالسۇن ئۈچۈن، يوشۇرۇن نەرسىلىرىنى ئاشكارىلىما. «ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن» ، يەنى ئازابنى بايان قىلىدىغان ئايەتلەر ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرى ۋە قىلتاق قۇرۇشلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىن. «ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن» ، يەنى ئۇلارغا سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەردە قەلبلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلغىن. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ دەۋالىرىنى رەت قىلىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا توسالغۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 64. «بىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق»، يەنى بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلىنسۇن، دەپ ئەۋەتتۇق. پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ. «ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە»، يەنى ئۇ مۇناپىقلار سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان چاغلىرىدا، بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش، گۇناھلىرىدىن ئاللاھقا ئىستىغپار ئېيتىش ۋە خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەن بولسا ئىدى، «پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى»، يەنى ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى ئاللاھتىن تىلىسە ئىدىڭ. «ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى»، يەنى ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولار ئىدى. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا راستچىل ئىماننىڭ يولىنى بايان قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 65. «پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە»، يەنى ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلاردا سېنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىپ، چۈشىنىشمەسلىك بولغان ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەردە

سىنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولمىغۇچە، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ئايەتنىڭ باش تەرىپىدىكى «اللام» قەسەمنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن. «ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»، يەنى ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا ھېچقانداق غۇم قالماستىن، قارشى تۇرماستىن، ئۆزلىرىنى ئاقلىماستىن ياكى تالاش - تارتىش قىلماستىن تولۇق مەنىدە ئىتائەت قىلمىغۇچە، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ئىماننىڭ ھەقىقىتى بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇشتۇر. 66. «ئەگەر بىز ئۇلارغا: <ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار> دەپ ئەمر قىلغان بولساق ئىدۇق»، يەنى ئەگەر ئۇ مۇناپىقلارغا ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى يۈكلىگەن بولساق ۋە ئۇلارغىمۇ بىر قاتار ئېغىر ئىشلارنى ئارتىپ، بەنى ئىسرائىلغا بۇيرۇغىنىمىزدەك، ئۇلارنىمۇ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ۋەتەنلىرىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان بولساق ئىدۇق، «ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى»، يەنى ئىمانلىرى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسى بۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان، ئىتائەت قىلمىغان بولاتتى، «ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى» ـ ئەگەر ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلغان بولسا ئىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تېخىمۇ ياخشى بولغان، ئىمانلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن، گۇمراھلىق ۋە نىپاقتىن ئەڭ يىراق

بولغـان بولاتتـى. 67. «ئـۇ چاغـدا دەرگاھىمىزدىـن ئۇلارغـا ئەلۋەتتـە بۈيـۈك ئەجىـر (جەننـەت) ئاتـا قىلاتتـۇق»، يەنـى ئـۇ ھالـدا، ئۇلارغـا دەرگاھىمىزدىـن كاتتـا مۇكاپاتلارنـى بېرەتتـۇق. 68. «ئۇلارنـى ئەلۋەتتـە توغـرا يولغـا ھىدايـەت قىلاتتـۇق»، يەنـى ئۇلارنـى نەئىـم جەننەتلىرىگـە ئېلىـپ بارىدىغـان توغـرا يولغـا يېتەكلىگـەن بولاتتـۇق. بۇلاردىـن كېيىـن، ئاللاھ تائـالا ئـۆزى ۋە رەسـۇلىغا ئىتائـەت قىلىشنىڭ پايدىسىنى بايـان قىلغان ھالـدا مۇنـداق دەيـدۇ: 69. «كىملەركـى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگـە ئىتائـەت قىلىدىكـەن، ئـۇلار ئاللاھنىـڭ نېمىتىگـە ئېرىشكەنلەر بىلـەن بىللـە بولىـدۇ»، يەنـى كىمكـى ئاللاھ ۋە رەسـۇلىنىڭ بۇيرۇغـان ئىشـلىرىنى قىلسـا، توسـقان ئىشـلىرىدىن يىـراق تۇرسـا، ئاللاھ ئۇنـى «خۇلـد» جەننەتلىرىـدە ئۆزىگـە يېقىـن بولغانـلار بىلـەن بىرلىكتـە ئىـززەت - ئىكـرام ئورنىغـا ئورۇنلاشـتۇرىدۇ. يەنـى ئۇنـى ئاخىرەتتـە يۇقىـرى مەرتىـۋە ئىگىلـىرى بىلـەن بىـر يـەردە ئولتۇرغۇزىـدۇ. «پەيغەمبەرلـەر، سـىددىقلار، شـەھىدلەر ۋە ياخشـىلار»، يەنـى ئـۇلار پـاك پەيغەمبەرلـەر، ئۇلارنىـڭ پەزىلەتلىـك يېقىـن دوسـتلىرى بولغـان سـىددىقلار، ئاللاھنىـڭ يولىـدا شـەھىد بولغـان تاللانغـان كىشـىلەر ۋە ئاللاھنىـڭ باشـقا سـالىھ بەندىلىرىـدۇر. «ئـۇلار نېمىدېگـەن ياخشـى ھەمراھـلار»، يەنـى بۇلارنىـڭ دوسـتلۇقى ۋە سـۆھبىتى نېمىدېگـەن گـۈزەل. بـۇ سـالىھ بەندىلەرنىـڭ دوسـتلىرىمۇ سـالىھتۇر. ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنىـدۇ: «سـەكراتتىكى مەزگىلىـدە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ: مـەن، <ئاللاھنىـڭ نېمىتىگـە ئېرىشـكەن پەيغەمبەرلـەر، سـىددىقلار (يۇقىـرى دەرىجىلىـك پەيغەمبەرلـەر ۋە شـەھىدلەر)، شـەھىدلەر ۋە ياخشـىلار بىلـەن

بىللە بولۇش ... نى خالايمەن» ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇنىڭ تاللىغانلىقىنى چۈشەندىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى تاللىدى). 70. «بۇ پەزل ئاللاھ تەرىپىدىندۇر» ، يەنى ئىتائەت قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن بۇ بۈيۈك مۇكاپات، پەقەت ئاللاھنىڭ لۇتفى - مەرھەمىتىدۇر. «ئاللاھ بىلىشتە يېتەرلىكتۇر» ، يەنى ئاللاھ ئىتائەت قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ، پەزل - ئېھسانغا لايىق بولغانلارنى بىلىدۇ، بۇ مەسىلىدە ئۇ كۇپايىدۇر.

**ئىلاۋە:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سەن ماڭا جېنىمدىن، ئائىلە كىشىلىرىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن. مەن ئۆيدىكى چېغىمدا سېنى ئەسلەيمەن، سېنىڭ قېشىڭغا كەلمەي تۇرالمايمەن ۋە كېلىپ ساڭا قارايمەن. ھەر ئىككىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا شۇنى ھېس قىلىمەنكى، سەن جەننەتكە كىرگەندە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلىكتە يۇكسەك ماقاملارغا كېتىسەن. شۇڭا مەن جەننەتكە كىرگەندە سېنى كۆرەلمەي قېلىشتىن قورقىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. نىھايەت، ئاللاھ تائالا «كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەنلەر... بىلەن بىللە بولىدۇ» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (ئىبنى مەردەۋەي رىۋايەت قىلغان.)

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذۡرَكُمۡ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ
ٱنفِرُواْ جَمِيعٗا ﴿٧١﴾ وَإِنَّ مِنكُمۡ لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنۡ أَصَٰبَتۡكُم

مُّصِيبَةٞ قَالَ قَدۡ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيَّ إِذۡ لَمۡ أَكُن مَّعَهُمۡ شَهِيدٗا ﴿٧٢﴾
وَلَئِنۡ أَصَٰبَكُمۡ فَضۡلٞ مِّنَ ٱللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمۡ تَكُنۢ
بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُۥ مَوَدَّةٞ يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ مَعَهُمۡ فَأَفُوزَ فَوۡزًا
عَظِيمٗا ﴿٧٣﴾ ۞ فَلۡيُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشۡرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ
ٱلدُّنۡيَا بِٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَن يُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيُقۡتَلۡ أَوۡ يَغۡلِبۡ
فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٧٤﴾ وَمَا لَكُمۡ لَا تُقَٰتِلُونَ فِي
سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ
ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا مِنۡ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلظَّالِمِ
أَهۡلُهَا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيّٗا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن
لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓاْ
أَوۡلِيَآءَ ٱلشَّيۡطَٰنِۖ إِنَّ كَيۡدَ ٱلشَّيۡطَٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾
أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمۡ كُفُّوٓاْ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَقِيمُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ إِذَا
فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ يَخۡشَوۡنَ ٱلنَّاسَ كَخَشۡيَةِ ٱللَّهِ أَوۡ أَشَدَّ خَشۡيَةٗۚ
وَقَالُواْ رَبَّنَا لِمَ كَتَبۡتَ عَلَيۡنَا ٱلۡقِتَالَ لَوۡلَآ أَخَّرۡتَنَآ إِلَىٰٓ
أَجَلٖ قَرِيبٖۗ قُلۡ مَتَٰعُ ٱلدُّنۡيَا قَلِيلٞ وَٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّمَنِ
ٱتَّقَىٰ وَلَا تُظۡلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧٧﴾ أَيۡنَمَا تَكُونُواْ يُدۡرِككُّمُ
ٱلۡمَوۡتُ وَلَوۡ كُنتُمۡ فِي بُرُوجٖ مُّشَيَّدَةٖۗ وَإِن تُصِبۡهُمۡ حَسَنَةٞ
يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَقُولُواْ
هَٰذِهِۦ مِنۡ عِندِكَۚ قُلۡ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ فَمَالِ هَٰٓؤُلَآءِ

ٱلْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ حَدِيثًا ﴿٧٨﴾ مَّآ أَصَابَكَ مِنْ
حَسَنَةٍ فَمِنَ ٱللَّهِ ۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٍ فَمِن نَّفْسِكَ ۚ
وَأَرْسَلْنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولًا ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿٧٩﴾ مَّن
يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ ۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ
عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ﴿٨٠﴾ وَيَقُولُونَ طَاعَةٌ فَإِذَا بَرَزُوا۟ مِنْ
عِندِكَ بَيَّتَ طَآئِفَةٌ مِّنْهُمْ غَيْرَ ٱلَّذِى تَقُولُ ۖ وَٱللَّهُ يَكْتُبُ
مَا يُبَيِّتُونَ ۖ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ
وَكِيلًا ﴿٨١﴾ أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ ۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ
غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ ٱخْتِلَٰفًا كَثِيرًا ﴿٨٢﴾ وَإِذَا جَآءَهُمْ أَمْرٌ
مِّنَ ٱلْأَمْنِ أَوِ ٱلْخَوْفِ أَذَاعُوا۟ بِهِۦ ۖ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ
وَإِلَىٰٓ أُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ يَسْتَنۢبِطُونَهُۥ مِنْهُمْ ۗ
وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ لَٱتَّبَعْتُمُ ٱلشَّيْطَٰنَ
إِلَّا قَلِيلًا ﴿٨٣﴾ فَقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ ۚ
وَحَرِّضِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلًا ﴿٨٤﴾ مَّن يَشْفَعْ
شَفَٰعَةً حَسَنَةً يَكُن لَّهُۥ نَصِيبٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن يَشْفَعْ
شَفَٰعَةً سَيِّئَةً يَكُن لَّهُۥ كِفْلٌ مِّنْهَا ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ
شَىْءٍ مُّقِيتًا ﴿٨٥﴾ وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا۟ بِأَحْسَنَ مِنْهَآ
أَوْ رُدُّوهَآ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ حَسِيبًا ﴿٨٦﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ
إِلَّا هُوَ ۚ لَيَجْمَعَنَّكُمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ لَا رَيْبَ فِيهِ ۗ وَمَنْ
أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ حَدِيثًا ﴿٨٧﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە نىپاق ۋە مۇناپىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن ۋە دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىتائەتلەرنىڭ ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكىنى ئادا قىلىشقا، ئۆز نۆۋىتىدە كاپىرلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييار ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئارقىدىن، جىھادقا قاتناشماي قېلىپ قالغان ۋە مۆمىنلەرنىڭ كەيپىياتىنى چۈشۈرگەن مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ، مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە بىر قىسىم دوستلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز مۇشرىك چېغىمىزدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدۇق، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن خار بولۇپ قالدۇق. بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا كەچۈرۈش بۇيرۇلدى. خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەمما ئۇلار بۇ قېتىم ئارقىغا چېكىنىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): <(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار> دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 71. «ئى مۆمىنلەر! تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! دۈشمىنىڭلاردىن پەخەس بولۇڭلار ۋە ئۇلارغا قارشى تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار. «ئۇرۇشقا تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار» ، يەنى جىھادقا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ھالدا ياكى قوشۇن - قوشۇن بولۇپ چىقىڭلار ۋەياكى نۇرغۇنلىغان كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇن ھالىتىدە چىقىڭلار. ئاللاھ تائالا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ھالدا ياكى كوللېكتىپ بىر قوشۇن ھالىتىدە جىھاد قىلىش مەسىلىسىدە مۇسۇلمانلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بەردى. 72. «شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار بار» ، يەنى ئاراڭلاردا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئېغىرلىق قىلىپ، جىھادقا چىقماي قېلىپ قالىدۇ، بۇلار مۇناپىقلاردۇر. كۆرۈنۈشلىرى ۋە دەۋالىرى ئېتىبارغا ئېلىنغان ھالدا مۆمىنلەردىن ھېسابلاندى. «ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت كەلسە، <ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولمىدىم> دەيدۇ» ، يەنى ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى مەغلۇب بولساڭلار، ئۇ مۇناپىق، ئاللاھ ماڭا مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى ئۇرۇشتا مەن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەمەس ئىدىم ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلمىدىم، دەيدۇ. 73. «ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى يەتسە» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ياردەم، غەلىبە ۋە غەنىمەت يەتسە، «گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، <كاشكى مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن

بولاتتىم> دەيدۇ»، يەنى ئەلۋەتتە ئۇ مۇناپىق ئاراڭلاردا ھېچقانداق تونۇشلۇق ۋە دوستلۇق يوقتەكدەك، پۇشايمان ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە <كاشكى ئۇرۇشتا ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، غەنىمەتتىن زور نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولسام» دەيدۇ. «گويا... يوقتەكدەك» جۈملىسى، ئۇلارنىڭ ئىمانلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قىستۇرما جۈملىدۇر. مۇناپىقنىڭ بۇ دوستلۇقى ئىمانىي دوستلۇق ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشتىكى دوستلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ مۆمىنلەر بىلەن باراۋەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىشى ئىسلامنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ئەمەس، شۈبھىسىزكى مال - دۇنيا قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن چۈشۈپ قالغانلارنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، مۆمىنلەرنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

74. «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن»، يەنى ئاللاھ يولىدا پانىي ھاياتنى بېرىپ باقىي ھاياتنى ئالغانلار ۋە پۇل - مېلىنى، جېنىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلغان سەمىمىي مۆمىنلەر جىھاد قىلسۇن. «كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز»، يەنى كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلسا شەھىد بولىدۇ ياكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭغا كۆپلەپ ئەجىر ئاتا قىلىمىز. شۇڭا مۆمىنلەر شاھادەت ياكى غەنىمەتكە ئوخشاش ئىككى گۈزەل ئىشتىن بىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مەيلى غالىب كەلسۇن، مەيلى مەغلۇپ بولسۇن، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان كىشى ئۈچۈن، بۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك بىر مۇكاپات بېرىش ۋەدىسىدۇر.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىققانلارغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دېدى: <بۇنى، مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىش، ماڭا ئىمان ئېيتىش ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى تەستىقلاشتىن باشقا بىر نەرسە ئۇرۇشقا چىقارمىدى. شۇنداق ئىكەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىمغا، ساۋاب ياكى غەنىمەت ئالغان ھالدا ئۆيىگە قايتۇرىدىغانلىقىمغا كاپالەت بېرىمەن>». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.) 75. «(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر؟... ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر» دېگەن بۇ ئايەتتىكى سوئال جۈملە جىھادقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا ۋە ھىجرەت قىلىشىڭلارغا مۇشرىكلار توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان ئەر، ئايال ۋە بالىلاردىن تەشكىل تاپقان ئاجىز قېرىنداشلىرىڭلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا نېمىشقا ئۇرۇش قىلمايسىلەر؟ ئۇلار مەككىدە خار ۋە بىچارە ھالدا كۆپلىگەن زوراۋانلىقلارغا دۇچ كېلىشتى! ئايەتنىڭ «ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلار...» قىسمى ئاجىزلارنى بايان قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە ئانام ئاجىز كىشىلەر قاتارىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاجىزلار ھەققىدە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: <ئى پەرۋەردىگارىم! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد، سەلەمە ئىبنى ھىشام ۋە ... لارنى قۇتقۇزغىن>»، سەھىھ ھەدىستە مۇشۇنداق بايان قىلىنغان. بۇ ئاجىز كىشىلەر ئۈستىلىرىدىكى مۇسىبەتنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاھالىسى زالىم بۇ شەھەردىن بىزنى چىقارغىن»، بۇ شەھەر مەككىدۇر.

چۈنكى ئۇ چاغدا مەككە كۇپپۇرنىڭ ۋەتىنى ئىدى. بۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن ھىجرەت قىلغانىدى. «ئاھالىسى زالىم» دېگەندىن مەقسەت قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ھىجرەت قىلىشلىرىغا ۋە مەككىدە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلار دەل شۇلاردۇر. «ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل»، يەنى ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى بۇ مۇشەققەتتىن قۇتقۇزغىن، بىزگە بىر چىقىش يولى ئاتا قىلغىن، دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ياردەمچى ۋە دوست ئەۋەتكىن، دەپ دۇئا قىلدى. نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ياردەمچى ۋە دوستنى ئەۋەتتى. ئۇ بولسىمۇ، مەككىنى پەتھى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم قىلغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە قايتقاندا، ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدنى ئۇلارغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەتتاب زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەققىنى زالىملاردىن ئېلىپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جىھادقا قىزىقتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 76. «مۆمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ»، يەنى مۆمىنلەر ئۇلۇغ نىشان ۋە شەرەپلىك بىر غايە يولىدا جىھاد قىلىدۇكى، بۇ غايە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇنى ئۈستۈن قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسىدۇر. «كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ»، كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار كۇپپۇرغا ۋە گۇمراھلىققا چاقىرىدىغان تاغۇتنىڭ، يەنى

شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. «شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار»، يەنى ئى ئاللاھنىڭ دوستلىرى، شەيتاننىڭ تەرەپدارلىرى ۋە دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلغان كىشى بىلەن شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق باردۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشى غالىبتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسىدۇر. شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇشقان كىشى مەغلۇبتۇر ۋە ياردەمچىسى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر» دەيدۇ. يەنى، شەيتاننىڭ نەيرىڭى - غەيرەتلىرى ئەسلىدىنلا ئاجىز. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن ھازىرلىغان تەدبىرلىرى ئالدىدا، شەيتاننىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن قۇرغان تۇزاقلىرى تولىمۇ ئاجىز ۋە ئادەتتىكىچە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ». 77. «ئۇلارغا: <قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار> دېيىلگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟»، يەنى ئى مۇھەممەد! مەككىدىكى چاغدا ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغان، بىراق، «كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، تېخى ۋاقتى كەلمىدى. ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى تەييارلاڭلار» دېيىلگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەجەبلەنمەمسەن؟ «ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ

بەتتەررەك قورقىدۇ»، يەنى مۇشرىكلارغا قارشى جىهاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر گۇرۇپپا كىشى ئۆلۈمدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققىنىغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇشىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مۆمىنلەرنى مەككىدە ناماز، روزا، زاكات ۋە مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە قارشى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. بىرگە ئۇرۇشۇشقا ئىجازەت بېرىلسە، دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالساق دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى قايناپ كېتەتتى. ئەمما كېيىن، ئارزۇ قىلىشقان جىهادقا ئىجازەت بېرىلگەندە بەزىلىرى قورقۇشتى ۋە دۈشمەن بىلەن روبىرو بولۇشتىن ئۆزلىرىنى قاتتىق تارتتى. «ئۇلار: <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهادنى پەرز قىلدىڭ؟> (دېيىشتى)»، يەنى ئۆلۈمدىن قورققان ھالدا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمىشقا جىهادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟» دېدى ـ بىزگە ئازراق مۆھلەت بەرسەڭ، ئۆز ئەجىلىمىز بىلەن ئۆلسەك، ئۇرۇشتا ئۆلمىسەك، دۈشمەنمۇ خۇشال بولمىسا بولماسمىدى؟ دېيىشتى. ئايەتتە كەلگەن «لولا» سۆزى خاسلىق ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، رىغبەتنى ئىپادىلەيدۇ. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر، (ئاللاھتىن) قورققانلار ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر>»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، شۈبھىسىزكى دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئۆتكۈنچى، ئاخىرەت نېمەتلىرى بولسا مەڭگۈلۈكتۇر. ئاللاھتىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نېمەت بۇ پانى (ئۆتكۈنچى) دۇنيادىن ياخشىدۇر. «سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم

قىلىنمايدۇ» ، يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى قىلچىلىكمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. «تەسھىل» ناملىق تەپسىردە: ئايەت بىر تۈركۈم ساھابىلەر توغرىسىدا نازىل بولغان، دېيىلىدۇ. بۇلارغا ئىلگىرى ئۇرۇشتىن قول يىغىش بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار جىھاد بۇيرۇقىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغىنىدا، ئۇلارغا خۇش ياقمىدى. دىتلىرىغا ياقماسلىقىنىڭ سەۋەبى، دىنلىرىدا شەكلەنگەنلىكلىرىدىن ئەمەس، ئۆلۈمدىن قورقۇشلىرىدىن ئىدى. ئىككىنچى بىر قاراشقا كۆرە، بۇ ئايەت كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇ قاراش ئايەتنىڭ سىياقىغا ماس كېلىدۇ.[1] 78. «قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ» ، يەنى قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولساڭلارمۇ، ئەجىلىڭلار توشقاندا ئۆلۈم سىلەرنى جەزمەن تاپىدۇ ۋە تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ ھالدا ئۆلۈمدىن قورقۇپ جىھادتىن قاچماڭلار. «ئەگەر ئۇلار بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، <بۇ ئاللاھتىن بولدى> دەيدۇ» ، يەنى، مۇناپىقلارغا غەلىبە، غەنىمەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ياخشىلىق يەتسە، «بۇ، ئاللاھ تەرىپىدىندۇر ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولغاندۇر. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ

[1] قۇرتۇبى يۇقىرىقى قاراشتا. ئەبۇ ھەييانىنىڭ قارىشى بولسا تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ «ئەلبەھر» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە نەزەر تاشلىنىدىغان بولسا، بۇ سۆزنى ئېيتقۇچىلار مۇناپىقلاردۇر. چۈنكى ئاللاھ بىر ئىشنى بۇيرۇغىنىدا، سەمىمىي مۆمىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتنىڭ مەنىسى، «ئۇلارغا بىرەر يامانلىق يەتكىنىدە، بۇ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بولدى» دېيىشىدۇ. مۇناپىقلاردىن باشقا بىر كىشى مۇنداق سۆزنى قىلمايدۇ.

پايدىمىزنى ياخشى بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. «ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، <بۇ سەندىن بولدى> دەيدۇ»، يەنى ئۇلارنىڭ بېشىغا مەغلۇبىيەت، ئاچارچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىق كەلسە، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ شۇملۇقىنى مەقسەت قىلغان ھالدا: «بۇ، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە ئەگەشكەنلىكىمىز ۋە ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بېشىمىزغا كەلدى» دەيدۇ. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: «دىنىمىزنى تاشلىغانلىقىمىز ۋە مۇھەممەدكە ئەگەشكەنلىكىمىز ئۈچۈن بېشىمىزغا بۇ بالا كەلدى» دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، پىرئەۋننىڭ قەۋمىمۇ «ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيتتى». «ئېيتقىنكى، <ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر>»، يەنى ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە ئېيتقىنكى، ياخشىلىق، يامانلىق، مۇكاپات ۋە جازا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىندۇر. بۇلارنى ياراتقان، ئىجاد قىلغان ئاللاھتۇر. پايدا يەتكۈزگۈچىمۇ، زىيان كەلتۈرگۈچىمۇ پەقەت ئۇ ئاللاھتۇر. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باتىل دەۋالىرىنى رەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى جىمىقتۇرۇشى بۇيرۇلدى. «بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى چۈشەنمەيدۇ»، يەنى ئۇلارغا نېمە بولدىكىن، ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ؟ بۇ ئايەت، چۈشىنىشلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئارقىدىن ئاللاھ تائالا

ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 79. «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر» بۇ ئايەت بارلىق ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ. يەنى ئى ئىنسان! ساڭا يەتكەن ياخشىلىق ۋە نېمەت بىر مەرھەمەت، ئېھسان، ئىززەت ـ ئىكرام ۋە بىر ئىمتىھان سۈپىتىدە ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. ساڭا يەتكەن بالا ۋە مۇسىبەت بولسا ئۆزۈڭدىندۇر. يامانلىقنى بىۋاستە ئۆزۈڭ سادىر قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى دەل سەن ئۆزۈڭ. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىلەرگە (جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)». ئارقىدىن ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «سېنى بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، شاھىتلىققا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر»، يەنى ئى مۇھەممەد! سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزسەن. سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە شاھىت بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايىدۇر. يۇقىرىقىلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا قىزىقتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 80. «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ». چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ. «كىمكى سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»، يەنى ئى مۇھەممەد!

كىمكى ساڭا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، سېنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ كۆزەتچىسى ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. 81. «ئۇلار: <ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلدۇق> دەيدۇ، سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ»، يەنى مۇناپىقلار: «بۇيرۇقۇڭنى بېشىمىز بىلەن ئادا قىلىمىز، ئى مۇھەممەد! دېيىشىدۇ». ئايەتتىكى «ئىتائەت» سۆزى «ئاڭلىدىم ۋە ئىتائەت قىلدىم» دېگەن كىشىنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ. سېنىڭ قېشىڭدىن چىققاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى، سېنىڭ ئۇلارغا ئېيتقانلىرىڭدىن باشقا ئىشنى قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ ساڭا قارشى چىقىش ۋە سېنىڭ ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىدۇ. «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتكەنلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ»، يەنى جازالىرىنى تارتىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ كاتىپ پەرىشتىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئەمەل دەپتەرلىرىگە يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. «سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن»، يەنى ئۇلارنى ئېتىبارغا ئالما، ئىشىنى ئاللاھقا قويۇپ قويغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىن. «ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر»، يەنى ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلارغا ئاللاھ كۇپايە. ئۇ سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئۇلاردىن ئالىدۇ. ئەجەبا قۇرئان ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەمسىلەر؟ 82. «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟». بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ روشەن مەنىلىرى ۋە پاساھەتلىك لەۋزلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان مۇناپىقلارنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ دەلىلىنى تەپەككۇر

قىلىش ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ ۋە بۇ شەكىلدە ئۇنىڭ نۇرى ھەم بايانلىرى چاقنايدۇ. «ئەگەر قۇرئان ئاللاھتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»، يەنى ئەگەر بۇ قۇرئان مۇشرىك ۋە مۇناپىقلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئويدۇرما بولسا ئىدى، ئۇنىڭ خەۋەرلىرى، نەزمىلىرى ۋە مەنىلىرىدە ناھايىتى ئېغىر زىددىيەتلەر بولغان بولاتتى. لېكىن قۇرئان بۇنداق دەۋالاردىن پاكتۇر. خەۋەرلىرى توغرا، نەزمى پاساھەتلىك، مەنىلىرى روشەندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، قۇرئان كەرىم ھېكمەت ئىگىسى، مەدھىيەگە لايىق زات ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان.

83. «ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ»، يەنى مۇناپىقلارغا غەلىبە، غەنىمەت ياكى مەغلۇبىيەت ۋە مۇسىبەتكە ئوخشىغان مۆمىنلەرگە ئائىت بىرەر خەۋەر يېتىپ كەلسە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىشىدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خەۋەرلەرنى تارقىتىشى مۇسۇلمانلارغا قارشى پاسات تېرىشتىن ئىبارەتتۇر. «ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. يەنى، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن شۇ خەۋەر ئۈستىدە مىش - مىش گەپ قىلىپ يۈرۈشنى تاشلاپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىگە مەلۇم قىلغان بولسا ئىدى، خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان كىشىلەر، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى ۋە ئىلىم

ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئەسلىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزل - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق مەرھەمەت قىلمىغان ۋە قۇرئاننى نازىل قىلىش بىلەن رەھمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، ئاز بىر قىسمىڭلاردىن باشقا قالغانلىرىڭلار شەيتان سىلەرگە بۇيرۇغان يامان ئىشلاردا جەزمەنكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار. ئارقىدىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 84. «ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقىن، چۈنكى ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ سەندىن ئايرىلىپ قېلىشلىرىغا پەرۋا قىلما. «مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن»، يەنى مۆمىنلەرنى جاسارەتلەندۈرگەن ھالدا جىھادقا رىغبەتلەندۈرگىن. «ئاللاھنىڭ كاپىرلارنىڭ كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر» بۇ، ئاللاھنىڭ كاپىرلارنىڭ كۈچىنى توسۇپ قالىدىغانلىقىغا دائىر بىر ۋەدىسىدۇر. «عسى» پېئىلى ئاللاھ ھەققىدە ئىستېمال قىلىنغىنىدا قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى سېنىڭ مۆمىنلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشۈڭ سەۋەبىدىن، ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھ پاتقىقىدىكىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى توسۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا بەدىردە ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش ۋە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى مۆمىنلەرگە نېسىپ قىلىش ئارقىلىق كۈچلىرىنى توسۇپ قالغان. «ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ

زوردۇر. ئاللاھنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر» ، يەنى ئاللاھ تائالا كۈچ - قۇدرەت جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن، جازا ۋە ئازاب جەھەتتە ئەڭ قاتتىقتۇر. 85. «كىمكى ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن نېسۋىسى بولىدۇ» ، يەنى كىمكى كىشىلەر ئارىسىدا شەرىئەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىلدە بىر ئىشقا ۋاسىتە بولسا، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ساۋابىدىن ھەسسىسىنى ئالىدۇ. «كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ نېسۋىسى بولىدۇ» ، يەنى كىمكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر شەكىلدە بىر ئىشقا ۋاسىتە بولسا، ئۇمۇ بۇ ئىشنىڭ گۇناھىدىن ھەسسىسىنى ئالىدۇ. «ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىردۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ ھەممە ئىشقا قۇدرىتى يېتىدۇ ۋە ھەممە كىشىنى ئۇنىڭ ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. 86. «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار» ، يەنى سىلەرگە بىر مۇسۇلمان سالام قىلسا، ئۇنىڭ سالامىنى تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن ئىلىك ئېلىڭلار ياكى ئەين شەكىلدە جاۋاب بېرىڭلار. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر» ، يەنى، شۈبھىسىزكى ئاللاھ بەندىلىرىنى چوڭ - كىچىك بارلىق ئىشلىرى تۈپەيلى ھېسابقا تارتىدۇ. 87. «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھ شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى جەزمەن يىغىدۇ». بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە بارلىق مەخلۇقاتلارنى بىر يەرگە توپلايدىغانلىقىغا دائىر قەسەمدۇر. يەنى، ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇد يوقتۇر. ئۇ سىلەرنى يۈز بېرىشىدە شۈبھە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە قەبرىلىرىڭلاردىن چىقىرىپ،

جەزمەن ھېسابقا تارتىدۇ. جازا - مۇكاپات ۋە ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى بىر يەرگە يىغىدۇ. «ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟» ، يەنى بۇ ئايەتنىڭ لەپزى سوئال جۈملىسى بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، سۆزىدە ۋە ۋەدىسىدە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك ھېچكىم يوقتۇر.

**ئەسكەرتىش:** «(ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، <(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)>» ئايىتى بىلەن «ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر» دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوقتۇر. چۈنكى بىرىنچىسى ھەقىقىي مەنىسىدە قوللىنىلغان، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئاللاھ يارىتىدۇ ۋە ئىجاد قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىسىدە سەۋەب بولۇش ۋە پەيدا قىلىش مەسىلىسى بار. يەنى ئىنسان گۇناھى سەۋەبلىك مۇسىبەتكە دۇچار بولىدۇ. چۈنكى باشقا بىر ئايەتتە، «سىلەرگە (جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ» دېيىلىدۇ. ياكى مۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ: ئەمەلىيەتتە بارلىق نەرسىلەر گەرچە ئاللاھ تەرىپىدىن بولسىمۇ، ئەمما ياخشىلىقنىڭ ئاللاھقا، يامانلىقنىڭ ئىنسانغا نىسبەت بېرىلىشى، سۆزدە ئاللاھقا قارىتا ئىپادىلەنگەن ئەدەبتىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بارلىق ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا نىسبەت

قىلىنمايدۇ» دېگەن. ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

فَمَا لَكُمۡ فِي ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِئَتَيۡنِ وَٱللَّهُ أَرۡكَسَهُم بِمَا كَسَبُوٓاْۚ
أَتُرِيدُونَ أَن تَهۡدُواْ مَنۡ أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَن
تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلٗا ﴿٨٨﴾ وَدُّواْ لَوۡ تَكۡفُرُونَ كَمَا كَفَرُواْ
فَتَكُونُونَ سَوَآءٗۖ فَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ أَوۡلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ
فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ
وَجَدتُّمُوهُمۡۖ وَلَا تَتَّخِذُواْ مِنۡهُمۡ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرًا ﴿٨٩﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ
يَصِلُونَ إِلَىٰ قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٌ أَوۡ جَآءُوكُمۡ حَصِرَتۡ
صُدُورُهُمۡ أَن يُقَٰتِلُوكُمۡ أَوۡ يُقَٰتِلُواْ قَوۡمَهُمۡۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ
لَسَلَّطَهُمۡ عَلَيۡكُمۡ فَلَقَٰتَلُوكُمۡۚ فَإِنِ ٱعۡتَزَلُوكُمۡ فَلَمۡ
يُقَٰتِلُوكُمۡ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ فَمَا جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمۡ
عَلَيۡهِمۡ سَبِيلٗا ﴿٩٠﴾ سَتَجِدُونَ ءَاخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأۡمَنُوكُمۡ
وَيَأۡمَنُواْ قَوۡمَهُمۡ كُلَّ مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ فَإِن
لَّمۡ يَعۡتَزِلُوكُمۡ وَيُلۡقُوٓاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ وَيَكُفُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ
فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡۚ وَأُوْلَٰٓئِكُمۡ جَعَلۡنَا
لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ﴿٩١﴾ وَمَا كَانَ لِمُؤۡمِنٍ أَن يَقۡتُلَ
مُؤۡمِنًا إِلَّا خَطَـٔٗاۚ وَمَن قَتَلَ مُؤۡمِنًا خَطَـٔٗا فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ
مُّؤۡمِنَةٖ وَدِيَةٞ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَصَّدَّقُواْۚ فَإِن كَانَ مِن
قَوۡمٍ عَدُوّٖ لَّكُمۡ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مُّؤۡمِنَةٖۖ وَإِن كَانَ
مِن قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٞ فَدِيَةٞ مُّسَلَّمَةٌ
إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ وَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مُّؤۡمِنَةٖۖ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ

فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ تَوْبَةً مِّنَ ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ
عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٩٢﴾ وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا
فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ
وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمًا ﴿٩٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
إِذَا ضَرَبْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُواْ وَلَا تَقُولُواْ لِمَنْ أَلْقَىٰٓ
إِلَيْكُمُ ٱلسَّلَٰمَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبْلُ
فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ
خَبِيرًا ﴿٩٤﴾ لَّا يَسْتَوِى ٱلْقَٰعِدُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُوْلِى
ٱلضَّرَرِ وَٱلْمُجَٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْۚ
فَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ
دَرَجَةًۚ وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰۚ وَفَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ عَلَى
ٱلْقَٰعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٩٥﴾ دَرَجَٰتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةًۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٩٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردىمۇ ئۇلارنىڭ باشقا رەزىللىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئارقىدىن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن تەمكىنلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاخىرىدا

مۇجاھىدلارنىڭ مەرتىۋىلىرى ۋە ئاخىرەتتىكى ئۈستۈن ئورۇنلىرى بايان قىلىنىدۇ:

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. زەيد ئىبنى سابىتتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىغا چىققاندا بىرگە چىققانلاردىن بىر تۈركۈم كىشى قايتىپ كەتكەن. ساھابىلەر قايتىپ كەتكەن كىشىلەر توغرىسىدىكى پىكرىدە ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. بىر قىسمى، «ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى» دېيىشكەن، ئەمما يەنە بىر قىسمى بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە «بۇ، ئوتنىڭ تۆمۈرنىڭ داتلىرىنى چىقىرىۋەتكىنىگە ئوخشاش، ناپاكلىقلارنى چىقىرىپ تاشلايدىغان پاكىز بىر نەرسىدۇر» دېگەن. (بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) 2. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھارىس ئىبنى يەزىد مۇسۇلمانلارغا ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇشنى ئويلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە يولدا ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئەيياش ھارىسنىڭ مۇسۇلمان بولۇش نىيىتىنى بىلمەي ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇ ئىشتىن كېيىن ئاللاھ تائالا: «مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس» دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلغان. 3. ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار قولىدا غەنىمەت مېلى بار بىر ئادەمگە يېتىشىۋالدى. ئۇ كىشى

ئۇلارغا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشەنمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قولىدىكى غەنىمەتنى ئېلىۋالدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، «سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ـ دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ ـ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.)

**تەپسىرى:** 88. «ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا نېمىشقا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتتىڭلار؟ بىر قىسمىڭلار «ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى» ، يەنە بىر قىسمىڭلار «ئۆلتۈرمەيلى» دەيسىلەر. ھالبۇكى ئۇلار مۇناپىقلاردۇر. نىپاق ۋە ئاسىيلىقلىرى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇلارنى كۇپرىغا قايتۇردى. «ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟» ، يەنى ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر توغرا يولغا يېتەكلىمەكچى بولامسىلەر؟ بۇ ئىككى ئايەتتىكى سوئال شەكلى ئىنكار ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، بۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دەتالاش قىلماڭلار، ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. «كىمنىكى ئاللاھ گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن» ـ ئاللاھ گۇمراھ قىلغانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن

ھەرگىزمۇ يول تاپالمايسىلەر. 89. «ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ». يەنى، مۇناپىقلار سىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۇپۇرغا قايتىشىڭلارنى ۋە ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىڭلارنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ. «ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار»، يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت ۋە جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى مۇستەھكەملىمىگۈچە، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن دوست - بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتى ئورناتماڭلار. «ئەگەر ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، مەيلى ھەرەم تەۋەلىكىدە ياكى ئۇنىڭ سىرتىدا قالغان ھىل رايونىدا بولسۇن، قەيەردە ئۇچراتساڭلار تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار. «ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار»، يەنى ئۇلار سىلەرگە ھەر قانچە دوستلۇق ئىزھار قىلغان، ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ، سىلەر ئىشلىرىڭلاردا ئۇلارنىڭ نەسىھىتى ۋە ياردەملىرىنى كۈتمەڭلار. 90. «پەقەت سىلەر بىلەن ئەھدىسى بولغان بىر قەۋمگە سىغىنغانلار...»، يەنى ئاراڭلاردا كېلىشىم بار بولغان بىر قەۋمگە كېلىپ، ئاراڭلاردىكى كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. قانلىرىنىڭ تۆكۈلمەسلىكى خۇسۇسىدا، بۇلارنىڭ ھۆكمى كېلىشىم تۈزگەن قەۋمگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم بىلەن ئوخشاش. «سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن

يۈرەكلىرى سىقىلىپ سىلەرگە كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا». بۇنداقلارمۇ ئۆلتۈرۈش ئەمرىدىن مۇستەسنا. يەنى، سىلەر بىلەن ياكى ئۆز قەۋمى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي، سىلەر تەرەپكە كەلگەنلەرنىمۇ ئۆلتۈرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەر بىلەن بىرگە بولمىغىنىغا ئوخشاش، سىلەرگە قارشىمۇ ئەمەس. «ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەللەت قىلاتتى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى»، يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشلىرىنى توسۇپ قالدى. ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنى كۈچلەندۈرۈپ، جاسارەت بېغىشلايتتى، نەتىجىدە ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلاتتى. «ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تەسلىم بولسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ»، يەنى، ئۇلار سىلەرگە چېقىلىپ ئۇرۇش قىلمىسا ۋە بويۇن ئېگىپ تەسلىم بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئەھۋاللىرى داۋاملاشقان جەرياندا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار. 91. «ئىمانىنى ئىزھار قىلىش بىلەن سىلەردىن ئامانلىققا ئېرىشمەكچى ۋە قەۋمىگە قايتقاندا ئۆز قەۋمىدىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەرنى كۆرۈسىلەر»، يەنى مۇناپىقلاردىن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىمانلىرىنى ئىزھار قىلىپ، سىلەردىن ئامانلىققا ئېرىشىشنى، قەۋمىگە قايتقان چاغلىرىدا كۇپرىنى ئىزھار قىلىپ ئۇلاردىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشىشنى خالايدىغان باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىمۇ ئۇچرىتىسىلەر. ئەبۇسسۇئۇد، بۇلار «ئەسەد» ۋە «غەتەفان» قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر، دەيدۇ. بۇلار مەدىنىگە كەلگىنىدە مۇسۇلمانلاردىن ئامانلىققا

ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈپ، ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشەتتى. ئۆز قەۋمىگە قايتقان چاغلىرىدا بولسا، ئۇلاردىن ئامانلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن كاپىر بولۇپ ئەھدىلىرىنى بۇزۇشاتتى.[1] «ئۇلار ھەر قاچان پىتنە - پاساتقا چاقىرىلسا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئاتىدۇ»، يەنى ئۇلار كۇپرىغا ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرىلغىنىدا، دەرھال ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ ۋە بۇ خۇسۇستا ئەڭ ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قويۇلىدۇ. بۇلار ئەڭ ناچار دۈشمەندىنمۇ ناچاردۇر. «ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تەسلىم بولمىسا، ئۇرۇشۇشتىن قول يىغمىسا»، يەنى ئەگەر سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەر بىلەن تىنچلىق ئورناتمىسا ۋە سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قوللىرىنى يىغمىسا، «بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار»، يەنى ئۇلارنى تۇتقان ۋە ئۇچراتقان يېرىڭلاردا ئەسىر ئېلىڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار. «سىلەرگە ئۇلارغا قارشى روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق»، يەنى زۇلۇم ۋە خىيانەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىلەرگە روشەن پاكىت ۋە ھۆججەت ئاتا قىلدۇق. 92. «مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس»، يەنى سەۋەنلىك بولۇپ قالغاندىن باشقا، بىر مۆمىننىڭ بىر مۆمىننى ئۆلتۈرۈشى توغرا ۋە مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى ئىمان زۇلۇمنى توسۇپ قالىدۇ. «كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد

[1] قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، «ئەلبەھر»نىڭ 3 ـ جىلد 326 - بېتىگە، «مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»نىڭ 1- جىلد 422 - بېتىگە قاراڭ.

قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، تۆلىمىسە ھېچ گۇناھ يوق»، يەنى كىمكى بىر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويسا، مۆمىننىڭ بىر قۇل ئازاد قىلىشى لازىم. چۈنكى مۆمىن قۇلنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش ئۇنى تىرىلدۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. ئەينى ۋاقىتتا قاتىل، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلىشى كېرەك. لېكىن ۋارىسلار قاتىلنى ئەپۇ قىلىپ، دىيەتتىن ۋاز كەچسە، دىيەتنى تۆلەشكە كېرەك يوق. شەرىئەت بەلگىلىگۈچى بولغان زات ئاللاھ تائالا، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە، كاپارەت ۋە دىيەتتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى پەرز قىلدى. كاپارەت، قاتىلنىڭ مېلىدىن سەرپ قىلىش ئارقىلىق بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىش؛ دىيەت بولسا، قاتىلنىڭ ئەھلى تەرىپىدىن تۆلىنىدىغان يۈز تۆگىدۇر. «ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم»، يەنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مۆمىننىڭ قەۋمى كاپىر قەۋم بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا قاتىلغا پەقەت كاپارەتلا كېلىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قەۋمىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى پايدىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دىيەت تۆلەنمەيدۇ. «ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئەھدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك»، يەنى ئەگەر سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى زىممىيلارغا ئوخشاش، ئاراڭلاردا ئەھدە تۈزۈلگەن كاپىر قەۋمدىن بولسا، ئاراڭلاردا كېلىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن، قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ

ئائىلىسىگە دىيەت تۆلىشى كېرەك، شۇنىڭدەك بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى شەرتتۇر. «ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم ئۈزلۈكسىز ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم»، يەنى ئەگەر قاتىل قۇل تاپالمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئارقىمۇئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمنى يولغا قويدى. «ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى مەخلۇقاتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچى ۋە يولغا قويغان قانۇنلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاللاھ تائالا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى، بۇنىڭ ناھايىتى قەبىھ بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ۋە جازاسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 93. «كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ»، يەنى كىمكى مۆمىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ھالدا بىر مۆمىننى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ جازاسى مەڭگۈلۈك جەھەننەمدۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۆكۈم مۆمىننى ئۆلتۈرۈشنى ھالال ھېسابلىغانلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى ئۆلتۈرۈشنى ھالال ھېسابلىغان قاتىل كاپىر بولىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ»، يەنى ئۇ قاتىل، ئاللاھنىڭ تەنىسىگە ئۇچرايدۇ، رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ شىددەتلىك ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ. 94. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ يولىغا ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! دۈشمەنگە قارشى

ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغىنىڭلاردا تەمكىن بولۇڭلار، كىمنىڭ مۆمىن، كىمنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار. «سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ــ دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى كۆزلەپ ــ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار»، يەنى ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى كۆزلەپ، ئىسلامنىڭ سالامى بىلەن سىلەرگە سالام بەرگەن كىشىنى، «سەن مۆمىن ئەمەسسەن، سەن بۇ سالامنى ئۆلۈمدىن قورققانلىقىڭ ئۈچۈن بەردىڭ» دەپ ئۆلتۈرمەڭلار. «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن غەنىمەتلەر بار»، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى غەنىمەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ سىلەر ئۈچۈن تەييارلىغان نۇرغۇن مۇكاپات ۋە نېمەتلەردۇر. «ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئىلتىپات قىلدى، ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار»، يەنى سىلەرمۇ ئىلگىرى شۇنداق كاپىر ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئىسلامنى، ئىماننى نېسىپ قىلدى. شۇڭا، ھەر قانداق بىر مۆمىننى ئۆلتۈرمەسلىك ئۈچۈن تەمكىنلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇڭلار. «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»، يەنى شۈبھىسىزكى ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر ۋە ئۇنىڭغا قاراپ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 95. «مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ»، يەنى ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلاردىن باشقا، مۆمىنلەردىن جىھادقا

چىقمىغانلار مېلى ۋە جېنىنى تىكىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئەمەس. ئىبنى ئابباس: «ئۇلار، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشماي قېلىپ قالغانلار بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردۇر» دەيدۇ. بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەما كىشى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا رۇخسەت بارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كۆچۈم يەتسە جەزمەن جىھادقا چىققاتتىم» دېگەن. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئايەتنىڭ «ئۆزرىسىز» دېگەن بۆلۈمى نازىل بولغان. «ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى»، يەنى ئاللاھ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغۇچىلارنى، ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى. چۈنكى نىيەتلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، بىرى جىھادقا قاتناشقان، يەنە بىرى قاتناشمىغاندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەدىنىدە شۇنداق كىشىلەر باركى، سىلەر ماڭغان ھەر بىر يولدا ۋە بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر ۋادىدا سىلەر بىلەن بىرگىدۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! «ئۇلار مەدىنىدە بولسىمۇ بىز بىلەن بىرگىمۇ؟» دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھەئە، ئۆزرىسى ئۇلارغا توسالغۇ بولدى» دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.) «بۇ ئىككى خىل كىشىنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى»، يەنى جىھادقا قاتناشقان ۋە ئۆزرىلىرى سەۋەبلىك قاتنىشالمىغانلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاللاھ ئاخىرەتتە گۈزەل مۇكاپاتلارنى ۋەدە قىلدى. «ئاللاھ جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئارتۇق) قىلدى. يەنى، ئۆز يولىدا جىھاد قىلغانلارغا كاتتا

ئەجىر ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلدى». 96. «ئاللاھ (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ، يەنى ئاللاھ مەغپىرەت ۋە رەھمىتى بىلەن بىرلىكتە مۇجاھىدلارغا بىر - بىرىدىن ئۈستۈن ماقاملارنى ئاتا قىلىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جەننەتتە يۈز دەرىجە بار. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز يولىدا جىھاد قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلىغان بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىچىلىك كېلىدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.)

**ئىلاۋە:** قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ جىنايەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ناھايىتى قاتتىق ۋە شىددەتلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يېرىم سۆز بىلەن بولسىمۇ، بىر مۆمىن ياكى مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ياردەمچى بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ‹ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشى› دەپ يېزىلغان ھالدا كېلىدۇ» (نەسەئى رىۋايەت قىلغان.). يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دۇنيانىڭ يوق بولۇپ كېتىشى، مۆمىن بىر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن يەڭگىلدۇر.» (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.) شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى ئابباس قاتىلنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىغا دائىر پەتىۋا بەرگەن. ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىغاي!

**ئەسكەرتىش:** ئاللاھ تائالا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى سۈپىتىدە، بىر مۆمىن قۇلنى ئازات قىلىشنى بۇيرۇدى. ـ ئەلۋەتتە، ئاللاھ تېخىمۇ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قاتىل جانلىقلار ئىچىدىن مۆمىن بىر جاننى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلغان چاغدا، ئۆلتۈرگىنىگە ئوخشاش بىر نەپسنى ھۆر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇشى كېرەك بولىدۇ. چۈنكى قۇلنى قۇللۇق زەنجىرىدىن قۇتقۇزۇش، ئۇنى تىرىلدۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام قانۇنىدا قۇل باشقا مىللەتلەردىكى ھۆرلەر ئىگە بولمىغان ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى ئاللاھ تائالانىڭ «رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى باراۋەر بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ» دېگەن ئايىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كېسەللىكى جەريانىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى ھەدىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلى: «نامازنى چىڭ تۇتۇڭلار، نامازنى چىڭ تۇتۇڭلار. قول ئاستىڭلاردىكى قۇللارنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار». ئامېرىكىدا قارا تەنلىكلەرگە قىلىنغان مۇئامىلىنى كۆرگەن كىشى بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. غەرب ئەللىرى بىر تەرەپتىن قۇللۇققا قارشى چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىشىدۇ. شەخسلەرنى قۇل قىلىشنى چەكلىسىمۇ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ياردەم قىلىش نامى ئاستىدا جەمئىيەتلەرنى، خەلقلەرنى ۋە مىللەتلەرنى قۇلغا ئايلاندۇرماقتا. بۇ خىل ساختا ۋە ئالدامچى مەدەنىيەت قەيەردە، جەمئىيەتنى، خەلق ۋە شەخسلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيىتى

## قەيەردە تۇردۇ؟

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ
فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ
أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَـٰٓئِكَ
مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾ إِلَّا ٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ
مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ حِيلَةٗ
وَلَا يَهۡتَدُونَ سَبِيلٗا ﴿٩٨﴾ فَأُوْلَـٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَعۡفُوَ
عَنۡهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورٗا ﴿٩٩﴾ وَمَن يُهَاجِرۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ يَجِدۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُرَٰغَمٗا كَثِيرٗا وَسَعَةٗۚ وَمَن يَخۡرُجۡ
مِنۢ بَيۡتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدۡرِكۡهُ ٱلۡمَوۡتُ
فَقَدۡ وَقَعَ أَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٠٠﴾
وَإِذَا ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن
تَقۡصُرُواْ مِنَ ٱلصَّلَوٰةِ إِنۡ خِفۡتُمۡ أَن يَفۡتِنَكُمُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْۚ إِنَّ ٱلۡكَٰفِرِينَ كَانُواْ لَكُمۡ عَدُوّٗا مُّبِينٗا ﴿١٠١﴾ وَإِذَا
كُنتَ فِيهِمۡ فَأَقَمۡتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَلۡتَقُمۡ طَآئِفَةٞ مِّنۡهُم
مَّعَكَ وَلۡيَأۡخُذُوٓاْ أَسۡلِحَتَهُمۡۖ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلۡيَكُونُواْ
مِن وَرَآئِكُمۡ وَلۡتَأۡتِ طَآئِفَةٌ أُخۡرَىٰ لَمۡ يُصَلُّواْ فَلۡيُصَلُّواْ
مَعَكَ وَلۡيَأۡخُذُواْ حِذۡرَهُمۡ وَأَسۡلِحَتَهُمۡۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
لَوۡ تَغۡفُلُونَ عَنۡ أَسۡلِحَتِكُمۡ وَأَمۡتِعَتِكُمۡ فَيَمِيلُونَ
عَلَيۡكُم مَّيۡلَةٗ وَٰحِدَةٗۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن كَانَ بِكُمۡ
أَذٗى مِّن مَّطَرٍ أَوۡ كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓاْ أَسۡلِحَتَكُمۡۖ

وَخُذُواْ حِذۡرَكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿١٠٢﴾
فَإِذَا قَضَيۡتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ
جُنُوبِكُمۡۚ فَإِذَا ٱطۡمَأۡنَنتُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ
كَانَتۡ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ كِتَٰبٗا مَّوۡقُوتٗا ﴿١٠٣﴾ وَلَا تَهِنُواْ فِي
ٱبۡتِغَآءِ ٱلۡقَوۡمِۖ إِن تَكُونُواْ تَأۡلَمُونَ فَإِنَّهُمۡ يَأۡلَمُونَ كَمَا
تَأۡلَمُونَۖ وَتَرۡجُونَ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا يَرۡجُونَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا
حَكِيمًا ﴿١٠٤﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِتَحۡكُمَ بَيۡنَ
ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُۚ وَلَا تَكُن لِّلۡخَآئِنِينَ خَصِيمٗا ﴿١٠٥﴾
وَٱسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٠٦﴾ وَلَا تُجَٰدِلۡ
عَنِ ٱلَّذِينَ يَخۡتَانُونَ أَنفُسَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ
خَوَّانًا أَثِيمٗا ﴿١٠٧﴾ يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَلَا يَسۡتَخۡفُونَ
مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ إِذۡ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرۡضَىٰ مِنَ
ٱلۡقَوۡلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطًا ﴿١٠٨﴾ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ
جَٰدَلۡتُمۡ عَنۡهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَمَن يُجَٰدِلُ ٱللَّهَ عَنۡهُمۡ
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَم مَّن يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ﴿١٠٩﴾ وَمَن يَعۡمَلۡ
سُوٓءًا أَوۡ يَظۡلِمۡ نَفۡسَهُۥ ثُمَّ يَسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورٗا
رَّحِيمٗا ﴿١١٠﴾ وَمَن يَكۡسِبۡ إِثۡمٗا فَإِنَّمَا يَكۡسِبُهُۥ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١١١﴾ وَمَن يَكۡسِبۡ خَطِيٓـَٔةً أَوۡ إِثۡمٗا
ثُمَّ يَرۡمِ بِهِۦ بَرِيٓـٔٗا فَقَدِ ٱحۡتَمَلَ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ﴿١١٢﴾
وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ وَرَحۡمَتُهُۥ لَهَمَّت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ
أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡۖ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِن

شَيۡءٖۚ وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَكَ
مَا لَمۡ تَكُن تَعۡلَمُۚ وَكَانَ فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ عَظِيمٗا ﴿١١٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە راستچىل مۇجاھىدلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە كۇپۇر دىيارىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ جىھادقا چىقمىغانلارنىڭ جازالىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئارقىدىن مۇسۇلمانلارنى كۇپۇر دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ كەڭلىكىنى، شۇنىڭدەك ھىجرەت قىلغانلارغا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە مۇكاپاتنى بايان قىلىدۇ. ئارقىدىن، جىھاد ۋە ھىجرەت قورقۇنچىقا سەۋەب بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا مۇساپىر نامىزى ۋە قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. ئاخىرىدا، ئادالەتنىڭ ئۈستۈنلۈكى پرىنسىپىغا دائىر تارىخ سەھىپىلىرىدە قەيت قىلىنغان ئەڭ جانلىق مىسالنى تەقدىم قىلىدۇ. ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى: ناھەق ھالدا ئوغرىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر يەھۇدىيغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا سۈيىقەست پىلانلىغانلار مەدىنىلىك ئەنسارلاردىن بولغىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ جاۋابكار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇسۇلمانلاردىن ئىسلامنى ئاددىي چاغلايدىغان بىر تۈركۈم كىشى مەككىدە ئولتۇراتتى. مۇشرىكلار بەدر ئۇرۇشىغا ئۇلارنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ

كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇشتا ئۆلدى. مۇسۇلمانلار: «بۇ دوستلىرىمىز مۇسۇلمان ئىدى، ئۇرۇشقا مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنىدى» دېيىشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كاپىرلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا...» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. 2. زەمرە ئىبنى قەيس مەككىدىكى ئاجىزلارنىڭ بىرى بولۇپ، كېسەل ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىجرەت ھەققىدە نازىل قىلغان ئايىتىنى ئاڭلىغاندا، باللىرىغا: «مەن ئاجىزلاردىن ئەمەسمەن، مەن يولنى چوقۇم تاپىمەن. مېنى كۆتۈرۈڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن كېچە مەككىدە قالمايمەن» دېدى. ئۇنى بىر زەمبىلگە سېلىپ يولغا چىقىشتى. زەمرە تەنئىم دېگەن جايغا كەلگەندە يولدا ۋاپات بولدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ «كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ» دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. 3. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەنسارلاردىن بەنى زۇفەر قەبىلىسىدىكى تۇئمە ئىبنى ئۇبەيرىق ئىسىملىك بىر كىشى قوشنىسى قەتادە ئىبنى نۇئماننىڭ دوبۇلغىسىنى ئوغرىلاپ، ئۇن خالتىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئېلىپ ماڭغان، يولدا خالتىنىڭ يېرتىقىدىن ئۇن چېچىلىشقا باشلىغان. تۇئمە دوبۇلغىنى ئېلىپ بېرىپ، زەيد ئىبنى سەمىن ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ قېشىغا يوشۇرۇپ قويغان. دوبۇلغا تۇئمەدىن سۈرۈشتە قىلىنغان بولسىمۇ تېپىلمىغان. تۇئمەمۇ دوبۇلغىنى ئالمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، يالغان قەسەم قىلىپ تۇرىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى

قويۇپ بېرىپ، يولغا چىقىلىپ ماڭغان ئۇن ئىزلىرىنى بويلاپ يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە كەلگەن، دوبۇلغا بۇ يەردىن تېپىلغان. يەھۇدىي: بۇنى ماڭا تۇئمە ئامانەت قىلىپ قويۇپ قويغان، دېگەن. بىر تۈركۈم يەھۇدىيلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بەنى زۇفەر قەبىلىسىدىكىلەر: «مېڭىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارايلى» دېگەن. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن دوستىنى قوغداپ قېلىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە دوستىنىڭ گۇناھسىزلىقى، يەھۇدىينىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى ھەققىدە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. تۇئمە مەككىگە قېچىپ كېتىپ مۇرتەد بولغان. كېيىن ئۇ مەككىدە ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆينىڭ تېمىنى تېشىۋاتقاندا تام ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، تامنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن.

**تەپسىرى:** 97. «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا»، يەنى كۇپپار دىيارىدا كاپىرلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغان ۋە ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، «پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟> دەپ سورايدۇ. ئۇلار: <زېمىندا بوزەك قىلىنغان ئىدۇق> دەيدۇ»، يەنى پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: دىنىڭلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا

قىلىش مەسىلىسىدە ئەھۋالىڭلار قانداق ئىدى؟ دەپ سورايدۇ. بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار سەۋەب كۆرسەتكەن ھالدا: «بىز مەككىدە ئاجىز ئىدۇق ۋە ئۇ يەردە دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئادا قىلالمايتتۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. «پەرىشتىلەر: <ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟> دەيدۇ»، يەنى پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئەيىبلىگەن ھالدا، ھەبەشىستان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ دىنىنىڭ ئەمرلىرىنى ئادا قىلغانلارغا ئوخشاش، سىلەرمۇ كۇپۇر دىياردىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان جايلارغا ھىجرەت قىلساڭلار بولماسمىدى؟ ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جازالىرىنى بايان قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (ھىجرەت قىلمىغانلار)نىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»، يەنى ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان پاناھگاھ، نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ ئايەتتىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئاجىزلارنى ۋە ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلارنى مۇستەسنا قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 98. «پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن ۋە بالىلاردىن چارىسىز قالغان، شۇنداقلا يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»، يەنى پەقەت ئۇلاردىن مۇشرىكلار زۇلۇم قىلغان، يوقسۇللۇق ۋە ئاجىزلىقلىرى سەۋەبىدىن ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان، قۇتۇلۇش چارىسى ۋە ھىجرەت قىلىدىغان ماكانغا بارىدىغان يولنى تاپالمىغان ئاجىز ئەر، ئايال ۋە بالىلار (يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن) مۇستەسنادۇر. 99. «ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي»، يەنى ئەنە شۇلارنى ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلغاي،

چۈنكى ئۇلار ھىجرەتنى ئۆزلىرى خالىغان ھالدا تەرك ئەتمىدى. «ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ ئۆزرىسى بارلارنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. «ئەسى» پېئىلى ئاللاھنىڭ كالامىدا زىكىر قىلىنغىنىدا جەزمەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. 100. «كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ». بۇ ئايەت ھىجرەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يەنى كىمكى دىنى ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلسا ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قىلتاق - تۇزاقلىرىدىن قاچىدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھىجرەت قىلىدىغان ۋە ئايلىنىدىغان كەڭ زېمىن ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ سايىسىدا دۈشمىنىنىڭ زۇلمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، كەڭ رىزىققا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭ ۋە بەندىلىرى ئۈچۈن رىزىقلىرى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر. شۇنداق ئىكەن، پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار». «كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە خەۋەر بېرىپ ئېيتىدۇكى، كىمكى دىنى ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، يەنى كۇپۇر دىيارىدىن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىدا ھىجرەت ئۈچۈن ئاتلىنىپ، مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا ھىجرەتنىڭ ساۋابىنى ئاللاھ بېرىدۇ. «ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر»، ئاللاھ بەندىلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچى، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغۇچى زاتتۇر. 101. «سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا نامازنى

قەسر[1] قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»، يەنى ئەگەر غازات، تىجارەت ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن سەپەرگە چىقىپ قالغىنىڭلاردا، نامازلارنى قەسر قىلىپ، تۆت رەكئەتلىك نامازلارنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. «كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقساڭلار...»، يەنى كاپىر دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ھەر قانداق بىر يامانلىق قىلىشىدىن قورقساڭلار، نامازنى بۇ شەكىلدە قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «قورقۇش» ئىبارىسى شەرت ئەمەس بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمانلار سەپەرلىرىدە دۈشمەنلەردىن قورقاتتى. يەئلا ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ھەدىسىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا، ئاللاھ <ئەگەر قورقساڭلار> دەيدۇ، ھالبۇكى ھازىر كىشىلەر ئامانلىق ئىچىدە، دېدىم. ئۆمەر مۇنداق جاۋاب بەردى: سېنىڭ دىققىتىڭنى تارتقان نۇقتا مېنىڭمۇ دىققىتىمنى تارتتى. مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن بىر سەدىقىسى، ئۇنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېدى. «كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر»، يەنى شۈبھىسىزكى كاپىرلار سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلاردۇر. ئۇلار سىلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن

[1] قەسر ـــ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش.

مەشغۇل بولۇشىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەرنى ئۆلتۈرۈشىگە توسالغۇ بولمايدۇ. 102. «سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇرۇشتا قورقۇنچ نامىزىنى ئوقۇماقچى بولۇشقانلىرىڭدا ۋە سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە چېغىڭدا، ئۇلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى ئېھتىيات يۈزىسىدىن قوراللىرىنى تەييارلاپ قويغان ھالەتتە سېنىڭ ئارقاڭدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن. يەنە بىر گۇرۇپپا كىشى دۈشمەنگە قارشى كۆزەتتە تۇرسۇن. «سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن، ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇسۇن»، يەنى بىرىنچى گۇرۇپپا نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ناماز ئوقۇمىغان گۇرۇپپا كېلىپ، سېنىڭ ئارقاڭدا ناماز ئوقۇسۇن. «ئېھتىيات بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن»، يەنى ئۇلارمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن قوراللىرىنى يېنىدا تۇتۇش ئارقىلىق تەدبىرلىك ھالدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرسۇن. «كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ»، يەنى دۈشمەنلىرىڭلار قوراللىرىڭلار ۋە نەرسە - كېرەكلىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى قولغا چۈشۈرۈشنى ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان پەيتتە سىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار

بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇۋېلىڭلار. «ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»، يەنى يامغۇر ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن سىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان بولسا، قوراللارنى يېنىڭلارغا ئاسمىساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ. ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار»، يەنى ئىمكان بار دۈشمەنگە قارشى ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. «ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى»، يەنى شۈبھىسىزكى ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن شەرمەندە قىلغۇچى، خورلىغۇچى بىر ئازاب تەييارلىدى. ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەبۇ ئەيياش زۇرقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇسفاندا ئىدۇق. خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلار بىزنىڭ قىبلە تەرىپىمىزدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. مۇشرىكلار ئۆز ئارىسىدا: «مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم قىلساق يوق قىلىۋەتكىلى بولىدىغان ئەھۋالدا ئىدى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق» دېيىشتى - دە، ئارقىدىن: «شۇنداق بىر ناماز ۋاقتى كېلىدۇكى، ئۇ ناماز ئۇلار ئۈچۈن جانلىرى ۋە پەرزەنتلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر» دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋەقەدىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پېشىن بىلەن ئەسىر ئارىلىقىدا «سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىهادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا قورقۇنچ نامىزىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆپلەپ زىكىر قىلىنىشىنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 103. «نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار»، يەنى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرغان ۋە ئولتۇرغان ھالەتتە ئاللاھنى كۆپلەپ زىكىر قىلىڭلار. بارلىق ھالىتىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بەرگەي. «خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار»، يەنى قورقىدىغان ئىش ئاخىرلىشىپ، خاتىرجەم بولغىنىڭلاردا، نامازنى سىلەرگە پەرز قىلىنغىنىغا ئوخشاش رۇكۇ - سەجدىلىرى ۋە پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ئەيمىنىش ئىچىدە تولۇق ئادا قىلىڭلار. «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»، يەنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇئەييەن ۋاقىتلار بىلەن پەرز قىلىندى. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا جىھادتا ۋە قىيىن كۈنلەردە سەۋرچان بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: 104. «دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار»، يەنى دۈشمەننى قوغلاش مەسىلىسىدە بوشاڭلىق قىلماڭلار. ئۇلارنى قوغلاشقا غەيرەت قىلىڭلار، بارلىق كۈزىتىش نۇقتىلىرىدا ئۇلارنى كۆزىتىڭلار ۋە ئۆلتۈرۈڭلار. «ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر»، يەنى ئەگەر سىلەر جاراھەت ۋە ئۇرۇشنىڭ دەردىنى تارتساڭلار، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بۇلاردىن قىينىلىدۇ. ئەمما سىلەر ئاللاھتىن ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى ـ شەھىد بولۇش، غەلىبە ۋە ساۋابنى ئۈمىد

قىلىسىلەر. «ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە ئاجىزلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر. يولغا قويغان قانۇن ۋە تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئوھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنى قوغلاشقا بۇيرىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا يارىدار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت مۇشۇ غازاتقا قاتناشقانلارنىڭ دۈشمەننى قوغلىشىنى بۇيرۇغان ئىدى. يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، بوشاڭلىق قىلماڭلار، دېگەن ئەمر بارلىق جىھادلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. 105. «سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق»، يەنى ئى مۇھەممەد! سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ ساڭا بىلدۈرگىنى ۋە ۋەھيى قىلغىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، قۇرئاننى ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق. «خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن»، يەنى خائىنلارنى قوغدىما، ئۇلارنى ئاقلىما، ھىمايە قىلما. «خائىنلار» دېگەندىن مەقسەت، تۇئمە ئىبنى ئۇبەيرىق ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەردۇر. 106. «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن»، يەنى قەۋمىڭنىڭ ئۇنىڭ بىر سالىھ كىشى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىگە ئىشىنىپ، تۇئمەنى ھىمايە قىلماقچى بولغىنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى ئاللاھ ئۆزىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ئاشۇرۇپ مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. 107.

«ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن»، يەنى گۇناھ قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە خائىنلىق قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. «خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»، يەنى ئاللاھ خائىنلىق قىلغۇچىلار ۋە گۇناھ - مەسىيەتكە پاتقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. 108. «ئۇلار ئىنسانلاردىن يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن يوشۇرمايدۇ»، يەنى قورققانلىقى ۋە نومۇس قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئوغرىلىقلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ - يۇ، ئاللاھتىن ھايا قىلىشمايدۇ. ھالبۇكى، ھايا قىلىشتىن ۋە ئازابىدىن قورقۇشقا لايىق زات ئاللاھتۇر. «ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى پىلانلىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى»، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇراتتى. گۇناھسىز بىرىگە تۆھمەت قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەم قىلىشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن پىلان ۋە سىرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. «ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر»، يەنى ئۇلار قىلغان ھېچقانداق بىر ئىش ئاللاھتىن يىراق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئارقىدىن، ئاللاھ تائالا تۇئمەنىڭ قەبىلىسىنى ئەيىبلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 109. «سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالدىڭلار»، يەنى ئى تۇئمەنىڭ قەۋمى! سىلەر دۇنيادا ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالدىڭلار. «قىيامەت كۈنى كىم ئاللاھقا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟»، يەنى ئاخىرەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلغاندا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ تەرىپىنى كىم ئالىدۇ؟ «ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ؟»، يەنى ياكى

ئاللاھنىڭ ئىنتىقامى ۋە ئازابىغا قارشى كىم ئۇلارغا ياردەم قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن قايتىپ تەۋبە قىلىشقا چاقىرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 110. «كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ...»، يەنى كىمكى گۇناھسىز بىرىگە تۆھمەت توقۇشقا ئوخشاش باشقىلارنى بىئارام قىلىدىغان رەزىل بىر قىلمىشنى ياكى ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان بىر ئىشنى سادىر قىلسا، «ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ»، يەنى ئاندىن گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنىڭ بۈيۈك، رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۇبەيرىق ئوغۇللىرىغا تەۋبە قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. 111. «كىمكى بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى كىمكى قەستەن بىر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى بىلگۈچى ۋە بەرگەن جازالىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 112. «كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ...»، يەنى كىمكى بىر كىچىك ياكى چوڭ گۇناھنى قىلىپ بولۇپ، «ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ»، يەنى ئۆتكۈزگەن گۇناھنى گۇناھسىز بىرىگە ئارتىپ قويۇپ ئۇنى ئەيىبلىسە، ئېغىر تۆھمەت قىلىش جىنايىتىنى ۋە ئوچۇق

گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ. ئارقىدىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە بولغان مەرھەمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 113. «ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى» ، يەنى ئاللاھ ساڭا پەيغەمبەرلىك بىلەن مەرھەمەت قىلمىغان ۋە رەھمىتى بىلەن سېنى مۇھاپىزەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى چوقۇم ھەقتىن ئازدۇرغان بولاتتى. يەنى، تۇئمەنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تۇئمەنى ئاقلاپ، جىنايەتنى يەھۇدىيغا ئارتىپ قويۇشنى پىلانلىغانلىرىدا ئاللاھ پەيغەمبىرىگە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتتىن خەۋەر بەردى. «ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ» ، يەنى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۆزلىرىگە ئائىتتۇر. «ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلار ساڭا ھېچقانداق زىيان سالالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ سېنى ئۇنىڭدىن ئاسرايدۇ. «ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى» ، يەنى ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى نازىل قىلدى. ئۇ ساڭا كىتابنى نازىل قىلىپ، ھۆكۈملىرىنى ۋەھيى قىلىپ تۇرىدىغان تۇرسا، ئۇلار سېنى قانداق ئازدۇرىدۇ؟ «ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر» ، يەنى ئاللاھ ساڭا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە غەيب ئىشلاردىن بىلمىگەن نەرسىلىرىڭنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان تۇرسا، سېنى قانداقمۇ ئازدۇرىدۇ؟ ئاللاھ ۋەھيى، پەيغەمبەرلىك ۋە باشقا كۆپلىگەن نېمەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق ساڭا ناھايىتى چوڭ مەرھەمەت قىلدى.

لَّا خَيۡرَ فِي كَثِيرٖ مِّن نَّجۡوَىٰهُمۡ إِلَّا مَنۡ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوۡ
مَعۡرُوفٍ أَوۡ إِصۡلَٰحِۭ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ ٱبۡتِغَآءَ
مَرۡضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١١٤﴾ وَمَن
يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ
سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ
مَصِيرًا ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ
ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلَۢا
بَعِيدًا ﴿١١٦﴾ إِن يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ إِنَٰثٗا وَإِن يَدۡعُونَ إِلَّا
شَيۡطَٰنٗا مَّرِيدٗا ﴿١١٧﴾ لَّعَنَهُ ٱللَّهُۘ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنۡ عِبَادِكَ
نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا ﴿١١٨﴾ وَلَأُضِلَّنَّهُمۡ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمۡ وَلَأٓمُرَنَّهُمۡ
فَلَيُبَتِّكُنَّ ءَاذَانَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ وَلَأٓمُرَنَّهُمۡ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلۡقَ ٱللَّهِۚ
وَمَن يَتَّخِذِ ٱلشَّيۡطَٰنَ وَلِيّٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ فَقَدۡ خَسِرَ
خُسۡرَانٗا مُّبِينٗا ﴿١١٩﴾ يَعِدُهُمۡ وَيُمَنِّيهِمۡۖ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ
إِلَّا غُرُورًا ﴿١٢٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ وَلَا يَجِدُونَ عَنۡهَا
مَحِيصٗا ﴿١٢١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ
جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ
وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٗاۚ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا ﴿١٢٢﴾ لَّيۡسَ
بِأَمَانِيِّكُمۡ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِۗ مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ
بِهِۦ وَلَا يَجِدۡ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٢٣﴾ وَمَن
يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ نَقِيرٗا ﴿١٢٤﴾ وَمَن

أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَٱتَّبَعَ
مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا ۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلًا ﴿١٢٥﴾ وَلِلَّهِ
مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ
مُّحِيطًا ﴿١٢٦﴾ وَيَسْتَفْتُونَكَ فِى ٱلنِّسَآءِ ۖ قُلِ ٱللَّهُ يُفْتِيكُمْ
فِيهِنَّ وَمَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فِى ٱلْكِتَٰبِ فِى يَتَٰمَى ٱلنِّسَآءِ
ٱلَّٰتِى لَا تُؤْتُونَهُنَّ مَا كُتِبَ لَهُنَّ وَتَرْغَبُونَ أَن تَنكِحُوهُنَّ
وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلْوِلْدَٰنِ وَأَن تَقُومُوا۟ لِلْيَتَٰمَىٰ بِٱلْقِسْطِ ۚ
وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِهِۦ عَلِيمًا ﴿١٢٧﴾
وَإِنِ ٱمْرَأَةٌ خَافَتْ مِنۢ بَعْلِهَا نُشُوزًا أَوْ إِعْرَاضًا فَلَا
جُنَاحَ عَلَيْهِمَآ أَن يُصْلِحَا بَيْنَهُمَا صُلْحًا ۚ وَٱلصُّلْحُ خَيْرٌ ۗ
وَأُحْضِرَتِ ٱلْأَنفُسُ ٱلشُّحَّ ۚ وَإِن تُحْسِنُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١٢٨﴾ وَلَن تَسْتَطِيعُوٓا۟ أَن تَعْدِلُوا۟
بَيْنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ ۖ فَلَا تَمِيلُوا۟ كُلَّ ٱلْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا
كَٱلْمُعَلَّقَةِ ۚ وَإِن تُصْلِحُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورًا
رَّحِيمًا ﴿١٢٩﴾ وَإِن يَتَفَرَّقَا يُغْنِ ٱللَّهُ كُلًّا مِّن سَعَتِهِۦ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
وَٰسِعًا حَكِيمًا ﴿١٣٠﴾ وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ
وَلَقَدْ وَصَّيْنَا ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ
أَنِ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى
ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدًا ﴿١٣١﴾ وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا
فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿١٣٢﴾ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ أَيُّهَا
ٱلنَّاسُ وَيَأْتِ بِـَٔاخَرِينَ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ قَدِيرًا ﴿١٣٣﴾ مَّن

كَانَ يُرِيدُ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ ثَوَابُ ٱلدُّنْيَا وَٱلْأَخِرَةِۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًۢا بَصِيرًا ﴿١٣٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە تۇئمە قىسسىسىنى، گۇناھسىز يەھۇدىي تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئوغرىلىق ۋەقەسىنى، قەۋمىنىڭ تۇئمەنى ھىمايە قىلىشلىرىنى ۋە بىگۇناھ يەھۇدىيغا جىنايەت ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا سۇيىقەست پىلانلىغانلىقلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەتلەردىمۇ مەخپىي قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى، ئېلىنغان بارلىق تەدبىرلەرنى بىلىدىغانلىقىنى، ياخشىلىق ۋە ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىشلاردىن باشقا، يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان ھېچقانداق ئىشتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئالداش ئۇسۇللىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئارقىدىن سۆز، مىراسلىرى ۋە تويلۇقلىرى خۇسۇسىدا ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا كېلىپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. ئاخىرىدا چىقىشالماسلىق ۋە ئەپلەشتۈرۈش ياكى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشنىڭ ئۇسۇلىنى بايان قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. تۇئمە ئىبنى ئۇبەيرىق ئوغرىلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇ مەككىگە قېچىش ئارقىلىق

ئىسلامدىن چىقتى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئاللاھ تائالا «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە (ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن...» دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى. 2. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر بىلەن ئەھلى كىتاب ھەر بىرى ئۆزلىرىنى ماختاشتى. ئەھلى كىتاب: «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلاردىن ئىلگىرى كەلدى، كىتابىمىزمۇ سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردىن بۇرۇن نازىل بولدى. شۇڭا بىز ئاللاھقا سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن» دېيىشتى. مۆمىنلەرمۇ: «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر، كىتابىمىزمۇ باشقا كىتابلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى» دېدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، «(ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ خام خىيالى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ...» دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

**تەپسىرى:** 114. «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر»، يەنى قەۋمىنىڭ مەخپىي تۇتقان ۋە يوشۇرۇن دېيىشكەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياخشىلىق يوقتۇر. «پەقەت سەدىقىگە، ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا»، يەنى پەقەت بىرىسىگە سەدىقىنى مەخپىي شەكىلدە بېرىشنى ياكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغان كىشىنىڭ پىچىرلاپ سۆز قىلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىق (مەرۇپ) ئاللاھ بۇيرۇغان ياكى رىغبەتلەندۈرگەن خەيرلىك ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىدۇر. ئەپلەشتۈرۈش بولسا،

ئارىسىدا خۇسۇمەت بار ئىككى كىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتۇر. «كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن...» يەنى كىمكى دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ھېچبىر نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە بۇيرۇلغان سەدىقىنى بېرىدىكەن، ياخشىلىق قىلىدىكەن ۋە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئوڭشاپ ياراشتۇرىدىكەن، «ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز»، ئۇنىڭغا كۆپلەپ ساۋاب بېرىمىز. يەنى، جەننەتنى ئاتا قىلىمىز. ساۋى، بۇ ئايەت بىلەن كېلىدىغان زامانىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان «سەۋفە» (سۆز ئالدى قوشۇمچىسى - ت) سۆزى سالىھ ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنىڭ دۇنيادا ئەمەس، ئاخىرەتتە بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى دۇنيا ئەمەللەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان يەر ئەمەس، دەيدۇ. 115. «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن»، يەنى كىمكى ئۆزىگە مۆجىزىلەر ئارقىلىق توغرا يول ئېنىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى ھەققىدە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىدىكەن، «مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن...»، يەنى مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا بىر يولغا كىرىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ مېتودىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مېتودقا ئەگىشىدىكەن، «ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز»، يەنى ئۇنى تاللىغان شۇ يامان يولىغا قويۇپ بېرىمىز ۋە جازاسى سۈپىتىدە ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز. «جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»، يەنى جەھەننەم ئۇلار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان جاي - ھە! 116.

«ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ»، يەنى شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلاردىن خالىغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ»، يەنى كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ھەقىقەت ۋە بەخت - سائادەت يولىدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. 117. «ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت چىشى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ»، يەنى ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، لات، ئۇززا ۋە مانات دېگەنگە ئوخشاش چىشى جىنسقا ئائىت ئىسىملار بىلەن ئاتىۋالغان بىر قاتار بۇتلارغا چوقۇنىدۇ ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىدۇ. «تەسھىل» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەرەبلەر بۇتلارغا چىشى نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى بېرەتتى.[1] «پەقەت ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ»، يەنى ئۇلار پەقەت كىبىر ۋە گۇناھتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن جاھىل شەيتانغا ئىبادەت قىلاتتى. بۇ شەيتان پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن چىققان ئىبلىستۇر. 118. «ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن»، يەنى ئاللاھ ئۇنى لەنەت قىلغان ئىدى - رەھمىتىدىن

[1] تەبەرىيمۇ بۇ قاراشنى قوللايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «چىشى نەرسىلەر» دېگەندىن مەقسەت پەرىشتىلەردۇر.ئاللاھ تائالا بىر ئايەتتە «پەرىشتىلەرنى چىشى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتىشىدۇ» دەيدۇ. مۇشرىكلار پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قىزلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشاتتى.

يىراقلاشتۇرغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن شەيتان: «ئۇلار سەۋەبلىك مېنى ئۇزاقلاشتۇرغان بەندىلىرىڭدىن جەزمەن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئالىمەن، يەنى كاپىر ۋە ئاسىي بەندىلىرىڭنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئادەمگە: <جەھەننەمنىڭ نېسىۋىسىنى يوللىغىن> دەيدۇ. ئادەم: <جەھەننەمنىڭ ھەسسىسى قانچىلىك؟> دەپ سورايدۇ. ئاللاھ: <ھەر مىڭ كىشىدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى> دەپ جاۋاب بېرىدۇ». 119. «شۈنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن ۋە ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن»، يەنى ئۇلارنى ھىدايەت يولىدىن جەزمەن قايمۇقتۇرۇۋېتىمەن، ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن. «ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن»، يەنى ئۇلارغا ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى كېسىشكە بۇيرۇيمەن. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغانلىرىغا ئوخشاش، بۇھەيرە ۋە سائىبە ئۈچۈن نەزىر قىلىشقا بۇيرۇيمەن. «ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن». يەنى چوقۇم ئۇلارغا قۇللار ۋە ھايۋانلارنى ئاختا قىلىش، مەڭ ئويدۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئاللاھ ئاتا قىلغان شەكىللەرنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىمەن. بىر خىل قاراشقا كۆرە بۇنىڭدىن مەقسەت، كۇپۇر ۋە ئاسىيلىق بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال، ھالال قىلغاننى

ھارام قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.[1] «كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن» ، يەنى كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن، «ئۇ ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ» ، يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئوپئوچۇق زىيانغا ئۇچرىغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەبەدىي جەھەننەمگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان بارمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىبلىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: 120. «شەيتان ئۇلارغا ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ» ، يەنى شەيتان ئۇلارغا نىجاتلىق ۋە سائادەتنى ۋەدە قىلىدۇ، يالغان، باتىل ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ بىر ھەقىقىي خەۋەر. چۈنكى شەيتان دوستلىرىغا كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ۋەدە قىلىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكى خام خىيالغا سالىدۇ. شۈبھىسىزكى ئۇ بۇ مەسىلىدە يالغان ئېيتتى، تۆھمەت قىلدى. «شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ» ، يەنى شەيتان ئۇلارغا باتىل ۋە گۇمراھلىقتىن باشقا بىر نەرسە ۋەدە قىلمايدۇ. ئىبنى ئەرەفە: «ئايەتتە زىكىر قىلىنغان <غورۇر> سۆزى تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال بۇزۇق نەرسە دېگەن بولىدۇ» دەيدۇ. 121. «ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ كېتىدىغان ۋە بارىدىغان يېرى جەھەننەمدۇر. «ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان

[1] بۇ قاراشنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە زەھھاك رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرىيمۇ مۇشۇ پىكىرنى كۈچلۈك دەپ قارايدۇ.

يەرلىرى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇلاردىن كېيىن بەختىيار كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە جەننەتتە ئۇلارغا قىلىنىدىغان ئىھتىراملارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 122. «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ» ، يەنى ئۇلار بۇ مەڭگۈلۈك جەننەتلەردىن ئايرىلمايدۇ. «ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» ، يەنى شۇنداق بىر ۋەدىكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك - شۈبھە يوقتۇر. «ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟» ، يەنى كىم ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆز قىلىدۇ؟ بۇ سوئال بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، مەنىسى ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ كىم يوقتۇر، دېگەن بولىدۇ. ئەبۇسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن مەقسەت، شەيتاننىڭ دوستلىرىغا بەرگەن يالغان ۋەدىلەرگە ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا بەرگەن راست ۋەدىلەر ئارقىلىق جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت. 123. «سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ خام خىيالى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ» ، يەنى ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاب، نە سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار، نە ئەھلى كىتابنىڭ خام خىيالى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەر بىلەن قولغا كېلىدۇ. ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئىمان ئارزۇ ئەمەس، ئىمان قەلبكە ئورۇنلىشىپ، ئەمەل ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدىغان نەرسىدۇر. شۈبھىسىزكى بىر قەۋم ئارزۇلىرىغا ئالدىنىپ، ياخشى - سالىھ ئەمەل قىلماستىن دۇنيادىن كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇپ «ئاللاھ كەرەملىكتۇر» دېيىشەتتى. ھالبۇكى ئۇلار يالغان ئېيتقان ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولغان بولسا ئىدى، ياخشى

ئەمەل قىلغان بولاتتى. «كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ»، يەنى كىمكى يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى دۇنيا ياكى ئاخىرەتتە تارتىدۇ. «ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ»، يەنى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىمنى تاپالمايدۇ. 124. «ئەر - ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار...» يەنى ئىمان ئېيتقان بولۇش شەرتى بىلەن مەيلى ئەر، مەيلى ئايال كىشى بولسۇن، كىمكى ياخشى ئىشلارنى قىلىدىكەن، «ئۇلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ»، يەنى ئۇلارنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. مۇكاپاتلارنى بەرگۈچى زات مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ئۇلار قانداقمۇ جەننەتكە كىرمىسۇن؟! قانداقمۇ ھەقلىرى تولۇق بېرىلمىسۇن؟ «مۆمىن» بولۇش شەرتى، ئىمانسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەلنىڭ پايدا كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 125. «ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان...» يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە شەرىئىتىگە بويسۇنۇپ ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلاردىن باشقا، دىنى جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى ھېچكىم يوق. «مۇھسىن»، يەنى ئاللاھقا بويسۇنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىدىغان، «باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن (كىشىدىن ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟)» يەنى ئۇ كىشى، ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ

دىنىغا ئەگەشكەن، ئۇنىڭ تۇتقان يولى ۋە مېتودى بويىچە ماڭغان كىشىدۇر. «ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى»، يەنى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە خالىس دوستلۇقى ئۈچۈن ئىبراھىمنى تاللىدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سۆيگۈ ماقاملىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولغان دوستلۇق ماقامىغا يەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، پەرۋەردىگارىغا كۆپلەپ ئىتائەت قىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. 126. «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر»، يەنى پۈتۈن كائىناتتىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر ۋە مەخلۇقاتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ھۆكمىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇنى رەت قىلىدىغان ھېچكىم يوق. «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر»، يەنى ئۇنىڭ ئىلمى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېچبىر نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن سىر ئەمەس. 127. «سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ»، سەندىن ئاياللار توغرىسىدا ئۇلارغا پەرز بولغان ئىشلارنى سورايدۇ. «ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاياللار توغرىسىدا سورىغانلىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ، تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ مىراسلىرى ھەققىدە بايانلار بار. «شۇنداق يېتىم قىزلار توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مېھر ھەققىنى بەرمەستىن، ئۇلار بىلەن نىكاھلانماقچى بولىسىلەر»، يەنى ئاللاھ تويلۇقلىرىنى تولۇق بەرمەستىن گۈزەللىكلىرى ياكى

ماللىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن سىلەر ئۆيلەنمەكچى بولغان يېتىم قىزلار توغرىسىدا سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ شەكىلدە ئۆيلىنىشنى چەكلەيدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرسىنىڭ يېنىدا يېتىم قىز بولسا، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى يېتىمنىڭ ئۈستىگە تاشلاش بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېلان قىلاتتى. بۇنداق قىلغاندا، ھېچكىم ئۇ قىز بىلەن مەڭگۈ ئۆيلەنمەيتتى. قىز گۈزەل بولسا ۋە ئۇ كىشى ئۇنى ياخشى كۆرسە، قىز بىلەن ئۆيلىنىپ مال - مۈلكىنى يەيتتى. گۈزەل بولمىسا تاكى ئۆلگىچە باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشىنى چەكلەيتتى. ئۆلۈپ كەتكەندە پۇل - مېلىغا ۋارىس بولاتتى. ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىشنى ھارام قىلدى ۋە مۇنداق مۇئامىلىنى چەكلىدى. «بوزەك قىلىنغان بالىلارغا ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشۇڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ»[1] يەنى، ئاللاھ تائالا يەنە ئاجىز كىچىك بالىلارنىڭ ھەقلىرىنى بېرىشىڭلارنى، يېتىملەرنىڭ مىراسلىرى ۋە تويلۇقلىرى خۇسۇسىدا ئادىل بولۇشۇڭلارنى بۇيرۇيدۇ. جاھىلىيەت ئەھلى بالىلار ھەم ئاياللارنى ۋارىس سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايتتى ۋە: ئاتقا مىنەلمەيدىغان، قورال كۆتۈرەلمەيدىغان ۋە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلالمايدىغانلارغا قانداقمۇ مال ـ مۈلۈك بېرىمىز؟ دېيىشەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشنىمۇ ھارام قىلدى ۋە بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ مىراستىن تېگىدىغان ھەسسىلىرىنى بېرىشكە بۇيرۇدى. «قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر كىچىك بالىلارغا ۋە ئاياللارغا مىراس بەرمەيتتى، ئاللاھ بۇنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىراستىكى نېسىۋىسىنى بېرىشنى بۇيرۇدى.

بىلىپ تۇرىدۇ»، يەنى ئاياللارغا ۋە يېتىم بالىلارغا قىلغان ياخشىلىق ۋە ھەققانىيلىقنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە چىڭ ئېسىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە بۇلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئەر كىشىنىڭ ئاياللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 128. «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا...»، يەنى بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشى، كۆرۈمسىزلىكى ياكى يېشىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ياكى ئۆزگە قارىغاندا ياش ۋە گۈزەل باشقا بىرىگە كۆز سېلىشى سەۋەبلىك ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرسە ياكى ھېس قىلسا، «ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس»، يەنى ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىش، سۆيگۈ ۋە مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن نەپىقە، كىيىم - كېچەك ۋە كېچىلىرى يېنىدا بولۇش قاتارلىق ھەقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق ئۆزئارا كېلىشىش ھاسىل قىلسا ياكى مۇۋاپىق يول تۇتسا، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. ئىبنى جەرىر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەرنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئۇخشاش بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاجىز ياكى كۆرۈمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى ئۇنى ياخشى كۆرمىسە، ئۇ (ئايال): «مېنى قويۇۋەتمە، بۇنىڭدىن باشقا، مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا سەن ئۆز ئەركىڭ بويىچە ئىش قىل» دېسە بولىدۇ.

«كېلىشىش ياخشى»، يەنى كېلىشىپ قېلىش ئايرىلىپ كېتىشتىن ياخشىدۇر. «ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن...»، يەنى ئىنسان تەبىئىتى ئىنتايىن بېخىل ھالەتتە يارىتىلغان. شۇڭا ئايال كىشى نەپىقە ۋە ئېرىدىن پايدىلىنىشقا ئوخشىغان ھەقلىرىدىن ۋاز كېچەلمەسلىكى مۇمكىن. ئايالدىن كۆڭلى سوۋۇپ، باشقىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدا، ئەر كىشىمۇ ئۇنىڭ تۆشىكىگە كىرمەسلىكى ۋە ئۇنى ئۆيىدە ساقلىماسلىقى مۇمكىن. «ياخشىلىق قىلساڭلار ۋە (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار»، يەنى ئەگەر ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭلار ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىق ئارقىلىق ئاللاھتىن قورقساڭلار. «ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆرە ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىدۇ». بۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئادىل بولۇش يۈكىنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر، ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە قىيىن بىر ئىشقا ئوخشايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 129. «قانچە تىرىشساڭلارمۇ، ئاياللىرىڭلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر...»، يەنى ئى ئەرلەر! قولۇڭلاردىن كەلگەن بارلىق ئىشلارنى قىلساڭلارمۇ، ئاياللار ئوتتۇرىسىدا تولۇق شەكىلدە ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرالمايسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆيگۈ، يېقىنلىق ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مەسىلىسىدە باراۋەر مۇئامىلە قىلالمايسىلەر. چۈنكى ئوخشاش شەكىلدە ياخشى كۆرۈشكە ۋە قەلب رىشتىسىنى ئورنىتىشقا ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. «شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە

پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار» ، يەنى ياخشى كۆرمىگەن ئايالدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، ئۇنى ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس ھالدا قويۇپ قويماڭلار. بۇ يەردە، ئايال كىشى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا ئېسىپ قويۇلغان بىر نەرسىگە ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىنتايىن بەدىئىي بىر ئوخشىتىشتۇر. «ئەگەر تۈزەتسەڭلار ۋە ساقلانساڭلار» ، يەنى ئەگەر بۇرۇن قىلغان زۇلۇمنىڭ جاراھەتلىرىگە مەلھەم قويۇپ، ھەققانىيەتكە ئېسىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن قورقساڭلار، «ئاللاھ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ» ، يەنى بىلىڭلاركى ئاللاھ كەمچىلىكىڭلەرنى كەچۈرىدۇ ۋە سىلەرگە مەرھەمەت قىلىدۇ. 130. «ئەگەر ئىككىسى ئايرىلىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ» ، يەنى ئەگەر ئەر - خوتۇن بىر - بىرىدىن ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن يەنە بىرىدىن بىھاجەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇرۇنقى جۈپتىدىن ياخشىراق ھەمراھ نېسىپ قىلىدۇ ۋە بۇرۇنقى ھاياتىدىن كۆڭۈللۈك بىر ھايات ئاتا قىلىدۇ. «ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان پەزل - مەرھەمىتى كەڭدۇر ۋە ئۇلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن تەدبىرلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 131. «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە قۇللىرىدۇر. «سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە سىلەرگە تەۋسىيە قىلدۇق...» يەنى ئىلگىرىكىلەرگىمۇ، كېيىنكىلەرگىمۇ تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇلارغا

بۇيرۇغان ئەمرلەرگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشنى سىلەرگىمۇ بۇيرىدۇق. «ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى (تەۋسىيە قىلدۇق)» ، يەنى ھەممىڭلارغا ئاللاھتىن قورقۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق. «ئەگەر كاپىر بولساڭلار، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر» ، يەنى ئەگەر كۇپرىلىق قىلىدىغان بولساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ كۇپرىڭلار ئاللاھقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە ئېھتىياجى يوقتۇر. ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. «ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر» ، يەنى ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەتتۇر؛ زاتى ئېتىبارى بىلەن مەدھىيەگە لايىقتۇر. ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىتائىتى ئۇنىڭغا بىر پايدا ئېلىپ كەلمىگىنىدەك، ئاسىيلارنىڭ ئىسيانكارلىقىمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. 132. «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر. ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر» ، يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ئاسراش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. 133. «ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ» ، يەنى ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ ـ يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ. «ئاللاھ بۇنىڭغا قادىردۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يېتىدۇ. 134. «كىمكى دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» ، يەنى كىمكى قىلغان ئەمەلى ئۈچۈن دۇنيا مۇكاپاتىنى تەلەپ قىلىدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدا ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىسى ۋە ئۈستۈنى بار. ئۇ ھەم دۇنيانىڭ ھەم ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىدۇر. شۇنداق ئىكەن ئىنسان نېمىشقا تېخىمۇ ياخشىسىنى تەلەپ قىلماي، ئەرزىمەس نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟! شۇڭا بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى تىلىسۇن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

**ئەسكەرتىش:** 129 - ئايەتتىكى ئادالەتتىن مەقسەت، پەقەت قەلب سۆيگۈسىدىكى ئادالەتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، مەزكۇر ئايەت ئۇنىڭدىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغان «ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن زىتلىشىپ قالغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتلىشىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان ھالدا ئادىل مۇئامىلە قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ، مېنىڭ قولۇمدىن كەلگەن تەقسىماتتۇر. سېنىڭ قولۇڭدا بولغان ئەمما مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن مېنى جاۋابكار قىلما». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق قەلب سۆيگۈسىنى كۆزدە تۇتقان. «ئۇنى ئېسىقلىق نەرسىدەك قويۇپ قويماڭلار» دېگەن ئايەتمۇ بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ. بىر قىسىم مۇجەددىد يەنى يېڭىلىقپەرۋەر دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان ھالدا پەقەت بىرلا ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشتى. بۇ دەۋالارنىڭ ئاساسى يوقتۇر. چۈنكى مۇنداق بىر دەۋا ئايەتلەرنى چۈشەنمەسلىك، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ

يۈزدە يۈز باتىل قاراشتۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بۇنى رەت قىلىدۇ. ئاللاھ بىزنى بۇ خىل ناچار ئالىملارنىڭ شەررىدىن ساقلىغاي!

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ بِٱلْقِسْطِ شُهَدَآءَ
لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَوِ ٱلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَۚ إِن يَكُنْ
غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَٱللَّهُ أَوْلَىٰ بِهِمَاۖ فَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلْهَوَىٰٓ أَن
تَعْدِلُواْۚ وَإِن تَلْوُۥٓاْ أَوْ تُعْرِضُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ
خَبِيرًا ﴿١٣٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ
وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِن
قَبْلُۚ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ
وَٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١٣٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ٱزْدَادُواْ
كُفْرًا لَّمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ سَبِيلًۢا ﴿١٣٧﴾
بَشِّرِ ٱلْمُنَٰفِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣٨﴾ ٱلَّذِينَ يَتَّخِذُونَ
ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَۚ أَيَبْتَغُونَ عِندَهُمُ
ٱلْعِزَّةَ فَإِنَّ ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ﴿١٣٩﴾ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِى
ٱلْكِتَٰبِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ
بِهَا فَلَا تَقْعُدُواْ مَعَهُمْ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ فِى حَدِيثٍ غَيْرِهِۦٓ
إِنَّكُمْ إِذًا مِّثْلُهُمْۗ إِنَّ ٱللَّهَ جَامِعُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْكَٰفِرِينَ فِى
جَهَنَّمَ جَمِيعًا ﴿١٤٠﴾ ٱلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمْ فَإِن كَانَ لَكُمْ
فَتْحٌ مِّنَ ٱللَّهِ قَالُوٓاْ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ وَإِن كَانَ لِلْكَٰفِرِينَ

نَصِيبٞ قَالُوٓاْ أَلَمۡ نَسۡتَحۡوِذۡ عَلَيۡكُمۡ وَنَمۡنَعۡكُم مِّنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلَن يَجۡعَلَ
ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا ﴿١٤١﴾ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ
يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمۡ وَإِذَا قَامُوٓاْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُواْ
كُسَالَىٰ يُرَآءُونَ ٱلنَّاسَ وَلَا يَذۡكُرُونَ ٱللَّهَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٤٢﴾
مُّذَبۡذَبِينَ بَيۡنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ
وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلٗا ﴿١٤٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ
أَتُرِيدُونَ أَن تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينًا ﴿١٤٤﴾ إِنَّ
ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ
نَصِيرًا ﴿١٤٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَٱعۡتَصَمُواْ بِٱللَّهِ
وَأَخۡلَصُواْ دِينَهُمۡ لِلَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَسَوۡفَ يُؤۡتِ
ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١٤٦﴾ مَّا يَفۡعَلُ ٱللَّهُ بِعَذَابِكُمۡ
إِن شَكَرۡتُمۡ وَءَامَنتُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمٗا ﴿١٤٧﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردىمۇ بارلىق ھۆكۈملەردە ئادىل بولۇشنى بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا، ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىلگەن كىشى مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، گۇۋاھلىقنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئارقىدىن بارلىق پەرىشتىلەرگە،

كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. ئاخىرىدا مۇناپىقلارنىڭ رەزىل سۈپەتلىرىنى ۋە جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئازاب ۋە جازالارنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 135. «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار» ، يەنى ئى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ كىتابىنى تەستىقلىغانلار! ئادالەت ۋە دۇرۇسلۇقنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار. بۇ ئايەتتە «قەۋۋامۇن» سۆزىنىڭ مۇبالىغە قېلىپىدا كېلىشى، مۆمىنلەردىن قەتئىي شەكىلدە زۇلۇم كۆرۈلمەسلىكى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. «ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ (ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار)» ، يەنى ئۆزۈڭلار، ئاتا - ئاناڭلار ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ، بىر تەرەپكە يان باسماستىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىڭلار. نە تۇغقاندارچىلىق، نە مەنپەئەت گۇۋاھچىلىقنى تولۇق شەكىلدە ئادا قىلىشىڭلارغا توسالغۇ بولمىسۇن. چۈنكى، ھەق ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. «باي بولسۇن ياكى پېقىر بولسۇن ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار» ، يەنى زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان كىشى باي بولسا، بايلىقى نەزەر - ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، كەمبەغەل بولسا ئىچ ئاغرىتىپ ياكى مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن قېچىشقا بولمايدۇ. «ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن يېقىندۇر» ، يەنى ئاللاھ بايغىمۇ، يوقسۇلغىمۇ يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ قەيەردە

ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى بىلگۈچىدۇر. شۇنداق ئىكەن، سىلەرگە بۇيرۇلغان مەسىلىلەردە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار. چۈنكى ئۇ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى سىلەردىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. «نەپس - خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار»، يەنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىدە نەپسىڭلارنىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: نەپسىنىڭ خاھىشى، مۇتەئەسسىپلىك ۋە كىشىلەرنىڭ سىلەرنى يامان كۆرۈشى، سىلەرنى ئىشلىرىڭلاردا ئادالەتنى بىر يانغا قايرىپ قويۇشقا ئېلىپ بارمىسۇن، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئادىل بولۇڭلار. «ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار»، يەنى گۇۋاھلىق بېرىشتە ھەقىقەتنى سۆزلىمەي پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار ياكى گۇۋاھلىق بېرىشتىن پۈتۈنلەي باش تارتساڭلار، «مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر» — بىلىڭلاركى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر ۋە سىلەرگە ئۇنىڭغا كۆرە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ. 136. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئىمانىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. «ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (ئىمان كەلتۈرۈڭلار)»، يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. « ئاللاھ ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (ئىمان كەلتۈرۈڭلار)»، يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغىمۇ ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «كىتاب» سۆزى

بارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»، يەنى كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئوتتۇرا يولدىن تامامەن ئۇزاقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. 137. «ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن كۇپرىدا ئەزۋەيلىگەن كىشىلەرنى...»، يەنى بۇ ئايەت مۇناپىقلار توغرىسىدا نازىل بولغان.[1] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى بارلىق مۇناپىقلار بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ يەردە، ئىمان ئېيتىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان، ئارقىدىن تەكرار ئىمانغا قايتقان، ئارقىدىن گۇمراھلىققا قايتىپ ئۇنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆلگىچە گۇمراھلىقى كۈچىيىپ بارغان كىشىنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تەۋبە قىلالمايدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۇ تۇرۇۋاتقان ھالەتتىن ھىدايەتكە بارىدىغان بىر چىقىش يولى

[1] ئىككىنچى بىر خىل قاراشقا كۆرە، بۇ ئايەت يەھۇدىيلار توغرىسىدا نازىل بولغان. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشكەن، ئارقىدىن موزايغا چوقۇنۇش ئارقىلىق كاپىر بولۇشقان. مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتقاندىن كېيىن قايتىدىن ئىمان ئېيتىشقان. كېيىن بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشقان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق كۇپرىلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. بۇ، قەتادەنىڭ قارىشى بولۇپ، تەبەرىيمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

نىسىپ قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئۇلارنى) مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ». ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يۇقىرىقى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يولغا يېتەكلىمەيدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئۇلار قايتا مۇرتەد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن سەممىي شەكىلدە ئىمان ئېيتقان تەقدىردە تەۋبىلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئۇلار مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بولمايدىغان بىر ئىش مىسالى ئۇنى ئەمەلىيەتتىن يىراق ساناشتۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاسىقمۇ تەۋبە قىلىدۇ، ئارقىدىن يېنىۋالىدۇ، يەنە تەۋبە قىلىدۇ، ئارقىدىن يەنە يېنىۋالىدۇ. ھېچبىر ۋاقىتتا مۇقىم تۇرالمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا پاسىق ناچار ھالەتتە ئۆلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ بارىدىغان يەرلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 138. «مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇ مۇناپىقلارغا قىينىغۇچى جەھەننەم ئازابىدىن بىشارەت بەرگىن. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، مەقسىتىنى «بىشارەت بەرگىن» دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىدى. 139. «ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ»، يەنى ئۇ مۇناپىقلار شۇنداق كىشىلەركى، كاپىرلارنى كۈچلۈك ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە دوست ۋە ياردەمچى قىلىشىدۇ، مۆمىنلەر بىلەن دوست بولمايدۇ. «ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟»، يەنى كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟ بۇ سوئال ئىنكارنى

ئىپادىلەيدۇ. يەنى كاپىرلاردا كۈچ - قۇۋۋەت يوق، ئۇلاردىن قانداقمۇ كۈچ - قۇۋۋەت تەلەپ قىلسۇن؟! «ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر»، يەنى بارلىق كۈچ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭدۇر. ئىبنى كەسىر: بۇ يەردىكى مەقسەت، ئىززەتنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىشقا تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت، دەيدۇ. 140. «ئاللاھ كىتابتا سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار»، يەنى ئاللاھ قۇرئاندا نازىل قىلدىكى، سىلەر كاپىرلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار قۇرئان توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشنى قويۇپ باشقا پاراڭنى باشلىمىغۇچە، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان بۇ كاپىرلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار. بۇ خىتاب، مەيلى مۆمىن مەيلى مۇناپىق بولسۇن، ئىماننى ئىپلان قىلغان بارلىق كىشىلەرگە قارىتىلغاندۇر. «بولمىسا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر»، يەنى ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرىدىغان بولساڭلار، سىلەرمۇ گۇناھتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولىسىلەر. «ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە توپلايدۇ»، يەنى شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى، يەنى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنى ئاخىرەتتە دوزاخنىڭ ئوتىدا بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىر ۋە مۇناپىقلار بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپۇش، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

ئۇچۇن مۇشۇنداق تەھدىت قىلدى. بۇلاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنىڭ بېشىغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 141. «ئۇلار سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ»، يەنى سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كۈلپەتلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار»، يەنى دۈشمەنگە قارشى بىرەر نۇسرەت ياكى غەنىمەت نېسىپ بولسا، «ئۇلار: ‹بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟› دەيدۇ»، يەنى كاپىرلاردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار، دەيدۇ. «ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەگەر دۈشمەنلەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردىن غەلىبە قىلىپ قالسا، «ئۇلار: ‹بىز سىلەردىن غالىب بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟› دەيدۇ»، يەنى مۇشرىكلارغا: بىز سىلەردىن ئۈستۈن كەلمىدۇقمۇ؟ سىلەرنى ئۆلتۈرگۈدەك ۋە ئەسىرگە ئالغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەسمىدۇق؟ ئەمما سىلەرگە ئىچىمىز ئاغرىپ، مۆمىنلەرنىڭ غەيرەتلىرىنى سۇسلاشتۇردۇقكى، سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىڭلار. ئۇ ھالدا قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار. چۈنكى بىز سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلار، ھېچكىمنىڭ سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلمايمىز.» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ»، يەنى كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ھەق بىلەن ئايرىپ قويىدۇ. «ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ»، يەنى كاپىرلارغا مۆمىنلەرنى

ئەسىرگە ئېلىپ ئۇلارنى يوق قىلىش ۋە يىلتىزلىرىنى قۇرۇتىۋېتىش پۇرسىتىنى ھەرگىزمۇ بەرمەيدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: پات - پات غەلىبىگە ئېرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، مۆمىنلەرنى بېسىۋېلىپ، يىلتىزلىرىنى كېسىپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە مۇسەللەت بولۇۋېلىشلىرىغا ئىمكانىيەت بەرمەيمىز، چۈنكى غەلىبە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەقۋادارلارنىڭدۇر. 142. «شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ»، يەنى مۇناپىقلار ئىمان ئېيتقاندەك كۆرۈنۈپ، كۇپۇرلىرىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ئالدامچىلاردەكلا ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشنى مۆمىنلەرگە بۇيرۇش بىلەن ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قاتمۇقات كۇپۇر پاتقىقىغا پاتقۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئۇلار ئۈچۈن جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىنى تەييارلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا، ئۇلارغا بېرىدىغان جازانى «ھىيلە» دەپ ئاتىدى. چۈنكى ھىيلە - مىكىرنىڭ جازاسى ئۆزلىرىگە يانىدۇ. «ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ»، يەنى ئۇلار نامازنى ئېغىر ئېلىپ، ھۇرۇنلۇق بىلەن ئوقۇيدۇ. نە ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ، نە ئازابتىن قورقمايدۇ. «كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ»، يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارنى كۆرسۇن، ئاڭلىسۇن، دەپ ناماز ئوقۇيدۇ. «ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالانى تولىمۇ ئاز ياد ئېتىدۇ. 143. «مۇناپىقلار كۇپرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ»، يەنى ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ، ئارىسالدى

بولۇپ تۇرىدۇ. «نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس»، يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. «كىمنى ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن»، يەنى ئاللاھ كىمنى گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بىر بەخت - سائادەت ۋە ھىدايەت يولىنى تاپالمايسەن. بۇ ئايەتتىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى دىن دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 144. «ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنىڭ دوستلۇقىنى قويۇپ، گۇناھكار كاپىرلارنى دوست ۋە ئاغىنە - بۇرادەر تۇتماڭلار. «سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا ئاللاھنىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟»، يەنى ئاللاھقا، مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا دائىر سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا ئۆتكۈچى بىر پاكىت بېرىشىنى خالامسىلەر؟ ئىبنى ئابباس: «قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان ‹سۇلتان› سۆزى پاكىت، دېگەن مەنىدە» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 145. «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ»، يەنى شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار يەتتە قات جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەندىكى قېتىدىدۇر. ئىبنى ئابباس: ‹ئۇلار جەھەننەمنىڭ قەرىدىدۇر› دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەم كاپىر بولۇشتى ھەمدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدى. جەننەت دەرىجىمۇ دەرىجە بولغىنىدەك، جەھەننەممۇ چوڭقۇرغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان قەۋەتلەردىن ئىبارەت. «ئۇلارغا ھەرگىزمۇ مەدەتكار تاپالمايسەن»، يەنى سەن ئۇ مۇناپىقلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالايدىغان

بىر مەدەتكارنى ھەرگىزمۇ تاپالمايسەن. 146. «پەقەت تەۋبە قىلغان...» ، يەنى پەقەت مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلغۇچىلار، «(ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن» ، يەنى ئەمەللىرى ۋە نىيەتلىرىنى تۈزەتكۈچىلەر، «ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان» ، يەنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە دىنىغا چىڭ يېپىشقۇچىلار، «دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا» ، يەنى ئەمەللىرىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىر نەرسە كۆزلىمىگۈچىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. «ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» ، يەنى ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. «ئاللاھ مۆمىنلەرگە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ» ، يەنى ئاللاھ ئاخىرەتتە مۆمىنلەرگە كاتتا مۇكاپات، يەنى جەننەت بېرىدۇ. 147. «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟» ، يەنى سىلەرگە ئازاب قىلىشىنىڭ ئاللاھقا نېمە پايدىسى بار؟ سىلەرگە ئازاب قىلىش ئارقىلىق غەزىپىنى بېسىقتۇرامدۇ؟ ياكى ئىنتىقام ئالامدۇ؟ ياكى زىياننى دەپئى قىلىپ، پايدا قولغا كەلتۈرەمدۇ؟ ھالبۇكى ئۇنىڭ سىلەرگە ئېھتىياجى يوق. «ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» ، يەنى ئېھتىياجى بولمىسىمۇ بەندىلەرنىڭ تائەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئاز ئەمەلگە، كۆپلەپ ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

**ئىلاۋە:** 1. ئاللاھ تائالانىڭ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەن، ئايىتىدە تەكرارلاش ئۇسۇلى يوقتۇر. بۇنىڭ مەنىسى «ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار ۋە شۇ بويىچە داۋاملىشىڭلار» دېگەن بولىدۇ. بىر مۆمىننىڭ «بىزنى توغرا

يولغا يېتەكلىگىن» دېگىنى بىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغىن دېگەنلىك بولىدۇ. 2. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ غەلىبىسىگە «بۈيۈك بىر فەتھى» دەپ نام بەردى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر فەتھى دېيىش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى. كاپىرلارنىڭ زەپىرىگە «ھەسسە» دەپ نام بەردى ۋە «كاپىرلارنىڭ بىر ھەسسىسى بولسا» دېيىش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزىگە نىسبەت بەرمىدى. بۇ، مۇسۇلمانلار شەنىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ۋە كاپىرلارنىڭ ھەسسىسىنىڭ قەدىرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. 3. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جەھەننەم يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ يەتتە قاتتۇر. بۇلار رەت تەرتىپى بويىچە، جەھەننەم، لەزا، ھۇتەمە، سەئىير، سەقەر، جەھىم ۋە ھاۋىيەدىن ئىبارەتتۇر. نار، يەنى جەھەننەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە، بەزى قاتلار يەنە بەزىلىرىنىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. «بەھرۇلمۇھىت»تا مۇشۇنداق كۆرسىتىلگەن.

**ئەسكەرتىش:** مۇناپىق كاپىردىنمۇ خەتەرلىكتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. شۇڭىمۇ ئاللاھ تائالا: «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ مەدەتكار تاپالمايسەن» دېگەن. ئاللاھ تائالا كاپىرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن پەقەت ئىنكار قىلىشقا خاتىمە بېرىشنى شەرت قىلىپ: «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇپرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

مۇناپىققا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن «تەۋبە قىلىش، نىيەت ۋە ئەمەللىرىنى تۈزىتىش، ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىش ۋە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش»تىن ئىبارەت تۆت خىل شەرت قويۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان (قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا»، بۇلار جەھەننەمگە كىرمەيدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مۇناپىقلار، ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغۇچىلار ۋە تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا قايتىشتىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر. ئارقىدىن ئاللاھ تائالا «ئۇلار مۆمىنلەردۇر» دېمەي، «ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللەدۇر» دېدى. ئارقىدىنلا «ئاللاھ مۆمىنلەرگە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ» دېدى. بۇ يەردىمۇ ئاللاھ تائالا غەزىپىنى، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق ھالىنىڭ رەزىللىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن «ئۇلارغا مۇكاپات بېرىدۇ» دېمەستىن، بەلكى «مۆمىنلەرگە مۇكاپات بېرىدۇ» دېدى. ئاللاھ كىتابىنىڭ سىرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مەدەتكار بولغاي.

لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلْجَهْرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلْقَوْلِ إِلَّا مَن ظُلِمَ ۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ﴿١٤٨﴾ إِن تُبْدُوا۟ خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ
تَعْفُوا۟ عَن سُوٓءٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ﴿١٤٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُوا۟ بَيْنَ

ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ
وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ﴿١٥٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿١٥١﴾
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَلَمۡ يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ أَحَدٖ
مِّنۡهُمۡ أُوْلَٰٓئِكَ سَوۡفَ يُؤۡتِيهِمۡ أُجُورَهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا
رَّحِيمٗا ﴿١٥٢﴾ يَسۡـَٔلُكَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيۡهِمۡ كِتَٰبٗا
مِّنَ ٱلسَّمَآءِۚ فَقَدۡ سَأَلُواْ مُوسَىٰٓ أَكۡبَرَ مِن ذَٰلِكَ فَقَالُوٓاْ
أَرِنَا ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ بِظُلۡمِهِمۡۚ ثُمَّ ٱتَّخَذُواْ
ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ فَعَفَوۡنَا عَن ذَٰلِكَۚ
وَءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ﴿١٥٣﴾ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَهُمُ ٱلطُّورَ
بِمِيثَٰقِهِمۡ وَقُلۡنَا لَهُمُ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا وَقُلۡنَا لَهُمۡ لَا
تَعۡدُواْ فِي ٱلسَّبۡتِ وَأَخَذۡنَا مِنۡهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ﴿١٥٤﴾ فَبِمَا
نَقۡضِهِم مِّيثَٰقَهُمۡ وَكُفۡرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتۡلِهِمُ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ
بِغَيۡرِ حَقّٖ وَقَوۡلِهِمۡ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَلۡ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيۡهَا
بِكُفۡرِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٥٥﴾ وَبِكُفۡرِهِمۡ وَقَوۡلِهِمۡ
عَلَىٰ مَرۡيَمَ بُهۡتَٰنًا عَظِيمٗا ﴿١٥٦﴾ وَقَوۡلِهِمۡ إِنَّا قَتَلۡنَا ٱلۡمَسِيحَ
عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ
وَلَٰكِن شُبِّهَ لَهُمۡۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكّٖ
مِّنۡهُۚ مَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍ إِلَّا ٱتِّبَاعَ ٱلظَّنِّۚ وَمَا قَتَلُوهُ
يَقِينَۢا ﴿١٥٧﴾ بَل رَّفَعَهُ ٱللَّهُ إِلَيۡهِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿١٥٨﴾
وَإِن مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤۡمِنَنَّ بِهِۦ قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ وَيَوۡمَ

ٱلْقِيَـٰمَةِ يَكُونُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا ﴿١٥٩﴾ فَبِظُلْمٍ مِّنَ ٱلَّذِينَ
هَادُواْ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ طَيِّبَـٰتٍ أُحِلَّتْ لَهُمْ وَبِصَدِّهِمْ عَن
سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرًا ﴿١٦٠﴾ وَأَخْذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدْ نُهُواْ عَنْهُ
وَأَكْلِهِمْ أَمْوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلْبَـٰطِلِ ۚ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَـٰفِرِينَ
مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٦١﴾ لَّـٰكِنِ ٱلرَّٰسِخُونَ فِى ٱلْعِلْمِ مِنْهُمْ
وَٱلْمُؤْمِنُونَ يُؤْمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن
قَبْلِكَ ۚ وَٱلْمُقِيمِينَ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ وَٱلْمُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلْمُؤْمِنُونَ
بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ أُوْلَـٰٓئِكَ سَنُؤْتِيهِمْ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٦٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ رەزىللىك ۋە سەتچىلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى؛ لېكىن زىيىنى ئېغىر، خەتىرى كۈچلۈك بولغان كىشىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدا مەسىلە يوقلۇقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، ئاللاھنىڭ مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلىشىدا ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش يوقتۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشلىرى، موزايغا چوقۇنۇشلىرى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستقا مىخلانغانلىقىنى دەۋا قىلىشلىرى، ئىپپەتلىك بولغان مەريەمنى پاھىشىلىك بىلەن ئەيىبلەشلىرى، شۇنىڭدەك بىر قاتار يامان قىلمىش ۋە رەزىل جىنايەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، كەئب ئىبنى

ئەشرەف بىلەن بىرلىكتە بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار: ئى مۇھەممەد! ئەگەر پەيغەمبەر بولساڭ، مۇسانىڭ تەۋراتنى بىرلا قېتىمدا ئېلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، سەنمۇ بىزگە ئاسماندىن شۇنىڭغا ئوخشاش تولۇق بىر كىتاب ئېلىپ كەلگىن. دېيىشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاللاھ تائالا: «ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 148. «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقىسىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ»، يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا ئاللاھ ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ يامان سۆز قىلىشى ۋە تىلى ئارقىلىق باشقىلارغا ئازار بېرىشىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ زۇلۇم قىلغۇچىغا ئاشكارا ھالدا دۇئايىبەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى سۆزلىشى مۇباھ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ باشقا بىرىگە دۇئايىبەت قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ». «ئاللاھ ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە بىلگۈچىدۇر»، يەنى ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغۇچى ۋە زالىمنىمۇ بىلگۈچىدۇر. 149. «سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار»، يەنى ئى ئىنسانلار! ئەگەر قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ئاشكارىلىساڭلار ياكى ئۇنى يوشۇرساڭلار ۋەياكى سىلەرگە قىلىنغان بىرەر يامانلىقنى ئەپۇ قىلساڭلار، «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر»، يەنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا جازالاشقا تولۇق مەنىدە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇغلۇق، تېخىمۇ

كۆپ ئەيىبلىغۇچىدۇر. ھەسەنۇلبەسىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، جىنايەتكارلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشىڭلار كېرەك». ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئەپۇ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ ھەسسىلەپ ئەپۇ قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاجىز ۋە زەئىپ تۇرۇپ قانداقسىگە ئەپۇ قىلمايسىلەر؟! 150. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار»، بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتى، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشلىرى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ھېسابلاندى. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشلىرى بولسا، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىش ھېسابلاندى. «ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار»، يەنى ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەر- لىرىنى ئىنكار قىلىش، دېگەنلىكتۇر. يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىش، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ئارقىسىدىن كېلىدىغان ئايەت بىلەن ئىزاھلىغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر...»، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرىمىز، بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرمەيمىز، دەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بۇلار ئاللاھنىڭ دۈشمىنى يەھۇدىي ۋە

خىرىستىيانلاردۇر. يەھۇدىيلار تەۋرات ۋە مۇساغا ئىمان كەلتۈ-رۈپ، ئىنجىلنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتى. خىرىستىيانلار بولسا، ئىنجىل ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، قۇرئاننى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشمىدى. «ئۇنىڭ ئارىسىدا يول تۇتماقچى بولغانلار...»، يەنى بۇلار كۇپرى بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىدا بىر يول تۇتماقچى بولۇشىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يول يوقتۇر. 151. «ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر»، يەنى بۇ رەزىل سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ ھەقىقىي كاپىرلاردۇر. «كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق»، يەنى بىز كاپىرلار ئۈچۈن مەڭگۈ جەھەننەمدە قالىدىغان شەكىلدە قاتتىق ۋە خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق. 152. «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمىگەن كىشىلەرگە»، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ھېچبىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەستىن بارلىق پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىنلەرگە كەلسەك، «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ»، يەنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ساۋابلىرىنى تولۇق شەكىلدە بېرىمىز. «ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاسىيلىق ۋە گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا خىلمۇخىل نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچىدۇر. 153. «ئەھلى كىتاب سەندىن

ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ». بۇ ئايەت يەھۇدىي ئالىملىرى ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر پەيغەمبەر بولساڭ، مۇسانىڭ تەۋراتنى ئاسماندىن ئېلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، بىزگە ئاسماندىن تولۇق شەكىلدە بىر كىتاب ئېلىپ كەلگىن» دېگەن. ئۇلار مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش ۋە تەرسالىقلىرى سەۋەبىدىن شۇنداق بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش، شۇنىڭدەك باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ رەزىل ۋە تېخىمۇ پەس ئىستەكلىرىنى بايان قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: <بىزگە ئاللاھنى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن> دېگەن ئىدى»، يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنى ئوچۇق كۆرستىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. «شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق سوقتى»، يەنى زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. «ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىن موزاينى (مەبۇد) قىلىۋالدى»، يەنى ئۇلارغا ھاسا، قول، دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۆجىزىلەر ۋە كۈچلۈك دەلىللەر كەلگەندىن كېيىنمۇ موزاينى مەبۇد قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشتى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلە ـ ئاللاھنى كۆرۈش تەلىپى ئاتا - بوۋىلىرىغا ئائىت بولسىمۇ، بۇلار ئەجدادلىرىنىڭ قىلغان ۋە قىلمىغان بارلىق ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەگەشكەن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ تەلەپ بۇلارغا نىسبەت بېرىلگەن. «كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق»، يەنى جىنايەت ۋە خىيانەتلىرىنىڭ

ئېغىرلىقىغا قارىماي ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەپۇ قىلدۇق. «بىز مۇساغا روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق»، يەنى مۇساغا ئۆزىنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پاكىت ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان روشەن مۆجىزىلىرىدۇر». 154. «ئۇلاردىن ئەھدە ئالماق ئۈچۈن ئۈستىگە تۇرنى تىكلەپ قويدۇق»، يەنى ئۇلار تەۋراتنىڭ شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ئۇلاردىن ئەھدە ئېلىش مەقسىتىدە تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويدۇق. «ئۇلارغا: <(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار> دېدۇق»، يەنى ئاللاھقا بويسۇنۇش ئۈچۈن، بېشىڭلارنى ئېگىپ سەجدە قىلغان ھالدا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىڭلار، دېدۇق. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەمر قىلىنغان بويىچە قىلماي، ئۆمىلەپ كىرىشتى. كىرگەن چاغلىرىدىمۇ مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن «ئارپا ئىچىدە بۇغداي» دېيىشكەن ھالدا كىردى. «ھەمدە ئۇلارغا: <شەنبىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار> دېدۇق»، يەنى شەنبىدە بېلىق تۇتۇش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، دېدۇق. بىراق ئۇلار بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، بېلىق تۇتتى. «ئۇلاردىن مەھكەم ۋەدە ئالدۇق»، يەنى ئۇلاردىن مەھكەم ۋە ساغلام ۋەدە ئالدۇق. 155. «ئۇلارنى ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن»، يەنى ۋەدىلىرىدە تۇرمىغانلىقلىرى، قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، زەكەرىيا ۋە يەھيا

ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنى ناھەق شەكىلدە ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە: «ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ قەلبلىرىمىز پەردىلەر بىلەن قاپلانغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭ قەلبلىرىمىزگە كىرمەيدۇ.» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن لەنەت قىلدۇق ۋە خار قىلدۇق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇپرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ»، يەنى كۇپۇر ۋە ئازغۇنلۇقلىرى سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇ قەلبلەرنى پېچەتلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە دوستلىرىغا ئوخشاش ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ. 156. «يەنە ئۇلارنىڭ كۇپرى ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قەلبلىرى پېچەتلەندى.)»، يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، ئاللاھ تائالا ئالەملەردىكى بارلىق ئاياللاردىن ئۈستۈن قىلغان مەريەمنى زىناخورلۇق بىلەن ئەيىبلىگەنلىكى تۈپەيلى قەلبلىرى پېچەتلەندى. 157. «يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)»، يەنى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ دەۋا قىلغان كىشىنى ئۆلتۈردۇق دېيىشتى. ئۇلار كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق دېيىشتى، بولمىسا ئۇلار ئىيسا زىنادىن بولغان، ئانىسى زىناخور دەپ بىلىجىرلىشاتتى، ئۇنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ ئېتىقاد قىلمايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقارغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە

لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى» ، يەنى ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرمىدى، دارغىمۇ ئاسمىدى، ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇۋالغان ئىيساغا ئوخشايدىغان كىشىنى ئۆلتۈردى يەنى دارغا ئاستى. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلىق قىلاتتى، ئۇ كىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى، ئاللاھ ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇلار ئۇنى ئىيسا دەپ گۇمان قىلىپ تۇتۇۋېلىپ دارغا ئاستى. «ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدە شۈبھىدىدۇر» ، يەنى ئىختىلاپ قىلىشقانلار ئىيسانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەسىلىسىدە شۈبھە ئىچىدىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى ۋە: «ئەگەر بۇ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئىيسا بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ دوستىمىز قېنى؟ ئەگەر بۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولسا ئىيسا قېنى» دېيىشتى. ئۇلار بۇ شەكىلدە تالاش - تارتىش قىلدى، بەزىلىرى «ئۇ ئىيسا» دېسە، يەنە بەزىلىرى «ئەمەس» دېدى. ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەسىلىسىدە بىر پىكىردە بولسىمۇ، كىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. «ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىيسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىيسانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر ئىشەنچلىك مەلۇماتى يوق. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكى گۇمانغا ئەگىشىدۇ. 158. «بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى» ، يەنى ئۇلار ئۇنىڭ ئىيسا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ھالدا ئۆلتۈرمىدى، بەلكى ئۇلار گۇمان ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتى. ئاللاھ

ئۇنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ روھ ۋە بەدىنى بىلەن تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سەھىھ ھەدىسلەرمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.[1] «ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ مۈلكىدە غالىبتۇر، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 159. «ئەھلى كىتابتىن ھەر قاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ»، يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ھەر قاندىقى ئۆلۈم پەرىشتىلىرى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىمانى ئىشقا يارىمايدۇ. ئىبنى ئابباس: «بىرمۇ يەھۇدىي ئىيساغا ئىمان كەلتۈرمەستىن ئۆلمەيدۇ» دېگەن. ئۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ بىرىنى بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا كۆردۈڭمۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئۇنى تىلى بىلەن ھەجىلەيدۇ» دېگەن. مۇجاھىد، ئىكرەمە ۋە ئىبنى سىيرىنلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغانلىقى ھەققىدە سەھىھ رىۋايەتلەر بار.[2] «قىيامەت كۈنى ئۇلار(نىڭ

[1] بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارىي رىۋايەت قىلغان «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشىدۇ، كىرىست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيە (باج)نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ...» دېگەن ھەدىسمۇ بار..

[2] تەبەرىي «ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا» ئىبارىسىكى «ئۇ» ئالمىشىنىڭ «ئىيسا»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: قىيامەتكە يېقىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىگەن بىرمۇ ئەھلى كىتاب قالمايدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغان ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىنى ئەبۇسسۇئۇد، ئەلكەششاف ۋە جالالەينمۇ تاللىغان.

دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ» ، يەنى ئىيسا يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. 160 ـ 161- «يەھۇدىيلار قىلغان ھەقسىزلىقلىرى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق» ، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان زۇلۇملىرى، سادىر قىلغان ئېغىر گۇناھلىرى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسقانلىقلىرى (مۇجاھىد: ئۆزلىرى ۋە باشقىلارنى ھەقىقەتتىن توستى، دەيدۇ)، ئاللاھ ئۇلارغا تەۋراتتا ھارام قىلغان بولۇشىغا قارىماي جازانە ئالغانلىقلىرى، پارا ۋە بارلىق ھارام يوللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغانلىقلىرى سەۋەبىدىن، ئۇلارغا ئىلگىرى ھالال قىلىنغان تۈرلۈك پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق. «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق» ، يەنى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئېغىر ئازاب تەييارلىدۇق. 162. «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا...» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلىمدە يېتىشكەن، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە دوستلىرىغا ئوخشاش دىنىدا سابىت تۇرغانلارغا ، «ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە...» ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىر ھەم ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئەسھابلىرى ۋە بارلىق ئەھلى كىتابلار ئىچىدىن كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان

ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە، «نامازنى ئۆتىگۈچىلەرگە...» بۇ يەردە ناماز ئۆتىگۈچىلەر مەدھىيەلىنىدۇ، «زاكات بەرگۈچىلەرگە...»، يەنى ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرگۈچىلەرگە، «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز»، يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرگە، يەنى يۇقىرىقى ئۇلۇغ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت كاتتا ئەجىرنى ئاتا قىلىمىز.

**ئىلاۋە:** تەسھىلنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغان تۇرۇپ، قانداقسىگە ئۇنى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېدى؟ دەپ سورىغۇچىلارغا ئۈچ خىل شەكىلدە جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇنى مەسخىرە قىلىش، كەمسىتىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن. ئىككىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادلىرىغا ئاساسەن شۇنداق دېگەن. گويا «سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە» ياكى «دەۋا قىلغىنىڭلارغا كۆرە ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېمەكچى بولۇشقان. ئۈچىنچى، بۇ سۆز يەھۇدىيلارنىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇ سۆزدىن ئىلگىرى تۇرۇش كېرەك. بۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە «ئۇنى ئۆلتۈردۇق» دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ رەزىللىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئايەتنىڭ «ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق» دېگەن قىسمى يەھۇدىيلارنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىدۇ. خىرىستىيانلارنىڭمۇ ئىيسا دارغا ئېسىلغانلىقى ئۈچۈن كىرىستقا

ئىبادەت قىلغانلىقلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىيسانىڭ ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزى بىلەن زىتلىشىپ قېلىشى، ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قىلىدىغان بىر ئەھۋال.

**ئەسكەرتىش:** «ۋەھالەنكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگىنى يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى» دېگەن ئايەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئەلچىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى رەزىل يەھۇدىيلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن، دارغىمۇ ئېسىلمىغان. يەھۇدىيلار پەقەت ئىيسا دەپ گۇمان قىلغان باشقا بىر كىشىنى دارغا ئاسقان. چۈنكى بۇ كىشىنى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىپ قويغان. بۇ سەۋەبلىك دارغا ئېسىلغان كىشى يەھۇدىيلار ئىيسا دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر. مانا بۇ ئېتىقاد ئەقلگە ۋە نەقلگە (رىۋايەتلەرگە) مۇۋاپىق بولغان توغرا ئېتىقادتۇر. خىرىستىيانلارغا كەلسەك ئۇلار، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىغا، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى خورلىغانلىقىغا، بېشىغا تىكەنلەرنى قويغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ يالۋۇرۇپ يىغلىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلارنى گۇناھلاردىن پاكلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە قانچىلىغان ئاجايىب - غارايىب زىتلىقلىرى بار. شائىرنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە!

ئىيسانىڭ خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئەھۋالى ھەيران

قالارلىق بىر ئىشتۇر. ئۇنى ھەر قانداق بىر دادىغا نىسبەت بېرىشلىرىمۇ يوچۇندۇر. ئۇنى يەھۇدىيلارغا ھاۋالە قىلىشىپ ئېيتىشتىكى: يەھۇدىيلار ئۇنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دارغا ئاستى. ئەگەر ئېيتقانلىرى توغرا ۋە راست بولسا، ئوغلىنى گۆرۈ سۈپىتىدە دۈشمەنلەرگە تاشلاپ بەرگىنىدە، ئاتىسى قەيەردە ئىدى. سەنچە ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلدىمۇ ياكى غەزەپلەندۈردىمۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە رازى بولغان بولسا، ئوغلىنى قىيىن - قىستاققا ئالغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى ماختاڭلار. ئەگەر غەزەپلەنگەن بولسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى تاشلاپ يەھۇدىيلارغا چوقۇنۇڭلار.

إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ
بَعۡدِهِۦۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ
وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ
وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورٗا ١٦٣ وَرُسُلٗا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ
مِن قَبۡلُ وَرُسُلٗا لَّمۡ نَقۡصُصۡهُمۡ عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ
تَكۡلِيمٗا ١٦٤ رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ
عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ١٦٥
لَّٰكِنِ ٱللَّهُ يَشۡهَدُ بِمَآ أَنزَلَ إِلَيۡكَۖ أَنزَلَهُۥ بِعِلۡمِهِۦۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
يَشۡهَدُونَۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ١٦٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ
عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ قَدۡ ضَلُّواْ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ١٦٧ إِنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ وَظَلَمُواْ لَمۡ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغۡفِرَ لَهُمۡ وَلَا لِيَهۡدِيَهُمۡ

طَرِيقًا ﴿١٦٨﴾ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ وَكَانَ
ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٦٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ
بِٱلْحَقِّ مِن رَّبِّكُمْ فَـَٔامِنُواْ خَيْرًا لَّكُمْۚ وَإِن تَكْفُرُواْ فَإِنَّ
لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧٠﴾
يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا تَغْلُواْ فِى دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى
ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ
ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلْقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ
وَرُسُلِهِۦۖ وَلَا تَقُولُواْ ثَلَٰثَةٌۚ ٱنتَهُواْ خَيْرًا لَّكُمْۚ إِنَّمَا ٱللَّهُ
إِلَٰهٌ وَٰحِدٌۖ سُبْحَٰنَهُۥٓ أَن يَكُونَ لَهُۥ وَلَدٌۘ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَمَا فِى ٱلْأَرْضِۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿١٧١﴾ لَّن يَسْتَنكِفَ
ٱلْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْدًا لِّلَّهِ وَلَا ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ٱلْمُقَرَّبُونَۚ
وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ
إِلَيْهِ جَمِيعًا ﴿١٧٢﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضْلِهِۦۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ
ٱسْتَنكَفُواْ وَٱسْتَكْبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَلَا
يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿١٧٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُم بُرْهَٰنٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ
نُورًا مُّبِينًا ﴿١٧٤﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱعْتَصَمُواْ
بِهِۦ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِى رَحْمَةٍ مِّنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ
صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿١٧٥﴾ يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفْتِيكُمْ
فِى ٱلْكَلَٰلَةِۚ إِنِ ٱمْرُؤٌاْ هَلَكَ لَيْسَ لَهُۥ وَلَدٌ وَلَهُۥٓ أُخْتٌ

فَلَهَا نِصْفُ مَا تَرَكَۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمْ يَكُن لَّهَا
وَلَدٌۚ فَإِن كَانَتَا ٱثْنَتَيْنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَۚ وَإِن
كَانُوٓاْ إِخْوَةً رِّجَالًا وَنِسَآءً فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ ٱلْأُنثَيَيْنِۗ
يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ أَن تَضِلُّواْۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌۢ ﴿١٧٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ بىر قاتار يامانلىقلىرىنى، بۇ قاتاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئاستۇق، دەپ ئويلاپ قالغانلىقلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن بۇ ئايەتلەردە، ئىمان ساغلام بولۇشى ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ خوش بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن خرىستىيانلارنى «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» ياكى «ئۇ ئۈچىنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش باتىل ئېتىقادلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىككە چاقىرغان ھالدا، ئۇنىڭ خرىستىيانلارنىڭ دەۋا قىلغىنىغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئوغلى، يەھۇدىيلارنىڭ دەۋا قىلغىنىغا ئوخشاش نىكاھسىز دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان بىر بالا ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرىنىڭ تۆھمەت قىلغانلىقىنى، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا بۇ مۇبارەك سۈرە باشلىنىش قىسمىدىكىگە ئوخشاشلا، تۇغقان

ۋارىسلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشنى بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** بىر خىرىستىيان ئۆمىكى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ ئىلاھىمىزنى نېمىشقا ئەيىبلەيسەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار كىم؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئىيسا» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا نېمە دەيمەن؟» دېدى. ئۇلار: «ئۇ، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر» دەيسەن، دېيىشتى. رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇشى نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس» دېۋىدى، ئۇلار: «شۇنداق، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس قىلارلىق بىر ئىش ئەمەس» دېيىشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئاللاھ تائالا «مەسىھ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 163. «بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق»، يەنى ئى مۇھەممەد! بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك، ساڭىمۇ ۋەھيى قىلدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا پەيغەمبەرلەردىن كېيىن پەيغەمبەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن باشتا زىكىر قىلىندى. «ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىيساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق»، يەنى بىز

ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلدۇق. ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىنلا نۇھ ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلىندى. ئارقىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلىندى. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى ئاتىسىدۇر. پەيغەمبەرلەر شەجەرىسى ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ ماڭىدۇ. دەرۋەقە ئاللاھ تائالا بىر ئايەتتە «(ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق» دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن زىكىر قىلىندى. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا ئېغىر دەرىجىدە ئازار بەرسە، خىرىستىيانلار ئىلاھلاشتۇرۇشاتتى. «داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق»، يەنى داۋۇدقىمۇ زەبۇرنى بەردۇق. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «زەبۇردا 150 سۈرە بار بولۇپ، بۇ سۈرىلەردە بىرمۇ ھۆكۈم ئايىتى يوق ئىدى، ھەممىسى ھېكمەت ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردىن ئىبارەت ئىدى». 164. «بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار»، يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا باشقا سۈرىلەردە خەۋەرلىرىنى بايان قىلغان بەزى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. «ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار»، يەنى يەنە بىز ساڭا ئەھۋاللىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئەۋەتتۇق. «ئاللاھ

مۇساغا سۆز قىلدى» ، يەنى ئاللاھ ۋاستىسىز ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى. بۇ سەۋەبلىك مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «كەلىم» ئىسمى بېرىلگەن. مەجازى مەندە بولۇش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن «سۆز قىلدى» پېئىلى «تكليما» سۆزى ئارقىلىق تەكىتلەنگەن ھالدا بايان قىلىنغان. سەئلەب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تەكىتلەش ئۇسۇلى قوللىنىلمىغان بولسا ئىدى، باشقا بىر مەنىنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. مەسىلەن: <سەن ئۈچۈن پالانى بىلەن سۆزلەشتىم> دېگەن جۈملە ، <سەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر خەت يازدىم> ياكى <سەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ئادەم يوللىدىم> دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە سۆز <تكليما> ئارقىلىق تەكىتلەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن <ئاللاھتىن ئاڭلانغان سۆز> دېگەندىن باشقا بىر مەنە ئىپادىلىمەيدۇ». 165. «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق» ، يەنى ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىرەر باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىز ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاخ ئوتىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. يەنى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى «ماڭا ئەگەر بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم» دەيدىغان كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ئەۋلادىنىڭ باھانىلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغاندۇر.

«ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ مۈلكىدە غالىبتۇر، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا جاۋاب بەرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 166. «لېكىن ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق گۇۋاھلىق بېرىدۇ»، يەنى ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسىمۇ، ئاللاھ بۇ مۆجىزە قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلىش ئارقىلىق سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. «ئاللاھ قۇرئاننى ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ»، يەنى ئاللاھ قۇرئاننى باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس ئىلمى بىلەن بارلىق پاساھەت ساھىبى كىشىلەر ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدىغان بىر خىل ئۇسلۇبتا قىلدى. ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. «ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر»، يەنى ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر. باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى سەن ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. 167. «شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئازدى»، يەنى كاپىر بولغانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشىگە توسالغۇ بولغانلار، شۈبھىسىزكى توغرا يولدىن تولۇق مەنىدە يىراقلاشقان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئېزىش ۋە ئازدۇرۇشنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتكەن. 168. «شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە زۇلۇم قىلغانلارنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلمايدۇ،

توغرا يولغىمۇ باشلىمايدۇ»، يەنى كاپىر بولغان ۋە زۇلۇم قىلغانلارنى ئاللاھ قەتئىي مەغپىرەت قىلمايدۇ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلىكلىرى ئۈچۈن جەننەتنىڭ يولىغىمۇ قەتئىي باشلىمايدۇ. 169. «پەقەت جەھەننەمنىڭ يولىغا باشلايدۇ، ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ»، يەنى پەقەت قىلغان ئىنكار ۋە زۇلۇملىرىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۇلارنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يولغا باشلايدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. زەمەخشەرىي: «بۇلار ئاسىيلىق بىلەن كۆپۈرنى بىر يەرگە كەلتۈرگەنلەردۇر» دەيدۇ.[1] «بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر»، يەنى ئۇلارنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالدۇرۇش ئاللاھ ئۈچۈن قىيىن ۋە چوڭ ئىش ئەمەس. 170. «ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق ئېلىپ كەلدى»، يەنى ئى ئىنسانلار! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق دىنىنى ۋە ئۇلۇغ شەرىئەتنى ئېلىپ كەلدى. «ئىمان ئېيتىڭلاركى، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق»، يەنى سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە كەلگەن نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتساڭلار، بۇ ئىمان سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. «ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر»، يەنى ئەگەر كۇپرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرگە موھتاج ئەمەستۇر، سىلەرنىڭ كۇپرىڭلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى مۈلك، مەخلۇقات، بەندە قاتارلىق بارلىق

---

[1] تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر. «ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ ئالىمدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلگۈچىدۇر؛ ھەكىمدۇر، يەنى بەندىلىرى ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ شۈبھىلىرىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، خىرىستىيانلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىبادەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۇلۇغلاش ئارقىلىق پاتقان گۇمراھلىقلىرىنى بايان قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 171. «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار»، يەنى، ئى خىرىستىيانلار! ئىيسانىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كېتىش ۋە ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق دىن ئىشىدا چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار. «ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەقتىن باشقىنى ئېيتماڭلار»، يەنى ئاللاھنى ھۆلۈل، ئۈچ ئامىلنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كېلىش، ھەمراھ ۋە بالا تېپىشقا ئوخشاش ئاللاھقا لايىق بولمىغان نەرسىلەر بىلەن سۈپەتلىمەڭلار. «مەسىھ ئىيسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر»، يەنى مەريەم ئوغلى ئىيسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر، «مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر»، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزى بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، نە بىر ئاتىنىڭ ۋاستىسى، نە بىر مەنىدىن يارىتىلمىغاندۇر. «ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر»، يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ ئىگىسىدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەريەمنىڭ كۆكسىگە سۈپكۈچىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەزرىتى

مەريەم مانا بۇ سۆپكۆچلەش بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار بولدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «ئاللاھتىن كەلگەن بىر روھتۇر» دېيىلىش ئارقىلىق روھ ئاللاھقا نىسبەت بېرىلگەندۇر. «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار»، يەنى شۇنداق ئىكەن، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى تەستىقلاڭلار. «ئۈچتۇر دېمەڭلار»، يەنى ئىلاھلار ئاللاھ، ئىيسا، مەريەمدىن ئىبارەت ئۈچتۇر، دېمەڭلار ياكى «ئاتا، ئوغۇل ۋە روھۇل قۇددۇس بولۇپ، ئاللاھ ئۈچتۇر» دېمەڭلار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۈچ بىر گەۋدە ئەقىدىسىدىن توسۇپ، تەۋھىدكە بۇيرىدى. چۈنكى ئىلاھ تەركىب تېپىشتىن ۋە تەركىب تاپقان نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىشىدىن پاكتۇر. «قايتىڭلار، بۇ سىلەرگە پايدىلىقتۇر»، يەنى ئاللاھ ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن ۋاز كېچىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. «(بۇ)، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر»، يەنى ئاللاھ ئىلاھلىقىدا يەككە - يېگانىدۇر، سىلەرنىڭ دەۋا قىلغىنىڭلاردەك ئۈچنىڭ ئۈچىنچىسى ئەمەستۇر. «بالىسى بولۇشتىن ئاللاھ پاكتۇر»، يەنى بالا ساھىبى بولۇشتىن پاكتۇر. «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر»، يەنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر، قۇللىرىدۇر. بالا قىلىۋالىدىغانغا ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىدىغان ھېچقانداق بىر نەرسە يوقتۇر. «ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر.» بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بىر بالىغا موھتاج ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. يەنى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپ -

ئىنتىزامغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۈپايىدۇر. ئۇنىڭ بىر بالىغا ۋە ياردەمچىگە ئېھتىياجى يوقتۇر. چۈنكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر. بۇلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا خىرىستىيانلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنى رەت قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: 172. «مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، يەنى سىلەر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ، مەغرۇرلىنىپ ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتمايدۇ. يەنە ئاللاھقا يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا بەندە بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. «كىملەركى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ» ، يەنى كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىكەن، بىلسۇنكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە بىر يەرگە توپلايدۇ. 173. «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ» ، يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. «نېمىتىنى ئۇلارغا بېرىدۇ» ، يەنى ئۇلارغا پەزلى - مەرھەمىتىدىن ھېچقانداق بىر كۆز كۆرۈپ باقمىغان، ھېچقانداق بىر قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچبىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. «باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ» ، يەنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانلارنى ئاللاھ تائالا ئەلەملىك قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. «ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن

ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ» ، يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ياكى ئۇلارغا مەدەتكار بولىدىغان ھېچقانداق دوست يوقتۇر. 174. «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ئوچۇق دەلىل كەلدى» ، يەنى سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت دەلىل كەلدى. «سىلەرگە روشەن نۇرنى نازىل قىلدۇق» ، يەنى پارلاق نۇر بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدۇق. 175. «ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك» ، يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق كىتابىغا ئېسىلغانلارغا كەلسەك ، «ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېمىتىگە داخىل قىلىدۇ» ، يەنى ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ماكان بولغان جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ. «ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ» ، ئۇلارنى دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ، ئاخىرەتتە بولسا، جەننەتنىڭ يولىغا يېتەكلەيدۇ. 176. «سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ئاللاھ ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق كىشى توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ» ، يەنى ئى مۇھەممەد! سەندىن ۋارىس بولىدىغان ئاتىسى ۋە بالىسى يوق مېيىت (كەلالە) ھەققىدە پەتىۋا سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەققىدىكى ھۆكمىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا ، بالىسى بولمىسا...» ـ بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ، ئەمما ئۇنىڭغا ۋارىس بولىدىغان نە ئاتىسى، نە بالىسى بولمىسا ، «پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ» ، يەنى ئۇنىڭ ئۆز ياكى ئاتا بىر بىرلا ھەمشىرىسى بولسا ، قېرىندىشى قالدۇرغان

تەرەكىنىڭ يېرىمى (مەزكۇر) ھەمشىرىنىڭ ھەققىدۇر. «ئەگەر ئۇ ئاياللىنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ»، يەنى ئۆز ياكى ئاتا بىر ئەر بىر تۇغقان، بالىسى يوق ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. «ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرەكىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ»، يەنى ۋارىس بولىدىغان ئاتىسى ۋە بالىسى يوق ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى (كەلالە)نىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەمشىرىلىرى بولسا، قېرىنداشلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر. «ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا، بىر ئەرگە ئىككى ئاياللىنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ»، يەنى ئەگەر ۋارىسلار ئەر ۋە ئايال بىر تۇغقانلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولسا، ئەرنىڭ ھەققى ئىككى قىز قېرىنداشنىڭ ھەسسىسىچىلىك بولىدۇ. «ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالا ئادىشىپ كېتىشلارنى خالىمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەھكاملىرى ۋە شەرىئەتلىرىنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ. «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»، يەنى سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى بىلگۈچىدۇر. بەندە تىرىك چېغىدىمۇ ۋە ئۆلۈك چېغىدىمۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشنى بىلگۈچى زات ئاللاھتۇر.

**ئىلاۋە:** «مىن» قوشۇمچىسى «بەزى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە مەقسەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ «ۋە رۇھۇن مىنھۇ» دېگەن ئايىتىدىمۇ مۇشۇ مەنىدە ئىستېمال قىلىنغان. ھېكايە

قىلىنىشىچە، ھارۇن رەشىدنىڭ بىر خىرىستىيان دوختۇرى بىر كۈنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمام ۋاقىدى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا ئىيسانىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بىر ئايەت بار» دەيدۇ ۋە «ۋە رۇھۇن مىنھۇ»، يەنى «ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ۋاقىدى ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: سېنىڭ بۇ قارىشىڭ تولىمۇ ئاجايىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى» ئەگەر ئاللاھنىڭ بىر پارچىسى بولسا، بۇنىڭغا كۆرە، ئاسمانلاردا ۋە يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارمۇ ئاللاھنىڭ بىر پارچىسى بولۇشى كېرەك. بۇ جاۋابتىن كېيىن خىرىستىيان سۈكۈت قىلىدۇ، ئارقىدىن مۇسۇلمان بولىدۇ. ھارۇن رەشىد بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ۋاقىدىغا چوڭ بىر ھەدىيە بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن «نىسا سۈرىسى» نىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# مائىدە سۈرىسى

**«مائىدە سۈرىسى» مەدىنىدە نازىل بولغان، 120 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** مائىدە سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان ئۇزۇن سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، مەدىنىدە نازىل بولغان بەقەرە، نىسا ۋە ئەنفال سۈرىلىرىگە ئوخشاشلا بۇ سۈرىدىمۇ ئاساسلىقى ئېتىقاد مەپكۇرىسىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلار بىلەن بىرگە، ئەھلى كىتابقا دائىر قىسسىلەر ۋە قانۇنىي مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئەبۇ مەيسەرەگە كۆرە، مائىدە سۈرىسى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ سۈرىدە مەنسۇخ قىلىنغان (ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) بىرەرمۇ ئايەت يوق. بۇ سۈرە 18 پەرزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتقان چاغدا نازىل بولغان بولۇپ، ئومۇمەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئىسلام دۆلىتى ئەمدىلا قۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى يىمىرىلىشتىن مۇداپىئە قىلىدىغان، ئۇنىڭغا قۇرۇلۇش ۋە مۇقىملىق چىرتىيوژىنى سىزىپ بېرىدىغان ئىلاھىي پىرىنسىپلارغا ئېھتىياج بار ئىدى.

بۇ سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى تۆۋەندىكىدەك

خۇلاسىلەش مۇمكىن: ئەھدىنامىلەر، قۇربانلىق قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئېھرام باغلاش، ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللارغا ئۆيلىنىش، دىندىن چىقىپ كېتىش (مۇرتەد بولۇپ كېتىش)، پاكلىققا رىئايە قىلىش ئەھكاملىرى، ئوغرىلىق، قاراقچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرىگە بېرىلىدىغان جازا، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش ۋە قەسەمنىڭ كاپارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھكاملار، ئېھرام باغلىغان ھالىتىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈش، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا ۋەسىيەت قالدۇرۇش، بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئوننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى) قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ ھۆكمى ۋە بۇنىڭ سىرتىدىكى باشقا شەرئى ھۆكۈملەر.

بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن بىرگە يەنە، ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەت بولسۇن دەپ بىر قىسىم قىسسىلەرنىمۇ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ قىسسىدە ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئازغۇن يەھۇدىيلار پىرقىسىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقى ۋە ئىسيانكارلىقى تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. دەرۋەقە،

بۇ پىرقە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېيىشكەنىدى. بۇ سۈرىدە ئۇلار «تىھ چۆلى» (سىنا چۆلى)دە 40 يىل قايمۇقۇپ يۈرۈش جەريانىدا دۇچ كەلگەن سەرگەردانلىق ۋە ھالاكەت ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلىدۇ.

ئاندىن بۇ سۈرىدە يەنە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسسىدە ئاساسلىقى قابىل بىلەن ھابىلنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. قىسسىدىكى بايانلارغا كۆرە، قابىل ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ، يەر يۈزىدە قەبىھ جىنايەت سادىر قىلغان، پاك - دىيانەتلىك ۋە بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ قېنىنى ئېقىتقان. قىسسە ئىنسان ئۆلگىلىرىدىن ئىككى ئۆلگىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى گۇناھكار ۋە ۋەھشىي ئىنسانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يامان ئۆلگە، يەنە بىرى مەرت ۋە ياخشى ئىنسانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياخشى ئۆلگە. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك: «ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ سۈرىدە يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولغان «ئۈستىدە تاماق بار داستىخان» قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ مۇبارەك سۈرىدە يەنە، يەھۇدىي ۋە

خىرىستىيانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى دەتالاشلىرى بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئاياللىرى بار دەپ نامۇناسىپ سۆزلەر بىلەن ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاش، ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، ئەھدىنامىلەرگە ئەمەل قىلماسلىق، تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتەك باتىل ئىشلىرى بىلەن ئازغۇنلۇقلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ خاتىمىسى، ھەممە توپلىنىدىغان كۈندىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى بايان قىلىش بىلەن چۈشۈرۈلىدۇ. دەرۋەقە، شۇ كۈندە مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان خىرىستىيانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن سورايدۇ: «‹ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟› ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: ‹(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن›» ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنى رەسۋا قىلىۋېتىدىغان، قورقۇنچتىن چاچ - ساقاللار بىردەمدىلا ئاقىرىپ كېتىدىغان ۋە ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى داۋالغۇپ

كېتىدىغـان بـۇ ئەھـۋال نېمىدېگـەن قورقۇنچلـۇق - ھـە!

سـۈرىنىڭ پەزىلىتـى: ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئەمـر ئىبنـى ئـاس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) ئـۆز رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئۇلىغىنىـڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭغا «مائىدە سۈرىسى» نازىل بولغان، شـۇنىڭ بىلـەن ئۇلىغى رەسۇلۇللاھنى كۆتۈرەلمىگەچكە، رەسۇلۇللاھ ئۇلىغىدىن چۈشكەن. (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.)

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** بۇ سۈرىدە «ئۈستىدە تاماق بار داستىخان» مۆجىزىسى بايان قىلىنغانلىقتىن، بۇ سۈرە «مائىدە سۈرىسى» دەپ ئاتالدى. دەرۋەقە، ھاۋارىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر بايرام بولۇشى ئۈچۈن «ئۈستىدە تاماق بار داستىخان» تەلەپ قىلىشقانىدى. دېگەنىدەك، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن «ئۈستىدە تاماق بار داستىخان» چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، مۇشۇ سۈرىدە زىكىر قىلىنغان بايانلارنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى مۇشۇ قىسسىدۇر، چۈنكى بۇ قىسسە نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ كاتتا ئېھسانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ
ٱلۡأَنۡعَٰمِ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ غَيۡرَ مُحِلِّي ٱلصَّيۡدِ وَأَنتُمۡ
حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ مَا يُرِيدُ ﴿١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ

لَا تُحِلُّوا۟ شَعَـٰٓئِرَ ٱللَّهِ وَلَا ٱلشَّهْرَ ٱلْحَرَامَ وَلَا ٱلْهَدْىَ وَلَا
ٱلْقَلَـٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّن
رَّبِّهِمْ وَرِضْوَٰنًا ۚ وَإِذَا حَلَلْتُمْ فَٱصْطَادُوا۟ ۚ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ
شَنَـَٔانُ قَوْمٍ أَن صَدُّوكُمْ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ أَن تَعْتَدُوا۟ ۘ
وَتَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْإِثْمِ
وَٱلْعُدْوَٰنِ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢﴾ حُرِّمَتْ
عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحْمُ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ
ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلْمُنْخَنِقَةُ وَٱلْمَوْقُوذَةُ وَٱلْمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ
وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى ٱلنُّصُبِ
وَأَن تَسْتَقْسِمُوا۟ بِٱلْأَزْلَـٰمِ ۚ ذَٰلِكُمْ فِسْقٌ ۗ ٱلْيَوْمَ يَئِسَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن دِينِكُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَٱخْشَوْنِ ۚ
ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ
نِعْمَتِى وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلْإِسْلَـٰمَ دِينًا ۚ فَمَنِ ٱضْطُرَّ فِى
مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِّإِثْمٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣﴾
يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمْ ۖ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَـٰتُ
وَمَا عَلَّمْتُم مِّنَ ٱلْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا
عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُ ۖ فَكُلُوا۟ مِمَّآ أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ وَٱذْكُرُوا۟
ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَيْهِ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٤﴾
ٱلْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَـٰتُ ۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟
ٱلْكِتَـٰبَ حِلٌّ لَّكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَّهُمْ ۖ وَٱلْمُحْصَنَـٰتُ
مِنَ ٱلْمُؤْمِنَـٰتِ وَٱلْمُحْصَنَـٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ

مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ
غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِىٓ أَخْدَانٍۗ وَمَن يَكْفُرْ
بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ
ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ
فَٱغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى ٱلْمَرَافِقِ وَٱمْسَحُواْ
بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى ٱلْكَعْبَيْنِۚ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَٱطَّهَّرُواْۚ
وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ
ٱلْغَآئِطِ أَوْ لَٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُواْ مَآءً فَتَيَمَّمُواْ
صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُۚ
مَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَٰكِن
يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ
تَشْكُرُونَ ﴿٦﴾ وَٱذْكُرُواْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَٰقَهُ
ٱلَّذِى وَاثَقَكُم بِهِۦٓ إِذْ قُلْتُمْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَاۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ
إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ
قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰۖ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿٨﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٩﴾
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ
ٱلْجَحِيمِ ﴿١٠﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، مۇشرىكلار بەيتۇللاھتا ھەج قىلاتتى، مەككىگە قۇربانلىقلارنى ئېلىپ باراتتى، ھەج ئەركانلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قۇربانلىق قىلىشاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەكچى بولغاندا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى) ھالال سانىماڭلار...»

**تەپسىرى:** 1. «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، ھايۋانلار (تۆگە، كالا، قوي)لار)نىڭ ھەممىسى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم)دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھالال - ھارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. «ئى مۆمىنلەر!» دەپ خىتاب قىلىنىشى، مۆمىنلەرنى شەرەپلەندۈرۈش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈندۇر. «ئەھدە» دېمەك ھەم ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ھەم ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك ئەھدە ۋە توختامنامە دېمەكتۇر. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، «ئەھدىلەر» ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ھالال، ھارام ۋە پەرز قىلغان تەكلىپلەر بىلەن

ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توختاملارنى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.[1] بۇ سۈرىدە سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى... قاتارلىقلاردىن باشقا تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى زەبھى قىلغاندىن كېيىن يېيىشىڭلار ھالال قىلىندى. لېكىن بۇ سىلەرگە، سىلەر ئېھرامدا بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماسلىقىڭلار شەرتى بىلەن ھالال قىلىندى، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى توغرۇلۇق خالىغىنىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەم ئەمر(بۇيرۇق) قىلغان ھەم نەھيي (چەكلىمە) قىلغان ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 2. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرەم (دە ئۇرۇش قىلىش)نى، ھەدىينى (كەئبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە)لەرگە (چېقىلىشنى)، پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار، ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ، بىرەر

[1] تەبەرىي بىلەن زەمەخشەرىي بۇ قاراشنى تاللىغان. ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغان قاراش بولسا، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرىدىن ئىبارەت ئاممۇۋي قاراشتۇر. ئەبۇ ھەييان بىلەن بىر تۈركۈم مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىمۇ دەل مۇشۇ. ئىبنى ئەسلەمگە كۆرە، ئەھدە ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەھدى، ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدى، ئورتاقلىق ئەھدى، سودا - سېتىق ئەھدى، نىكاھ ئەھدى ۋە قەسەم ئەھدىدۇر. ئىبنى كەسىردىنمۇ مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

قەۋم (مۇشرىكلار)نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەم (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال سانىماڭلار ۋە ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن چېگرا لىنىيىسىگە تاجاۋۇز قىلماڭلار. ھەسەن بەسرىگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن - ئەھكام چېگرىلىرىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار». ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەر ئېھرامدا بولغىنىڭلاردا ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار»[1]. ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنى، كەئبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى ياكى قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بويىنىغا مۇنچاق ئېسىپ قويۇلغان ھايۋانغا ياكى شۇ ھايۋاننىڭ ئىگىسىگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار. پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كەلگۈچىلەرگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار. ئاللاھ تائالا جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ قىلغانلىرىغا ئوخشاش ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ بەيتۇللاھقا يېتىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشنى مەنئى

[1] بىرىنچى قاراش تېخىمۇ روشەن بولۇپ، تەبەرىينىڭ قارىشىمۇ مۇشۇ قاراشتۇر. چۈنكى ئايەتنىڭ ھۆكمى ئورتاقتۇر.

قىلدى. ئىھرامدىن چىققىنىڭلاردا ئوۋ ئوۋلىشىڭلار ھالالدۇر. بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەم زىيارىتىدىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، ياخشى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا ۋە يامان ئىشلارنى تەرك قىلىشقا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئۆزىگە قارشى ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. 3. «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھ تائالادىن غەيرىنىڭ (بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان(لارنىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلارمۇ ھارام قىلىندى. ئەزلام (جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر، كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار(نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان

نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ)، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە چوشقا گۆشى ھارام قىلىندى. زەمەخشەرىيگە كۆرە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار تۆۋەندىكىدەك ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يەيتتى، بۇلار: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ۋە «فاسىد» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۈچەيلەرگە تولدۇرۇپ پىشۇرىدىغان قان. بۇ ھەقتە ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ماقال - تەمسىل بار: «فاسىد قان ئىكرام قىلىنغان كىشى تاماقتىن مەھرۇم قالىدۇ». چوشقا گۆشىنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئالاھىدە زىكىر قىلدى. شەرئىي ئۇسۇلدا بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ چوشقا گۆشىنى يېيىش مۇتلەق ھارامدۇر. ئاللاھ تائالادىن غەيرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ياكى ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالادىن باشقا لات ۋە ئۇززانىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، ئارغامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، تاش ياكى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، تاغ ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئېگىز يەرلەردىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، باشقا ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ قويۇلغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى. لېكىن مەزكۇر ھايۋانلاردىن جېنى چىقمىغان چاغدا ئىسلام شەرئىتىگە كۆرە بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ. تەبەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا پاك قىلىپ بەرگەن

ئۇسۇللار بويىچە بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالالدۇر» ھەمدە تىكلەپ قويۇلغان تاشلارنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلانغان ھايۋانلارمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى. قەتادەگە كۆرە، «نۇسۇب» بىر خىل تاش بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار شۇ تاشلارغا چوقۇناتتى ۋە ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى، كېيىن ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلدى. زەمەخشەرىيگە كۆرە، مۇشرىكلارنىڭ بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا تىكلەپ قويۇلغان تاشلىرى (بۇتلىرى) بار بولۇپ، ئۇلار شۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدە قۇربانلىق قىلاتتى ۋە ئىچ - باغرىنى يېرىپ كىچىك - كىچىك پارچىلايتتى - دە، بۇ ئارقىلىق بۇتلىرىنى ئۇلۇغلايتتى ۋە شۇ يوسۇندا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشقا تىرىشاتتى، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى بۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلدى. پال ئوقلىرى بىلەن ياخشى - يامانلىققا دائىر پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى. «كەششاف» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەرەبلەردىن بىرەرسى سەپەر قىلماقچى ياكى ئۇرۇشقا چىقماقچى ياكى تىجارەت قىلماقچى ياكى ئۆيلەنمەكچى بولسا ياكى مۇھىم بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، پال ئوقلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق پال سالاتتى، پال ئوقلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە: <پەرۋەردىگارىم ماڭا ئەمر قىلدى> دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىدى، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا ھېچقانداق بىر خەت يېزىقلىق ئەمەستى. ئەگەر <پەرۋەردىگارىم ماڭا ئەمر قىلدى> دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئوق چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشىغا تۇتۇش قىلاتتى، ئەگەر قىلىشتىن توسقان خەتلەر يېزىقلىق ئوق چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچەتتى، ھېچنەرسە يېزىلمىغان ئوق چىقسا قايتىدىن پال سالاتتى». بۇ شەكىلدە بەخت تەلەپ قىلىشىڭلار

پاسىقلىقتۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقتۇر، چۈنكى بۇ، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس قىلغان غەيب ئىلمىگە ئارىلاشقانلىق بولىدۇ.[1] كاپىرلارنىڭ بۈگۈن سىلەردىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى ۋە سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشتى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشىڭلاردىن مەڭگۈلۈك ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى» ، شۇڭا مۇشرىكلارنى ھەيۋەتلىك كىشىلەر دەپ قاراپ، ئۇلاردىن قورقۇپ قالماڭلار، مەندىن قورقۇڭلاركى، ئۇلارغا قارشى سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلاي ۋە دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنى ئۇلاردىن ئۈستۈن قىلاي. بۈگۈن ھالال - ھارامنى بايان قىلىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، دىنلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، دەرۋەقە، ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا رازى بولغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر دىندۇر. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك: «كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ئۇنىڭ دىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل

[1] كۆرسىتىش ئالمىشىنىڭ «پال ئوقلىرى بىلەن بەخت ئىزدەش»كە ئائىت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغىنىمىزدا مۇشۇنداق مەنا بېرىلىدۇ، چۈنكى كۆرسىتىش ئالمىشى ئىلگىرى كەلگەن ئەڭ يېقىن ئىسمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىدۇر. ئۆلىمالار تەرىپىدىن بېرىدەك قوبۇل قىلىنغان قاراشمۇ مۇشۇ قاراشتۇر. تەبەرىگە كۆرە، كۆرسىتىش ئالمىشى، يۇقىرىدا ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر.

قىلىنمايدۇ.» كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن ۋە قەستەن شۇنداق قىلماستىن مەجبۇرىي ھالدا مەزكۇر ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنى جازالىمايدۇ، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، چۈنكى زۆرۈرىيەتلەر بەزى چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. 4. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك - ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، <سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (بىسمىللاھ دەڭلار)، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر>» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە يېمەك - ئىچمەكتىن نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك، لەززەتلىك ۋە نىجىس بولمىغان نەرسىلەر ھالال قىلىندى، تېزەكچى قوڭغۇز، چاشقان قاتارلىق نىجىس بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىندى، ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرىمۇ سىلەرگە ھالال قىلىندى». زەمەخشەرىيگە كۆرە، «مۇكەللىب» ئىبارىسى

<شىكار ھايۋانلىرىنى كۆندۈرۈپ يېتىشتۈرگۈچى> دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شىكار ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا ئىتلار يېتىشتۈرۈلگەنلىكتىن، بۇ ئىبارە، «غالجىرلىشىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «الكلاب» دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن. شىكار ھايۋانلىرىغا ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئوۋ ئوۋلاش ئۇسۇللىرىنى، ئوۋنىڭ قانداق ئوۋلىنىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەيسىلەر، بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئۆگەتكەن بىلىملەرنىڭ بىرىدۇر. ئەنە شۇ شىكارغا ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋلىغان ئوۋلاردىنمۇ ئەگەر ئاشۇ شىكار ھايۋانلىرى يېمىگەن بولسا يەڭلار، ئەگەر شىكار ھايۋانلىرى ئوۋلارنى يەپ سالغان بولسا يېيىشىڭلار ھالال ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شىكارغا ئۆگىتىلگەن ئىتنى ئوۋ ئۈستىگە قويۇۋەتكىنىڭدە ئىت ئوۋنى ئۆلتۈرسە ئۇنى يېگىن، ئەگەر يەپ سالغان بولسا ئۇنى يېمىگىن، چۈنكى ئىت ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئوۋلىغان بولىدۇ.» (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.) سىلەرگە ھالال قىلىنغان، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (بىسمىللاھ دەڭلار)، ئاللاھ(نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر».

ئوۋغا قويۇپ بەرگىنىڭدە كېيىنشى، قويۇپ بەرمىگىنىڭدە كەتمەسلىكى ۋە تۇتۇۋالغان ئوۋنى يېمەسلىكى ئىتنىڭ شىكارغا ئۆگىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق بىر ئىت ئوۋ ئۈستىگە قويۇۋېتىلگەن ھامان ئاللاھ تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى كېرەك، بۇندىن باشقا شىكارغا ئۆگىتىلگەن ئىت ئوۋلىغان

ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت شەرت ھازىرلانغان بولۇشى شەرت. ئوۋ ئىتىنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار ــ بىسمىللاھ دەڭلار ــ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ئەمەللىرىگە قاراپ ناھايىتى تېز مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر. 5. «بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مېھرى ھەققىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر، كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى(نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ»، يەنى بۈگۈن سىلەرگە بوغۇزلانغان ھايۋانلار ۋە باشقا پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بوغۇزلىغان ھايۋانلارمۇ سىلەرگە ھالالدۇر، شۇنداقلا سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر، سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن ئۇلارغا يېدۈرسەڭلار ۋە ئۇلارغا ساتساڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى يوق (گۇناھ بولمايدۇ). ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب

بېرىلگەن يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ تويلۇقىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغان، ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگەن ۋە دوست بولۇشۇپ زىنا قىلىشمىغان ھالدا ئۇلارنى ئالساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر. بۇ پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. ئاتاغا كۆرە، ئاللاھ تائالا نۆۋەتتە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن بولغان ئاياللارنى ئېلىشىغا پەقەت ئىسلامنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا رۇخسەت بەرگەندۇر. تەبەرىگە كۆرە، ئاخىرقى ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىرەر پاھىشە بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشى جائىز ئەمەس». كىمكى دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىدىكەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ساۋابى يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ناماز ئوقۇغاندا تاھارەتنى كامىل ئېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 6. «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھە تارتىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن

كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھ تارتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ، يەنى ئى مۆمىنلەر! ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا، تاھارەتىڭلار بولمىسا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھ تارتىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. زەمەخشەرىيگە كۆرە، «پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار» ئىبارىسى ئارقىلىق پۇتلارنىڭ قەيەرگىچە يۇيۇلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىلەپ بېرىلىشى، «پۇتلارغا مەسھ تارتسا بولىدۇ» دەپ قارايدىغانلارنىڭ گۇمانىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە مەسھىنىڭ قەيەرگىچە قىلىنىدىغانلىقى جۈملىدىن ئەڭ ئاخىرقى چەك بەلگىلەپ بېرىلمىگەن. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «دوزاخ ئوتىدا كۆيىدىغان شۇ ئوشۇقلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» بۇ ھەدىس، ئىمامىيە مەزھىبى مۇرىتلىرىنىڭ: «پۇتلارنى يۇيۇش ئەمەس، بەلكى مەسھ تارتىش پەرزدۇر» دېگەن قارىشىنى رەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئايەت ناھايىتى روشەن بولۇپ، «پۇتلىرىڭلارنى» ئىبارىسى زەبەر ھالىتىدە كەلگەن ھەمدە بۇ ئىبارە، يۇيۇلىدىغان يۈزلەر ۋە قوللار ئىبارىسىگە باغلىنىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئەركانلىرىنىڭ تەرتىپ بىلەن بايان قىلىنىشى ئۈچۈن، باشقا مەسھ تارتىش ئەمرى باشقا ئەزالارنى يۇيۇشقا دائىر ئەمرلەر ئارىسىدا كەلتۈرۈلگەن. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پۈتۈن بەدىنىڭلارنى يۇيۇپ

پاكلىنىشلار (غۇسلى قىلىشلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار ۋە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ سۇ تاپالمىساڭلار، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن) كېيىن غۇسلى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كۆرسىتىپ بېرىلگىنىدەك، قولۇڭلارنى ئىككى قېتىم پاك تۇپراققا ئۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھ تارتىڭلار، ئاللاھ تاھارەت، غۇسلى ۋە تەيەممۇمنى پەرز قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى جاپا - مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ تاھارەت ۋە تەيەممۇمنى پەرز قىلىش ئارقىلىق گۇناھلاردىن ۋە خاتالىقلارنىڭ كىرلىرىدىن سىلەرنى پاك قىلىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش بىلەن نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ ھەمدە سان - ساناقسىز نېمەتلىرى تۈپەيلى ئۆزىگە شۈكۈر قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ. 7. «(ئى مۆمىنلەر!) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زامانىدا سىلەر: <ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق> دېگەن ئىدىڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار (ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇشتىن ساقلىنىڭلار). ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ) دىللىرىدىكى سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇر»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئىسلامدىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار،

چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا سىلەر جاپادىن، ھالاۋەتتىن، خۇشاللىقتىن ۋە غەم - قايغۇدىن بىرگە بولىدىغانلىقىڭلارغا، دائىما سۆزلىرىڭگە قۇلاق سېلىپ، ئەمر - پەرمانلىرىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغانلىقىڭلار ھەققىدە رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان ئىدىڭلار. بۇ خىتاب مۆمىنلەرگە قارىتىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كاتتا نېمەت، ئىسلام ۋە ئىسلامنى چۆرىدىگەن ھالدا بىرلىك ۋە شان - شەرەپتۇر. ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ دىللىرىدىكى سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇر ۋە شۇ دىللاردىكى سىرلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر. 8. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالا ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادالەتنى ياقىلاشقا تىرىشىڭلار، بۇ يەردىكى «قەۋۋام» فورمىلىسى مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. دۈشمەنلەرگە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشىڭلارغا سەۋەب بولۇپ قالمىسۇن، دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار، ئۇلارغا شۇنچە ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار، تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر ۋە قىلمىشىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر.

زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتتە، شۇنداق كۈچلۈك ئادالەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغىمۇ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ۋاجىب (شەرت) ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. كاپىرلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش ۋاجىب بولغان يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى ۋە مەھبۇبلىرى بولغان مۆمىنلەرگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش نېمە دەپ ۋاجىب بولمىغۇدەك؟! 9. «ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلدى». يەنى، ئاللاھ ئىتائەت قىلغۇچى مۆمىنلەرگە ئاخىرەتتە گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە كاتتا ساۋاب سۈپىتىدە ئۇلارغا جەننەت ئاتا قىلىنىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. 10. «كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەر ئەھلى دوزاختۇر»، يەنى كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئەھلى دوزاختۇر. ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ ئاخىرى ئېرىشىدىغان نەتىجىلىرى بىلەن ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايىنى بايان قىلغان ئىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا يەنە، گۇناھكار كاپىرلارنىڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايى بىلەن ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ تەكتىدە دائىم ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، مۆمىنلەرگە جەننەت ۋەدە قىلىنغان ئايەتنىڭ پېئىل جۈملىسى سۈپىتىدە كەلتۈرۈلۈشى ۋە «ئۆتكەن زامان پېئىلى فورمىلىسى»دا كېلىشى، بۇ ۋەدىنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. كاپىرلار ھەققىدىكى ئايەت بولسا، ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكۈمنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەھەننەم ئەھلى ئىكەنلىكىنى

ۋە دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم جۈملىسى سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەندۇر.

**ئىلاۋە:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيلاسوپ كىندىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا: «ئى پەيلاسوپ! سەن بىزگە مۇشۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب مەيدانغا كەلتۈرگىن» دەيدۇ، ئۇمۇ: «بولىدۇ، مەن قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلگۈدەك بىر كىتاب يېزىپ چىقاي» دەپ، بىر مەزگىل ئىنسانلارغا كۆرۈنمەيدۇ، ئاندىن ئۇ پەيدا بولۇپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىگۈدەك، جۈملىدىن بۇنداق قىلىشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى يەتمىگۈدەك، مەن ھەقىقەتەن قۇرئاننى ئاچقانىدىم، كۆز ئالدىمدا <مائىدە سۈرىسى> نامايەن بولدى، مەن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىغانىدىم، كۆتۈلمىگەندە قۇرئان ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ھەققىدە مەلۇمات بېرىۋاتىدۇ ۋە ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىشنى چەكلەۋاتىدۇ، نەرسىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھالال قىلىۋاتىدۇ، ئاندىن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىنى مۇستەسنا قىلىۋاتىدۇ، ئاندىن ئىككى قۇردا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى ھەققىدە خەۋەر بېرىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، نەچچە - نەچچە توملۇق ئەسەر يازمىسا ھېچكىم بۇنداق بايانلارنى كەلتۈرەلمەيدۇ». 2. جاھىلىيەت ئادەتلىرى مىللەتچىلىك پرىنسىپى بويىچە قارىغۇلارچە جارى قىلىناتتى، بۇنى جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن بىر شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

*مەن پەقەتلا غۇزەييە قەبىلىسىدىنمەن،*
*ئەگەر ئۇ ئازسا مەنمۇ ئازىمەن،*
*ئەگەر ئۇ توغرا يول تاپسا مەنمۇ تاپىمەن.*

ئىسلام دىنى بولسا، مۇنۇ قىممەتلىك ئىنسانىي پرىنسىپنى ئېلىپ كەلدى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» روشەنكى، بۇ ئىككى پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. 3. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلاردىن بىر ئادەم ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا سىلەر ئوقۇۋاتقان بىر ئايەت بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئايەت بىز يەھۇدىي جامائەسىگە نازىل قىلىنغان بولسا ئىدى، بىز شۇ ئايەت نازىل بولغان كۈننى بايرام قىلىۋالغان بولاتتۇق» بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) ئۇنىڭدىن: «سەن قايسى ئايەتنى دېمەكچى؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى يەھۇدىي: «<بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم> دېگەن ئايەتتۇر» دەيدۇ. ئاندىن ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي): «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھقا نازىل بولغان كۈننى ۋە قايسى سائەتتە نازىل بولغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، بۇ ئايەت، رەسۇلۇللاھقا جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىدىغان بىر ئەرەپات كۈنىدە نازىل بولغان» دەيدۇ. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ
هَمَّ قَوۡمٌ أَن يَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ فَكَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ
عَنكُمۡۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١١﴾ وَلَقَدۡ
أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَبَعَثۡنَا مِنۡهُمُ ٱثۡنَيۡ عَشَرَ
نَقِيبٗاۖ وَقَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مَعَكُمۡۖ لَئِنۡ أَقَمۡتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيۡتُمُ

ٱلزَّكَوٰةَ وَءَامَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرۡتُمُوهُمۡ وَأَقۡرَضۡتُمُ ٱللَّهَ قَرۡضًا
حَسَنٗا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَلَأُدۡخِلَنَّكُمۡ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ فَمَن كَفَرَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ مِنكُمۡ
فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ١٢ فَبِمَا نَقۡضِهِم مِّيثَٰقَهُمۡ لَعَنَّٰهُمۡ
وَجَعَلۡنَا قُلُوبَهُمۡ قَٰسِيَةٗۖ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ
وَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ خَآئِنَةٖ
مِّنۡهُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۖ فَٱعۡفُ عَنۡهُمۡ وَٱصۡفَحۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٣ وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَهُمۡ
فَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَأَغۡرَيۡنَا بَيۡنَهُمُ ٱلۡعَدَاوَةَ
وَٱلۡبَغۡضَآءَ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَسَوۡفَ يُنَبِّئُهُمُ ٱللَّهُ بِمَا كَانُواْ
يَصۡنَعُونَ ١٤ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ
لَكُمۡ كَثِيرٗا مِّمَّا كُنتُمۡ تُخۡفُونَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَعۡفُواْ
عَن كَثِيرٖۚ قَدۡ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٞ وَكِتَٰبٞ مُّبِينٞ ١٥
يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم
مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسۡتَقِيمٖ ١٦ لَّقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ
ٱبۡنُ مَرۡيَمَۚ قُلۡ فَمَن يَمۡلِكُ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔا إِنۡ أَرَادَ أَن يُهۡلِكَ
ٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗاۗ وَلِلَّهِ
مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٧ وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ وَٱلنَّصَٰرَىٰ نَحۡنُ
أَبۡنَٰٓؤُاْ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥۚ قُلۡ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُمۖ بَلۡ

أَنتُم بَشَرٞ مِّمَّنۡ خَلَقَۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن
يَشَآءُۚ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۖ وَإِلَيۡهِ
ٱلۡمَصِيرُ ١٨ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ
لَكُمۡ عَلَىٰ فَتۡرَةٖ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن تَقُولُواْ مَا جَآءَنَا مِنۢ
بَشِيرٖ وَلَا نَذِيرٖۖ فَقَدۡ جَآءَكُم بَشِيرٞ وَنَذِيرٞۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٩ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ ٱذۡكُرُواْ
نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ جَعَلَ فِيكُمۡ أَنۢبِيَآءَ وَجَعَلَكُم
مُّلُوكٗا وَءَاتَىٰكُم مَّا لَمۡ يُؤۡتِ أَحَدٗا مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٠
يَٰقَوۡمِ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡأَرۡضَ ٱلۡمُقَدَّسَةَ ٱلَّتِي كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا
تَرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَارِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ٢١ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ
إِنَّ فِيهَا قَوۡمٗا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَا حَتَّىٰ يَخۡرُجُواْ
مِنۡهَا فَإِن يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ ٢٢ قَالَ رَجُلَانِ مِنَ
ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمَا ٱدۡخُلُواْ عَلَيۡهِمُ ٱلۡبَابَ
فَإِذَا دَخَلۡتُمُوهُ فَإِنَّكُمۡ غَٰلِبُونَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ٢٣ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ
فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ٢٤
قَالَ رَبِّ إِنِّي لَآ أَمۡلِكُ إِلَّا نَفۡسِي وَأَخِيۖ فَٱفۡرُقۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ
ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٢٥ قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيۡهِمۡۛ أَرۡبَعِينَ
سَنَةٗۛ يَتِيهُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَلَا تَأۡسَ عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٢٦

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ بېشىدا مۆمىن بەندىلىرى

ئۇچۇن قانۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغان، بولۇپمۇ بۇ ئەھكاملارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مۇھىم بولغان ھالال - ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بەرگەنىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا يېتەكلەش، ئۇلاردىن يامان ئىشلار ۋە گۇناھلارنى دەپئى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىش نېمىتىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى، ئۇلاردىن ئەھدە ۋە سۆز ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە ۋە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ تاكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاداۋىتى ۋە غەزەپ - نەپرىتىگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پىرقىنى قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى ئارقىلىق توغرا يول تېپىشقا، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىشقا، ئۆزلىرى شاھىت بولۇۋاتقان تۇرلۇك شەكىلدىكى زالالەت ۋە ھەرخىل ۋەھىمىلەردىن قول ئۈزۈشكە چاقىرىق قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** بەنۇ نەزىر قەبىلىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا تۈگمەن تېشى تاشلاش ۋە رەسۇلۇللاھ ھەم ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزماقچى بولغاندا مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن (سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى (سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى)».

**تەپسىرى:** 11. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن (سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى (سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى). ئاللاھ تائالادىن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن) قورقۇڭلار، مۆمىنلەر ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلسۇن»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلىغانلىق نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە يوق قىلماقچى بولغان ئىدى، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىغان ۋە ئۇلارنىڭ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا تاقابىل تۇرغانىدى. ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، مۆمىنلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئىشەنسۇن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كاپالەتچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ قىن - قىنىغا سىڭىپ كەتكەن خائىنلىق ۋە ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاراكتېرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 12. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېيىنلىك ئۈچۈن جەببارلارغا، يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە ئاللاھ: <مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان

بىلەن) ئۆتنىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ تائالاغا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى»، يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالغانىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون ئىككى ئايماق ئۈچۈن ئون ئىككى باشلىقنى تاللاپ چىقىشنى ئەمر قىلغانىدۇق، شۇ ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىر باشلىقى ئۆز ئايمىقىنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىغا كېپىل بولاتتى. «نەقىب» مەلۇم بىر قەۋمنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان باشلىق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زەمەخشەرىيگە كۆرە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى پىرئەۋن ھالاك بولغاندىن كېيىن مىسىردا ماكانلاشقان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇشتۇمزور كەنئانلىقلار ياشايدىغان شام رايونىنىڭ «ئەرىيھە» دېگەن جايىغا كېتىشكە بۇيرۇپ: «ئەرىيھەنى سىلەر ئۈچۈن يۇرت ـ ماكان ۋە قارارگاھ قىلىپ بېكىتتىم، شۇ جايدىكىلەرگە قارشى جىھاد ئېلان قىلىڭلار، چۈنكى مەن سىلەرگە چوقۇم نۇسرەت ئاتا قىلىمەن» دېدى ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھەر بىر ئايماقتىن بىر باشلىق تاللاشقا ئەمر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام باشلىقلارنى تاللاپ شۇ باشلىقلار بىلەن بىرگە يولغا چىقتى، ئۇلار شۇ يەرگەنچە

كەنئان تېررىتورىيىسىگە يېقىنلاپ قالغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھېلىقى باشلىقلارنى كەنئانلىقلار ھەققىدە مەخپىي يوسۇندا ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئەۋەتتى، باشلىقلار ئۇ جايدا قەددى ـ قامەتلىك، ناھايىتى ئېگىز، كۈچتۈڭگۈر ۋە شانۇ شەۋكەتلىك بىر قەۋمنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ قايتىپ كېلىشتى ھەمدە كېلەر - كەلمەيلا قەۋملىرىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى، ھالبۇكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كۆرگەنلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقلىرىنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى، بىراق ھېلىقى باشلىقلار ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كۆرگەنلىرىنى قەۋملىرىگە ئېيتىشتى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى باشلىقلا ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىپ كۆرگەنلىرىنى قەۋمىگە ئېيتمىدى. ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەر بىلەن ھەر دائىم بىللىمەن، سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىمەن ۋە ياردەم بېرىمەن. (بۇ يەردىكى <لام> قەسەم ئۈچۈندۇر)، يەنى ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن سىلەرگە پەرز قىلغان نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن تولۇق ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار، ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلەردىن قوغدىساڭلار، يەنە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشىلىق يولىدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن» بۇ جۈملە، قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ جۈملە شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلغان. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى، ئەلۋەتتە قەسىرلەرنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىن سۇ، سۈت، شاراب ۋە ھەسەل ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە

كىرگۈزىمەن. شۇ مەھكەم ئەھدىدىن كېيىن سىلەردىن كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ئازغان بولىدۇ». 13. «ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»، يەنى ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى لەنەتلەپ رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق قىلدۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ». ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغىنى بويىچە شەرھلىمەي، ئۆزلىرى خالىغانچە شەرھلىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئېيتمىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالا شۇنداق دېدى، دەپ ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىشىدۇ». شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە پېتىنىشتىنمۇ چوڭراق گۇناھ يوقتۇر. دەرۋەقە، ئۇلار تەۋراتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمرنىڭ بۆيۈك بىر قىسمىنى تەرك ئېتىشتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ دائىم دېگۈدەك ئەھدىلىرىنى بۇزۇش ۋە تۇزاق

قۇرۇش ئارقىلىق خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، ئەھدىسىنى بۇزۇش ۋە خىيانەتچىلىك ھەم ئۇلارنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دائىملىق ئادىتى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇسۇلمان بولغان ئازغىنا بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۇنداقتىمۇ سەن ئۇلارنى جازالىماي، ئەپۇ قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يامانلىق قىلغۇچىلارغا پىسەنت قىلمىغىن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى، ئۇرۇش ۋە جىزيە (تۆلەم) ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىمۇ دەل مۇشۇنداق. 14. «بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)» ، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردەمچىلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلاردىنمۇ ۋە ئۆزلىرىنى ناسارامىز (خىرىستىيانلارمىز) دېگەنلەردىنمۇ، ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، گەرچە ئىنجىلدا ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش ئەمر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇلار ئۇنى تەرك ئېتىشتى ھەمدە ئەھدىنى بۇزۇشتى. شۇڭا، بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن خىرىستىيان پىرقىلىرىنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئاداۋەت

ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئۇلار ھەمىشە بىر - بىرىگە ئاداۋەت تۇتىدۇ، ھە دېسىلا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بىر - بىرىنى كاپىر دەپ قارىشىدۇ، بىر - بىرىنى لەنەتلىشىدۇ، ھەر بىر پىرقە يەنە بىر پىرقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ. بىز غەرب دۇنياسىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، غەربلىكلەرنىڭ ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، بىر - بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: بەزى غەربلىكلەر ئاتوم بومبىسى ئىجاد قىلسا، يەنە بەزىلىرى ھىدروگېن بومبىسى ئىجاد قىلىدۇ. بۇلار شۇنداق ۋەيران قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ماددىلاركى، بۇ ماددىلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋەيرانچىلىق ۋە زىيان - زەخمەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە تەسۋىرلەپ بېرىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. «ئاللاھ تائالا دۇنيادا بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.» بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يېقىندا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتقۇزىدۇ.» بۇ، خىرىستىيانلار ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. 15. «ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (قۇرئان) كەلدى.» بۇ ئايەت يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا خىتاب قىلماقتا. يەنى ئى ئەھلى كىتاب جامائەسى! سىلەرگە

ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزۈڭلارنىڭ كىتابىڭلاردا بار بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش، (زىنا قىلغۇچىلارنى) تاش - كېسەك قىلىش ئايىتى، شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ مۇبەددەل قىلىنىپ مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى قىسسىسى قاتارلىق سىلەر يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇنىنى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان)، ھەممىدە پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ راستچىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى، ئەگەر ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى زىكىر قىلغان بولسىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ رەسۋايىڭلارنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىغا دەلىلدۇر، چۈنكى ئۇ ئۇممى (ساۋاتسىز) بولغانلىقتىن، خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيالمايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ئۆزلىرىگە بايان قىلدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە قۇرئاندىن ئىبارەت نۇر كەلدى، چۈنكى قۇرئان شېرىك ۋە شەك - شۈبھىنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىدىغان مىسلىسىز مۆجىزىلىك ۋە روشەن كىتابتۇر. 16. «ئاللاھ شۇ كىتاب (قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇپرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا

يولغا ھىدايەت قىلىدۇ» ، يەنى ئاللاھ شۇ قۇرئان ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك، نىجاتلىق ۋە بەخت - سائادەت يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى ۋە ياردىمى ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىسلامدىن ئىبارەت ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 17. «مەريەم ئوغلى مەسىھ (ئىيسا) ئاللاھتۇر دېگەن كىشىلەر (ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى (مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ (نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟> ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» ، يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى مەسىھ (ئىيسا) ئاللاھتۇر دېگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. بۇنداق دېگۈچىلەر، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالغان بىر تۈركۈم خىرىستىيانلاردۇر، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، «پەرۋەردىگار يەسۇئ كەلدى» دېگەندەك ئايەتلەرنىڭ يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا

كۆرە يەسۇئ ئىيسادۇر.[1] ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ھەقىقەتەن يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەمنى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟ شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىيسا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاجىز بىر قۇل بولۇپ، باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاشلا يوق بولۇپ

[1] ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، جانابى ئاللاھ خىرىستىيانلاردىن بىر پىرقىسىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ ئىلەنلىكىگە، بىر پىرقىسىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە، يەنە بىر پىرقىسىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. قارىماققا مۇسۇلماندەك كۆرۈنىدىغان ۋە تەسەۋۋۇپقا كىرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر، خىرىستىيانلارنىڭ بەزى ئېتىقادىدىن ئاللاھ تائالا گۈزەل شەكىللەرگە كىرگەن دەپ ھۆكۈم چىقارغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەللاج، سەففار، ئىبنۇل لەببباج قاتارلىق بەزى كاپىرلار مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ بۇنى «ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دېگۈچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. مەن مەزكۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئۈچۈن نەسىھەت بولسۇن دەپلا بايان قىلدىم، چۈنكى تەسەۋۋۇپقا كىرگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى جاھىل كىشىلەر مەزكۇر كىشىلەرنى ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پاك - دىيانەتلىك ئەۋلىيالىرى (دوستلىرى) دەپ دەۋا قىلىشقا تولىمۇ خۇشتار كېلىدۇ.

كېتىشى تۇرغانلا گەپ، بۇنداق بىر ئىنسان ئىلاھ بولۇشتىن تولىمۇ يىراقتۇر، ئەگەر ئۇ ئىلاھ بولسىدى، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىشقا قادىر بولغان بولاتتى، ئەلۋەتتە». ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتلار بىلەن ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر، شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دادىسىز ياراتقان. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىر بولۇپ، ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاجىز قىلالمايدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ بوھتانلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

18. «يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: <بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (ئاتا - بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز> دېدى. ئېيتقىنكى، <(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟> بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر»، يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز، ئاتىلارغا كۆرە بالا قانداق بولسا، ئاللاھ تائالاغا كۆرە بىزمۇ شۇنداق ۋە بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز» دېيىشتى. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە مەنسۇپ كىشىلەرمىز، پەيغەمبەرلەر بولسا

ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدۇر، ئاللاھ تائالا ھەم ئۇلارنى قوغدايدۇ ھەم بىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ» ئېيتقىنكى، «گۇمان قىلغىنىڭلاردەك، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى بولساڭلار، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە كۇپرىلىقىڭلار ۋە بوھتانلىرىڭلار تۈپەيلىدىن جەھەننەمنىڭ ئوتىنى تەييارلاپ قويىدۇ؟ سىلەر ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى ئەمەسسىلەر، سىلەر پەقەت باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر، پۈتكۈل بەندىلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغۇچى ئاللاھ تائالادۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە ئەمرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلىش ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ھەممە ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەسەررۇپى ۋە ئىدارىسى ئاستىدىدۇر، ئەڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر». بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 19. «ئى ئەھلى كىتاب! (يەھۇدىي ۋە ناسارالار) بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»،

يەنى ئى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار جامائەسى! بىزگە ساۋاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر بىلەن دىنىي ئەھكاملار ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا، سىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان زامان مۇددىتى 560 يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئىبنى جەرىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر». بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ سەركەشلىكى ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئىسيانكارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 20. «ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: <ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دېڭىزنى يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش... قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى» ، يەنى ئى

مۇھەممەد! شۇنى ئەسلىگىنكى، بىر چاغلاردا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن كاتتا نېمىتىنى ياد قىلىڭلار ۋە نېمەت ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئاراڭلاردىن سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى سىلەرگە ئەۋەتتى ۋە سىلەرنى پادىشاھلاردەك ياشاش شارائىتىگە ئىگە قىلدى. ئىلگىرى سىلەر پىرئەۋننىڭ خار قۇللىرى ئىدىڭلار، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنى غەرق قىلىش بىلەن سىلەرنى قۇتقۇلدۇردى ۋە سىلەرگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان بولدى. بەيزاۋىيغا كۆرە، ھېچقانداق بىر مىللەتكە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئەۋەتىلگەنچىلىك مىقداردا پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن. ئاللاھ تائالا دېڭىزنى يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىش... قاتارلىق جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن خىلمۇخىل نېمەتلەرنى سىلەرگە بەردى. 21. «ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان (سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقىڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر>» ، يەنى ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىڭلار. بەيزاۋىيغا كۆرە، مۇقەددەس زېمىن بەيتۇلمۇقەددەس بولۇپ، بۇ جاي پەيغەمبەرلەرنىڭ قارارگاھى ۋە مۆمىنلەرنىڭ يۇرتى بولغانلىقتىن «مۇقەددەس جاي» دەپ ئاتالغان. «ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلىپ يېزىۋەتكەن» دېگەن ئايەتنىڭ شەرھىسى، «ئاتاڭلار

ئىسرائىلنىڭ تىلى ئارقىلىق سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ۋە سىلەرگە مەنسۇپ بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىنغان جاي» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشتۇمزورلاردىن قورقۇپ ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا ئىككىلا دۇنيادا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر. «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە ئەمر قىلغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى شۇ جايدىكى مۇشتۇمزورلاردىن قورقۇپ كېتىپ، مىسىرغا قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن.

22. «ئۇلار: ‹ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز› دېدى» ، يەنى ئۇلار: ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا بەستلىك ۋە قامەتلىك بىر قەۋم بار، ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچىمىز يوق، ئۇلار بۇ مۇقەددەس جايدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلماستىن بىزگە تەسلىم بولمىغۇچە، ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە قالغان مۇددەت ئىچىدە بىزنىڭ كىرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بىز كىرىمىز، دېيىشتى.

23. «ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ (ئىمان ۋە تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: ‹(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم

غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى»، يەنى ئۇلار قورقۇنچاقلىق قىلىپ مۇقەددەس جايغا كىرىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمەستىن تۇرۇۋشقانلىرىدا، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئىمان - ئېتىقاد بىلەن قوراللانغان ۋە ياخشى ئىش قىلىش ئادىتىنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرگەن ئىككى نەپەر باشلىق ئۇلارغا بۇنى تەشۋىق قىلىپ: «ئۇلارنىڭ بەستلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر بولۇشى سىلەرنى ھەرگىزمۇ قورقۇتۇپ قويمىسۇن، چۈنكى ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن بەستلىك ۋە كۈچلۈك بولغىنى بىلەن قەلبلىرى ناھايىتى ئاجىزدۇر، شۇڭا سىلەر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، ئەگەر سىلەر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۆمىن بولساڭلار، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا يۆلىنىڭلار، ئۇ چوقۇم سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ» دېدى. 24. «ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېيىشتى»، يەنى ئۇلار: ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى، دېيىشتى. بۇ بولسا ئىسيانكارلىقتا، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى كەمسىتىش، شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنى تەقەززا

قىلىدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئەدەپسىزلىك قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. رەسۇلۇللاھقا: «بىز ھېچقاچان ساڭا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە: ‹سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى› دېگىنىدەك بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغۇچىلاردىن ئەمەسمىز» دېگەن ئەنە شۇ پەزىلەتلىك ساھابىلەر زادى قەيەردە؟ 25. «مۇسا دېدى: ‹پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن»، يەنى دەل شۇ چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھاماقەتلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قەۋمىمگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايۋاتىمەن، مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىندىشىم ھارۇنغىلا ئىگىدارچىلىق قىلالايمەن، ئادىل ھۆكمىڭ ئارقىلىق بىز بىلەن ئىتائەتتىن باش تارتقانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن». 26 . «ئاللاھ دېدى: ‹ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن›»، يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى «تىھ» چۆلىدە 40 يىل سەرگەردان قىلىش ئارقىلىق جازالىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس جايغا كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، بۇ جەرياندا ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ ۋە شۇ زېمىندىن بىرەر چىقىش يولى تاپالمايدۇ». بۇ ھەقتە

«ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى تۆت يىل يول يۈرەتتى، تاڭ ئاتقاندا بولسا ئاخشام يولغا چىققان يەرگە كېلىپ قالاتتى». ئەمدى سەن ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئىلاھىي يولىيورۇققا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا تېگىشلىك بولغان پاسىق كىشىلەردۇر.

**ئىلاۋە:** 1. بەيتۇلمۇقەددەستە پاك - دىيانەتلىك پەيغەمبەرلەر ياشىغانلىقتىن، بۇ جاي «مۇقەددەس جاي» دەپ ئاتالغان. جۈملىدىن، بۇ جاي پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مۇقەددەس ۋە پاك، شۇنداقلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق جايغا ئايلاندى. 2. دانىشمەنلەردىن بىرى فىقھشۇناسلارنىڭ بىرىگە: «دوستىنىڭ ئۆز دوستىنى جازالىمايدىغانلىقىنى قۇرئاندا قەيەردىن تاپالايسەن؟» دەپ سوراپتۇ، فۇقەھا سۈكۈت قىلىپ جاۋاب بەرمىگەن ئىكەن، ھېلىقى دانىشمەن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپتۇ: «ئېيتقىنكى، <ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟>» ئىبنى كەسىرنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئايەتتە، دوستىنىڭ ئۆز دوستىغا ئازاب قىلمايدىغانلىقىغا دەلىل بار.

وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ٱبْنَىْ ءَادَمَ بِٱلْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ
مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ ٱلْءَاخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ
إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٢٧﴾ لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَىَّ يَدَكَ
لِتَقْتُلَنِى مَآ أَنَا۠ بِبَاسِطٍ يَدِىَ إِلَيْكَ لِأَقْتُلَكَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ
رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾ إِنِّىٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ بِإِثْمِى وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ

مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَطَوَّعَتۡ
لَهُۥ نَفۡسُهُۥ قَتۡلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُۥ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٣٠﴾
فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابٗا يَبۡحَثُ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُرِيَهُۥ كَيۡفَ يُوَٰرِي
سَوۡءَةَ أَخِيهِۚ قَالَ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ أَعَجَزۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِثۡلَ هَٰذَا
ٱلۡغُرَابِ فَأُوَٰرِيَ سَوۡءَةَ أَخِيۖ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ﴿٣١﴾
مِنۡ أَجۡلِ ذَٰلِكَ كَتَبۡنَا عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ
نَفۡسَۢا بِغَيۡرِ نَفۡسٍ أَوۡ فَسَادٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ
ٱلنَّاسَ جَمِيعٗا وَمَنۡ أَحۡيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحۡيَا ٱلنَّاسَ جَمِيعٗاۚ
وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُنَا بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرٗا مِّنۡهُم بَعۡدَ
ذَٰلِكَ فِي ٱلۡأَرۡضِ لَمُسۡرِفُونَ ﴿٣٢﴾ إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوۡ يُصَلَّبُوٓاْ
أَوۡ تُقَطَّعَ أَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم مِّنۡ خِلَٰفٍ أَوۡ يُنفَوۡاْ مِنَ
ٱلۡأَرۡضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ
عَظِيمٌ ﴿٣٣﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ
فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ وَٱبۡتَغُوٓاْ إِلَيۡهِ ٱلۡوَسِيلَةَ وَجَٰهِدُواْ فِي سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمۡ
تُفۡلِحُونَ ﴿٣٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ
جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفۡتَدُواْ بِهِۦ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِ
ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنۡهُمۡۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٣٦﴾ يُرِيدُونَ
أَن يَخۡرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنۡهَاۖ وَلَهُمۡ
عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٣٧﴾ وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقۡطَعُوٓاْ أَيۡدِيَهُمَا

جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلٗا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٣٨﴾
فَمَن تَابَ مِنۢ بَعۡدِ ظُلۡمِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ
عَلَيۡهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٣٩﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ سەركەشلىكلىرى بىلەن ئىسيانكارلىقلىرىنى ھەمدە مۇشتۇمزورلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندى. ئەمدى، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى، يەنى قابىلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشىنى ۋە ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان بىگۇناھ ئىنساننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئىسيانكارلىقتا ئاللاھ تائالاغا تۇنجى بولۇپ ئاسىيلىق قىلغان ئىسيانكارنى ئۈلگە ئالغانلىقلىرىنى، يەھۇدىيلار ناچار خۇي - پەيلىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلىدىن ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغانلىقلىرىنى، ئىسيانكارلىق ۋە سەركەشلىك جەھەتتىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قىسسىسى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنىڭ بىر - بىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ئوغرىلار، قاراقچىلار ۋە يەر

يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇرەينە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم كىشىلەر مەدىنىگە ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، بىراق ئۇلار مەدىنىنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا كۆنەلمەي ئاغرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى سەدىقە تۆگىلىرى يىغىلغان مەھەللىگە ئەۋەتىدۇ ۋە تۆگىلەرنىڭ سۈتىنى ئىچىشكە، كېسەللىكلىرىنىمۇ شۇ تۆگىلەرنىڭ سۈيدۈكلىرى بىلەن داۋالاشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇ مەھەللىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگە باققۇچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېتىشىدۇ. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەترەتنى ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، ئەترەتمۇ ئىز قوغلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالىدۇ ھەم ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرى كېسىلىپ، كۆزلىرى ئويۇپ تاشلىنىدۇ، شۇنداقلا تاكى ئۆلگەنگە قەدەر قاتتىق ئىسسىققا تاشلاپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولىدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى

كېرەك. بۇ (جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

**تەپسىرى:** 27. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (ھابىل بىلەن قابىل)نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھابىل بىلەن قابىل) ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرسى (ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) <مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن> دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: <ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى> دېدى. (ھابىل) ئېيتتى: <ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ>»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ ھەسەتخور يەھۇدىي قاتارلىقلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى ھابىل بىلەن قابىلنىڭ خەۋىرىنى راستلىق بىلەن ۋە ھەقلىق ئاساستا يەتكۈزگىن، بۇ قىسسە ئارقىلىق ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، چۈنكى بۇ ھەق قىسسىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھابىل بىلەن قابىل) ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىراق ھابىلنىڭ قوبۇل بولدى، قابىلنىڭ قوبۇل بولمىدى. مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ قۇربانلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ھەۋۋا ھەر قېتىم يەڭگىگەن چاغدا بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل تۇغاتتى، بۇ قېتىم تۇغۇلغان ئوغۇل، كېلەر قېتىم تۇغۇلغان قىزغا ئۆيلىنەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىلغا ھابىلنىڭ ھەمشىرىسىنى (قىز قېرىندىشىنى)، ھابىلغا قابىلنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا، ھابىل رازى بولىدۇ،

قابىل بولسا رازى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قوشكېزەك قىز قېرىندىشى تېخىمۇ چىرايلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە: «ئىككىڭلار بىرەر قۇربانلىق قىلىڭلار، قايسىڭلارنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولسا شۇ ئاشۇ چىرايلىق قىزغا ئۆيلەنسۇن» دېدى. قابىل ئېكىنلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئېكىنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ناچىرىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى؛ ھابىلنىڭ بولسا قويلىرى بار ئىدى، ئۇ قويلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى بولغان قوچقارنى تاللاپ قۇربانلىق قىلدى. ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەقدىم قىلغىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە قوبۇل بولغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن قابىلنىڭ ھابىلغا قارىتا ھەسەتخورلۇقى ۋە ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، ھابىلغا ئۆلۈم تەھدىتى سالدى. قابىل ئۆز قېرىندىشى ھابىلغا: «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى، ھابىل: «نېمىشقا؟» دەپ سورىۋېدى، قابىل: «چۈنكى ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى» دېدى. قابىلنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا ھابىل مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدا مېنىڭ قانداق گۇناھىم بولسۇن؟ ئاللاھ پەقەت پەرۋەردىگارىدىن قورققانلارنىڭ ۋە سەمىمىي نىيەتلىك كىشىلەرنىڭلا قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ».

بەيزاۋىغا كۆرە، قابىل ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالدى. ھابىل قابىلغا جاۋاب سۈپىتىدە مۇنداق دېدى: «سەن تەقۋادارلىقنى تەرك قىلىش بىلەن سېنىڭ قۇربانلىقىڭنىڭ قوبۇل بولماسلىقىغا ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولدۇڭ، بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ

سەۋەبىمدىن بولغان ئىش ئەمەس». بۇ، تائەت - ئىبادەتنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان مۆمىن تەرىپىدىنلا قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. 28. «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن». يەنى، گەرچە سەن ھەقسىز رەۋىشتە مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزساڭمۇ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرگىزمۇ قولۇمنى سوزمايمەن. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «گەرچە سەن ھەقسىز رەۋىشتە مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزغان تەقدىردىمۇ، مەن ساڭا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيمەن. چۈنكى مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن». بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئۆلىمالارغا كۆرە، ھابىل قابىلغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى، بىراق ئۇ ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقتىن قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەن». 29. «مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ، ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر>» ، يەنى مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى ۋە سېنىڭ ئىلگىرى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ، ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن ـ ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بۇ ماڭا نىسبەتەن مېنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈشۈمگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئەبۇ

ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئەگەر تەقدىردە مېنىڭ سېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىم ياكى سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىڭ يېزىلىپ كەتكەن بولسا، مەن زالىم بولۇشنى ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە نائىل بولىدىغان مەزلۇم بولۇشنى تاللايمەن». ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «مەن ئالدى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، بۇنداق قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىدىم شۇكى، سەن مېنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ھەم مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى ھەم سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى قىلغان گۇناھىڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ، ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن.» ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى مانا شۇدۇر. 30. «ئۇ (قابىل) نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى»، يەنى ناھايەت قابىلنىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن قولاي بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ۋەسۋەسە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قابىل قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن ۋە بەتبەختلەردىن بولدى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ھابىل قېرىندىشى قابىلنى: «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇپ كېتىسەن» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، قابىل پەيلىدىن يانمىدى. 31. «ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەستىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى

ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ): <ۋاي مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى». يەنى، ئاللاھ قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، قاتىلغا (قابىلغا) تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى كولايدىغان بىر قاغا ئەۋەتتى. مۇجاھىدقا كۆرە، ئاللاھ تائالا ئىككى قاغا ئەۋەتتى، ئىككى قاغا تاكى بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا قەدەر بوغۇشتى، ئاندىن قاتىل قاغا ئۆلتۈرۈپ قويغان قاغا ئۈچۈن بىر ئورا كولاپ ئۇنى كۆمدى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئوغلى (ھابىل) تۇنجى قېتىم ئۆلتۈرۈلگەن ئىنسان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئۇنى شۇ جايدىلا تاشلاپ قويغان، چۈنكى ئۇ تاكى ئۆزىنىڭ ھەمرىيىنى كۆمگەن قاغىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۆلتۈرۈپ قويغان قېرىندىشىنى قانداق كۆمۈدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، قابىل قاغىنىڭ ھەمرىيىنى قانداق كۆمگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەسرەت - نادامەت چېكىپ: «ۋاي، مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. يەنى ئۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۇنى قانداق كۆمۈدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئەگەر ئۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسىدى، بۇ پۇشايمان ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەۋبە ھېسابلىناتتى، ئەلۋەتتە. 32. «شۇ (قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن

ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ. پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۆپرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى»، يەنى دېمەك، قابىل بىلەن ھابىل ھادىسىسى ۋە قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى قىساس ئېلىشقا تېگىشلىك بولغۇدەك ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى دىندىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كەتمىگەن ۋە ياكى بۇلاڭچىلىق - قاراقچىلىق قىلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى، ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق قانلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ۋە ئىنسانلارنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جاسارەتلەندۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىش ۋە ئىنسانلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشتىن قوغداپ قېلىشقا تەرغىپ قىلىش، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش قانچىلىك چوڭ گۇناھ بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قوغداپ قېلىشنىڭمۇ شۇنچىلىك چوڭ ساۋاب ئىكەنلىكىنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈندۇر». كىمكى بىر ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغاندەك

بولىدۇ. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان تۇرۇقلۇق ناھەق ھالدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقتىن ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلغىنىدەك، بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالسا ۋە شۇ ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالسا، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ». بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئەنە شۇنداق بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى پەرز قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا شانلىق مۆجىزىلەرنى ۋە روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئەنە شۇنداق چەكلىمىلەرگە قىلچە پىسەنت قىلماي، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كېتىشتى، ئۇلار بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى قىلچە ئويلاپمۇ قويۇشمىدى. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھارام قىلىنغان ئىشلارنى (گۇناھلارنى) بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقتىن، بۇ ئايەتتە قاتتىق ئەيىبلەنمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى پاش قىلىنماقتا. رازىغا كۆرە، يەھۇدىيلار ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، بۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قېتىپ كەتكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن قانچىلىك دەرىجىدە ئۇزاق ئىكەنلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسى. بۇ قىسسىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت، يەھۇدىيلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە سۇيىقەست پىلانلىغانلىقلىرى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىش

بولغاچقا، ئەنە شۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا خاس قىلىنىشى ئىبارىلەرگىمۇ دەل ماس كەلگەن ۋە مەقسەت تەكىتلەنگەن. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 33. «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ۋە ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا، دىنىغا، دوستلىرىغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، گۇناھ قىلىش ۋە قان تۆكۈش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى باشقىلارغا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يۇرتتىن باشقا يۇرتقا سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك.[1] مەزكۇر جازا ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق ۋە خارلىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر، ئاخىرەتتە ئۇلار جەھەننەم ئازابىدىن ئىبارەت چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالارغا كۆرە،

---

[1] شافىئىيغا كۆرە، «سۈرگۈن قىلىش» دېمەك، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا پالاش ۋە قاچقۇچىنىڭ داۋاملىق ئىزىغا چۈشۈش دېمەكتۇر؛ ئەبۇ ھەنىفەگە كۆرە، «سۈرگۈن قىلىش» دېمەك، زىندانغا تاشلاش دېمەكتۇر؛ ئىبنى جەرىرگە كۆرە، «سۈرگۈن قىلىش» دېمەك، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا پالاش ۋە شۇ يەردە زىندانغا تاشلاش دېمەكتۇر.

بۇنىداق جازالارنى بېرىش دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولۇپ، خالىسا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ، خالىسا ئوڭ قولى ۋە سول پۇتىنى كېسىدۇ، خالىسا دارغا ئاسىدۇ، خالىسا سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇ، ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇلاڭچىلىقنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولسا، جازاسىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ، مەسىلەن: ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ ھەم ئادەم ئۆلتۈرگەن ھەم مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىغان ئادەم ھەم ئۆلتۈرۈلىدۇ ھەم دارغا ئېسىلىدۇ، مال - مۈلكىنىلا ئوغرىلىغان كىشىنىڭ پەقەت ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتىلا كېسىلىدۇ. باشقىلارغا خەۋپ يەتكۈزگەن كىشى قوغلاپ چىقىرىلىپ، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ، پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. 34. «سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھەقىقەتكە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن، سىلەر تۇتۇۋېلىپ جازالاشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇنىداق ئەھۋال ئاستىدا بىلىڭلاركى، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلغان ۋە ئىككىنچىلەپ گۇناھ قىلمىغانلارغا قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى چەكسىز بولۇپ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 35. «ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تائالاغا

(تائەت - ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار ۋە ئاللاھ تائالاغا تائەت - ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار. قەتادەگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق يېقىنچىلىق قىلىڭلار» مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىڭلار. 36. «يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (ئاللاھ) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى پىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (فىدىيىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر بىر كاپىرنىڭ بولۇپ، ئۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى پىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ فىدىيىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ قاتتىق قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 37. «ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ - يۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلار (ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ»، يەنى ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ - يۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلار ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان دائىملىق ئازابقا قالىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قىيامەت كۈنى كاپىر كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىن: ‹قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ، ئەگەر سېنىڭ يەر يۈزىچىلىك

كەلگۈدەك ئالتۇنۇڭ بولسا، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى پىدىيە قىلىپ بېرەمتىڭ؟› دەپ سورىلىدۇ، كاپىر: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت بۇنىڭدىنمۇ ئاسانراق بىر ئىشنى قىلىشىڭ تەلەپ قىلىنغان ئىدى، بىراق سەن بۇنىڭدىن باش تارتقان ئىدىڭ› ئاندىن ئۇنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشى ئەمر قىلىنىدۇ». بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئوغرىغا بېرىلىدىغان جازا ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 38. «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قەبىھ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇپ، ھېچقاچان زۇلۇم قىلىپ قول كېسىشكە بۇيرۇمايدۇ. 39. «كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى كىمكى ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن خۇي - پەيلىنى ئىسلاھ قىلسا (ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ئازاب قىلمايدۇ، شەك -

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى چەكسىزدۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇتلەق پادىشاھلىقىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ھۆكمىنى بۇزۇۋېتەلىگۈدەك ھېچبىر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: 40. «بىلەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»، يەنى ئى تىڭشىغۇچى! ئاللاھ تائالانىڭ مىسلىسىز قۇدرەتلىك كۈچكە ۋە ئالەمشۇمۇل مۈلككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ بۇ سوئال ئىقرار قىلدۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى سەن ئەلۋەتتە بىلىسەن. ئاللاھ ئازاب قىلىشنى خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر بولۇپ، ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ.

**ئىلاۋە:** 1. ھەرقانداق بىر ئادەمنى سۈرگۈن قىلىش ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئىجرا قىلىنىدىغاندەك، يەنە زىندانغا تاشلاش ئارقىلىقمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ، چۈنكى مالىك (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) ئېيتقاندەك، زىندانغا تاشلانغان كىشى گويا دۇنيادىن تار بىر يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان بولىدۇ، خۇددى زىنداندىكى مەلۇم بىر شائىرنىڭ مۇنداق دېگىنىدەك:

*ئۈزدۈق بىز دۇنيا ھەم ئەھلىدىن پۈتۈن ئالاقىنى،*
*بىز نە ئۆلۈك ئەمەسمىز، نە تىرىك ئەمەسمىز.*
*كەلسە گەر گۇندىپاي بىزگە بىرەر ئېھتىياجىدىن،*
*تەئەججۈب بىلەن بىز: «دۇنيادىن كەپتۇ» دەيمىز.*

2. بۇ سۈرىنىڭ 38 - ئايىتىدە، ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالدىن بۇرۇن زىكىر قىلىنغان. نۇر سۈرىسىنىڭ 2 - ئايىتىدە: «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار» (نۇر سۈرىسى، -2 ئايەت.) دېيىلىدۇ. بۇ يەردە زىنا قىلغۇچى ئايال زىنا قىلغۇچى ئەردىن بۇرۇن زىكىر قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ سىرى، ئوغرىلىق قىلىشقا ئەر كىشى ئايال كىشىدىن جۈرئەتلىكرەك كېلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر بۇرۇن زىكىر قىلىنغان. ئايال كىشىنىڭ زىنا قىلىشى بولسا ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ رەزىل قىلمىشتۇر، شۇڭا ھەر ئىككىلىسىنىڭ بۇنداق كەلتۈرۈلۈشى دەل جايىدا بولغان. 3. ئەسمەئى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايال ...» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم ۋە ئايەتنىڭ ئاخىرىنى «ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېيىشنىڭ ئورنىغا سەۋەنلىكتىن: «ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دەپ ئوقۇدۇم. يېنىمدا بىر بەدەۋى ئەرەب بار ئىدى، ئۇ ماڭا: «بۇ كىمنىڭ سۆزى؟» دەپ سورىدى، مەن: «ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىۋېدىم، ئۇ: «ياق، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئەمەس، ئايەتنى قايتىدىن ئوقۇپ چىققىن» دېدى. مەن ئايەتنى دىققەت بىلەن

ئوقۇغانىدىم، دېگەنىدەك «ئاللاھ تائالا ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ توغرا ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇ: «ھەئە، مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «قۇرئان ئوقۇشنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى، مەن: «ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «بىلمەمسەنكى، ئاللاھ تائالا غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى، ئەگەردە كەچۈرۈم قىلغان بولسىدى، ئەلۋەتتە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلمىغان بولاتتى» دەپ جاۋاب بەردى. 4. ئالەمشۇمۇل ئىسلام قانۇنىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بىرى ئاز مىقداردا پۇل - مال ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشىگە ئېتىراز بىلدۈردى ۋە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

*گەر كېسىلسە بەش يۈزدەك ئالتۇن ئۈچۈن بىر قول،*
*دىنارنىڭ تۆتتىن بىرى ئوغرىلانغاندا نېچۈك كېسىلەر قول؟*
*بۇ زۇلۇمدۇر بىزگە، ۋادەرىخا، ھېچ چارىمىز يوق سۈكۈتتىن باشقا،*
*يوقتۇر يەنە ھېچ چارىمىز تەڭرىمىزگە ئاتەشتىن سېغىنىپ پاناھ تىلەشتىن باشقا.*

ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

*قول ئەمىن ئىكەن يۈكسەكتى ئۇنىڭ قىممىتى،*
*ئاشۇرغانتى قىممىتىنى ئەمىنلىكى.*

*ۋادەرىخا ، چۈشۈپ كەتتى ئۈنىڭ قىممىتى ،*
*چۈشۈردى قىممىتىنى ۋە خار قىلدى ئۇنى خائىنلىقى.*

بىلگىنكى، ياراتقۇچىنىڭ بۇ ھېكمىتى نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق - ھە!

ئوغرىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ھەققىدە بىرقانچە سۆز: بىر قىسىم غەربلىكلەر، ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام قانۇنىنى ئەيىبلەپ، بۇ جازانىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەڭ ئېغىر جازا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ ۋە ئوغرىلىق قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن، ئوغرىغا قاماق جازاسى بەرسە كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. بىراق، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بۇ خىل پەلسەپىنىڭ نەتىجىسىدە ئوغرىلىق جىنايەتلىرى بارغانسىرى كۆپىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررورلۇق ھادىسىلىرى كۆنسېرى كۆپىيىپ، تۈرمىلەر جىنايەتچىلەر ۋە ئامانلىق بىلەن مۇقىملىققا تەھدىت سالىدىغان ئوغرى - قاراقچىلار (تېرروچىلار) بىلەن تولۇپ تاشماقتا. ئوغرى - قاراقچىلار ناھايىتى خاتىرجەم ۋە ئەمىن ھەمدە ھېچنېمىدىن قورقمىغان ھالدا بىمالال ئوغرىلىق قىلماقتا، پەقەت ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قورقۇنچىسى تۈرمىگە چۈشۈپ قېلىش، خالاس. تۈرمىدىمۇ ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك ئېھتىياجلىرى قامدىلىدۇ، يازما قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىشىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر جىنايەت سادىر قىلىشقا تولىمۇ مايىل كېلىدۇ - دە، جىنايەت سادىر قىلىشقا تېخىمۇ

جۈرئەتلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇۋاتقان، رادىئولاردىن ئاڭلاۋاتقان ۋە تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈۋاتقاندەك، جىنايەتچىلەرنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىپ كېتىشى بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى تەكىتلىمەكتە. بۇ بولسا، ئەنە شۇنداق خەۋپلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك، پايدىلىق ۋە شىپالىق دورىلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنسان ئەقلىنىڭ قۇسۇرلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى يامانلىقلارنى، جۈملىدىن پۈتكۈل مەرەزلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشقا تامامەن قادىر بولۇپ، پەقەت بىرلا قولنىڭ كېسىلىشى بارلىق جىنايەتچىلەرنى ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك. بۇ نېمىدېگەن ھېكمەتلىك بىر قانۇن - ھە!

يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ لَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِ
مِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَلَمۡ تُؤۡمِن قُلُوبُهُمۡۛ وَمِنَ
ٱلَّذِينَ هَادُواْۛ سَمَّٰعُونَ لِلۡكَذِبِ سَمَّٰعُونَ لِقَوۡمٍ ءَاخَرِينَ
لَمۡ يَأۡتُوكَۖ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ مِنۢ بَعۡدِ مَوَاضِعِهِۦۖ يَقُولُونَ إِنۡ
أُوتِيتُمۡ هَٰذَا فَخُذُوهُ وَإِن لَّمۡ تُؤۡتَوۡهُ فَٱحۡذَرُواْۚ وَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ
فِتۡنَتَهُۥ فَلَن تَمۡلِكَ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔاۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَمۡ يُرِدِ
ٱللَّهُ أَن يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمۡۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٤١﴾ سَمَّٰعُونَ لِلۡكَذِبِ أَكَّٰلُونَ لِلسُّحۡتِۚ
فَإِن جَآءُوكَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُمۡ أَوۡ أَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡۖ وَإِن تُعۡرِضۡ
عَنۡهُمۡ فَلَن يَضُرُّوكَ شَيۡـٔٗاۖ وَإِنۡ حَكَمۡتَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُم
بِٱلۡقِسۡطِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٤٢﴾ وَكَيۡفَ يُحَكِّمُونَكَ

وَعِندَهُمُ ٱلتَّوۡرَىٰةُ فِيهَا حُكۡمُ ٱللَّهِ ثُمَّ يَتَوَلَّوۡنَ مِنۢ بَعۡدِ
ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٣﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَا ٱلتَّوۡرَىٰةَ فِيهَا
هُدٗى وَنُورٞۚ يَحۡكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ أَسۡلَمُواْ لِلَّذِينَ
هَادُواْ وَٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلۡأَحۡبَارُ بِمَا ٱسۡتُحۡفِظُواْ مِن كِتَٰبِ
ٱللَّهِ وَكَانُواْ عَلَيۡهِ شُهَدَآءَۚ فَلَا تَخۡشَوُاْ ٱلنَّاسَ وَٱخۡشَوۡنِ وَلَا
تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗاۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٤﴾ وَكَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيهَآ
أَنَّ ٱلنَّفۡسَ بِٱلنَّفۡسِ وَٱلۡعَيۡنَ بِٱلۡعَيۡنِ وَٱلۡأَنفَ بِٱلۡأَنفِ
وَٱلۡأُذُنَ بِٱلۡأُذُنِ وَٱلسِّنَّ بِٱلسِّنِّ وَٱلۡجُرُوحَ قِصَاصٞۚ فَمَن
تَصَدَّقَ بِهِۦ فَهُوَ كَفَّارَةٞ لَّهُۥۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٥﴾ وَقَفَّيۡنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم
بِعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِۖ
وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡإِنجِيلَ فِيهِ هُدٗى وَنُورٞ وَمُصَدِّقٗا لِّمَا
بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَهُدٗى وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٦﴾
وَلۡيَحۡكُمۡ أَهۡلُ ٱلۡإِنجِيلِ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فِيهِۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم
بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٤٧﴾ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَمُهَيۡمِنًا
عَلَيۡهِۖ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُۖ وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَهُمۡ
عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ لِكُلّٖ جَعَلۡنَا مِنكُمۡ شِرۡعَةٗ
وَمِنۡهَاجٗاۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن
لِّيَبۡلُوَكُمۡ فِي مَآ ءَاتَىٰكُمۡۖ فَٱسۡتَبِقُواْ ٱلۡخَيۡرَٰتِۚ إِلَى ٱللَّهِ

مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٤٨﴾
وَأَنِ ٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَهُمۡ
وَٱحۡذَرۡهُمۡ أَن يَفۡتِنُوكَ عَنۢ بَعۡضِ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَۖ فَإِن
تَوَلَّوۡاْ فَٱعۡلَمۡ أَنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعۡضِ ذُنُوبِهِمۡۗ
وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِ لَفَٰسِقُونَ ﴿٤٩﴾ أَفَحُكۡمَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ
يَبۡغُونَۚ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكۡمٗا لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى، قابىلنىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە زالىملىقىدىن قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى بايان قىلغانىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلىق مەسىلىسى، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھەسەتخورلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىنى كۈتۈشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئاللاھ يەنە رەسۇلۇللاھنى ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن تارتقان ئەزىيەتلەرگە قايغۇرماسلىققا بۇيرۇغانلىقىنى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن سالامەت ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا تەۋرات قانۇنىدىكى نۇرلۇق ئەھكاملارنى زىكىر قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، سازايى قىلىنىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ دەررىلەنگەن بىر يەھۇدىي، سازايى قىلىنىش ئۈچۈن ھايۋانغا تەتۈر مىندۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا زىنا قىلغۇچىنى مۇشۇنداق جازالاڭلار دېگەن ھۆكۈم بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، يەھۇدىيلار: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئالىم كىشىنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭدىن: «مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالا نامىدىن راست گەپ قىلغىن. سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا زىنا قىلغۇچىنى مۇشۇنداق جازالاڭلار دېگەن ھۆكۈم بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ: «ياق، بۇنداق ھۆكۈم يوق. ئەگەر سەن ماڭا قەسەم قىلدۇرمىغان بولساڭ بۇنى ساڭا دەپ بەرمىگەن بولاتتىم، بىزنىڭ كىتابىمىزدا زىنا قىلغۇچىلارنى چالما - كېسەك قىلىشقا دائىر ھۆكۈملەر بار، بىراق زىنا قىلىش جىنايىتى بىزنىڭ كاتتىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆپىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز كاتتىلىرىمىزنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالساقمۇ جازالىمايدىغان، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى تۇتۇۋالغىنىمىزدا جازالايدىغان بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، <كېلىڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ شۇنداق بىر جازا يۈرگۈزەيلىكى، بۇ جازانى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگىمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگىمۇ ئىجرا قىلايلى> دەپ، چالما - كېسەك قىلىش جازاسى بېرىشنىڭ ئورنىغا سازايى قىلىش ۋە دەررە ئۇرۇش جازاسى بېرىشكە كېلىشتۇق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ:

«ئى ئاللاھ! يەھۇدىيلار سېنىڭ ئەمرىڭنى تەرك قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تۇنجى بولۇپ ئىجرا قىلغۇچى مەن بولىمەن» دەپ ھېلىقى يەھۇدىينى چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا: «ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: <ئىمان ئېيتتۇق> دەپ قويىدىغانلار (مۇناپىقلار)دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇپرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇپرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن... ، <ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار>» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەھۇدىيلار بولسا، «مۇھەممەدكە بېرىڭلار، ئەگەر ئۇ سىلەرنى سازايى قىلىش ۋە دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر چالما - كېسەك قىلىشقا پەتىۋا بەرسە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دەيتتى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

**تەپسىرى:** 41. «ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: <ئىمان ئېيتتۇق> دەپ قويىدىغانلار (مۇناپىقلار) دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇپرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇپرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار (ئەھبارلىرى توقۇغان) يالغانغا قۇلاق سالىدۇ، ساڭا كەلمىگەن (ئۆچلۈك قىلىپ سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان) باشقا بىر قەۋمگە (خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ). ئۇلار: <ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر بۇ (ھۆكۈم) بېرىلمىسە قوبۇل قىلماڭلار> دەيدۇ. ئاللاھ كىمنىڭ

گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ). دىللىرىنى (قىلمىشى قەبىھ بولغانلىقتىن كۇپرىدىن) پاك قىلىشنى ئاللاھ خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلار دۇنيادا رەسۋالىقتا، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا قالىدۇ». ئايەت تەسەللى ۋاستىسى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلماقتا. يەنى ئى پەيغەمبەر! خۇددى مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتقاندەكلا كۇپرىلىققا ئۆزلىرىنى ئېتىۋاتقان ۋە چاقماق تېزلىكىدە كۇپرىغا دۇم چۈشكەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئازابلىنىپ، غەم - قايغۇغا پېتىپ كەتمىگىن. شۇنداق مۇناپىقلار باركى، ئۇلار ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويغىنى بىلەن دىللىرىدا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلماقتا. يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىمۇ پۇرسەت تاپسىلا يالغان - ياۋىداق ۋە باتىل سۆزلەرگە ھە دەپ قۇلاق سالىدىغان، راھىبلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قارشى توقۇپ چىققان يالغانلىرىنى، بوھتانلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتىۋېتىشلىرىنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا ئالدىرايدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى تەكەببۇرلۇقى ۋە ساڭا ھەددىدىن زىيادە ئۆچلۈكىدىن، سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان باشقا بىر قەۋمنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە ھازىر بولمىغانلار خەيبەر يەھۇدىيلىرى، يالغان - ياۋىداق ۋە باتىل سۆزلەرگە قۇلاق سالغۇچىلار بولسا بەنۇ قۇرەيزەدۇر. ئۇلار تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، يەنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزلىرى

خالىغانچە ئۆزگەرتىپ باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ تەۋراتتىكى ھۆكۈملىرى بولۇپ، يەھۇدىيلار چالما - كېسەك قىلىش ھۆكمىنى دەررە ئۇرۇش ۋە يۈزىگە قارا سۈرتۈپ سازايى قىلىش ھۆكمىگە ئالماشتۇرۇۋېتىشتى. يەھۇدىيلار: «ئەگەر مۇھەممەد سىلەرنى دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار؛ ئەگەر تاش كېسەك قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇنى قوبۇل قىلماڭلار» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىركىمنىڭ كاپىر ۋە گۇمراھ بولۇشىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن بۇنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. قىلمىشى قەبىھ ۋە تاللىغان يولى يامان بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا دىللىرىنى كۇپرى ۋە گۇمراھلىقنىڭ نىجاسەتلىرىدىن پاك قىلىشنى خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلار دۇنيادا خارلىق ۋە رەسۋالىققا، ئاخىرەتتە بولسا جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت چوڭ ئازابقا قالىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەت، رەسۇلۇللاھنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش، يەھۇدىيلارنىڭ كۇپرىغا ئۆزىنى ئېتىشلىرىغا قايغۇرۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئىزتىراپلارنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۇلارنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغاندۇر.

42. «ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى يېگۈچىلەردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ، ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز

ئۆزۈڭ سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ». مەقسەتنى تەكىتلەش ۋە ھادىسىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئايەت تەكرارلانغان. يەنى ئۇلار يالغانغا ۋە باتىل سۆزلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش ھارام نەرسىلەرنى كۆپ يېگۈچىلەردۇر. ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا دەۋالىشىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا دەۋالىشىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ قويمىساڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگىشىش مەقسىتىدە ئۆزلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا داۋالىشىپ كېلىشمەيدۇ، دەل ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ماس ھالدا ھۆكۈم چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا داۋالىشىپ كېلىشىدۇ.» ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، گەرچە ئۇلار ئادالەت يولىدىن چىقىپ كەتكەن زالىم كىشىلەردىن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەق ۋە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. بۇ بايانلاردىن

كېيىن، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: 43. «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلماي ۋاتسا)، (ئى مۇھەممەد!) قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن كېيىن (ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن) سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ) ئىشەنمىگۈچىلەردۇر»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلماي ۋاتسا، يەھۇدىيلار قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە سېنىڭ ھۆكمىڭگە قانداق رازى بولىدۇ؟ فەخرىددىن رازىغا كۆرە بۇ ئايەت، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە ھەيران قالدۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار تەۋراتتا زىنا قىلغۇچىغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تەرك قىلىپ رەسۇلۇللاھنى مۇرەسسەچى قىلماقچى بولۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار تېخىمۇ ئازراق جازالىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھۆكۈمنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى باتىل دەپ قارىغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشاتتى، دېمەك، ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە سەركەشلىكى ئەنە شۇنداق پاش بولدى. ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار سېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار مۆمىنلەردىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

كىتابى بولغان تەۋراتقا ئىشەنمەيدىغان ھەم تەۋراتتىن ھەم سىنىڭ تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ماس ھالدا چىقارغان ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ، چۈنكى ھەم ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملەرگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھەم شۇ ھۆكۈملەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان كىشىنىڭ ئۆزىنى مۆمىن دەپ دەۋا قىلىشى باتىلدۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: 44. «بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (پۇل - مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»، يەنى بىز مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا يېپىق ھۆكۈملەرنى يېشىپ بېرىدىغان روشەن بايان ۋە پارلاق نۇر بار، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىدىن چىقىپ كەتمىگەن ۋە شۇ ھۆكۈملەرنى

ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرى خالىغان ھۆكۈملەرگە ئالماشتۇرۇۋەتمىگەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا تەۋرات بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى بىلەن فۇقەھالىرى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كىتابىنى (تەۋراتنى) ئۆزگەرتىش ۋە زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاشقا بۇيرۇغانلىقى تۈپەيلى، تەۋرات بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، جۈملىدىن ئۇلار تەۋراتنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا نازارەتچى ئىدى. ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى! مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىگە دائىر قولۇڭلاردىكى ئايەتلەرنى ۋە چالما - كېسەك قىلىش ئايىتىنى ئاشكارا بايان قىلىش توغرىسىدا كىشىلەردىن قورقماڭلار، دەل ئەكسىچە، ئۇنى يوشۇرۇش توغرىسىدا مەندىن قورقۇڭلار. پۇل - مال، مەنسەپ ۋە پارىغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇ شەكسىز كاپىردۇر. زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈملەرنى كەمسىتىدىكەن ۋە شۇ ھۆكۈملەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر، زالىملاردۇر ۋە پاسىقلاردۇر». بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ كۆپىرىدا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ۋە كەمسىتكەنلىكلىرى ئۈچۈن شۇ ئايەتلەرگە زۇلۇم قىلغان بولىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتى. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، گەرچە بۇ ئايەتتە خىتاب يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ بىراق

ئايەتنىڭ ھۆكمى ھەم يەھۇدىيلار ۋە ئۇلاردىن باشقا ئىنسانلارغا ئورتاقتۇر. كاپىرلار ھەققىدە كەلگەن ھەر بىر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاسىي مۆمىنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 45. «ئۇلار (ئىسرائىل ئەۋلادى)غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كاپارەت بولىدۇ، ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر»، يەنى يەھۇدىيلارغا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ، كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ، كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى، كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ، كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ ۋە كىشىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «كىمكى جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا، بۇ، جىنايەت سادىر قىلغۇچىغا نىسبەتەن كاپارەت ۋە قىساس

ئالغۇچىغا نىسبەتەن ساۋاب بولىدۇ.» تەبەرىگە كۆرە، قىساس ئېلىش ھەققى بار تۇرۇقلۇق بۇ ھەققىدىن ۋاز كېچىپ جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ. ئەپۇ قىلغانلىقى ۋە ھەققىدىن ۋازكەچكەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەددىدىن ئاشقۇچى زالىملاردىن بولىدۇ. 46. «ئۇلارنىڭ (بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند - نەسىھەتتۇر»، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھەققەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە شۈبھىلەرنى يوقىتىشتا نۇردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئىنجىل ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە تەستىق قىلغۇچىدۇر. بۇ جۈملىنىڭ تەكرارلىنىشى، تېمىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر. تەۋرات تەقۋادارلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ۋە پەند - نەسىھەت قىلغۇچىدۇر. 47. «ئەھلى ئىنجىللار (ناسارالار)

ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر» ، يەنى ئىنجىلغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار (خىرىستىيانلار) ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىنجىلنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ئەمر قىلدۇق. ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار ئىماندىن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەن ئىسيانكار پاسىقلاردۇر. 48. «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ» ، يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى، تەستىق قىلغۇچى، ئۇلارغا

يۆلەنگۈچى ۋە شاھىت بولغۇچى قۇرئاننى ئادالەت ۋە شەك - شۈبھەدىن خالىي راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدۇق. زەمەخشەرىيگە كۆرە، قۇرئان كەرىم باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ كۆزەتچىسى سۈپىتىدە نازىل قىلىنغاندۇر، چۈنكى قۇرئان كەرىم شۇ كىتابلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە توغرىلىقىغا شاھىت بولماقتا. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئاللاھ تائالانىڭ «مۇھەيمىن» دېمەك، قۇرئان كەرىم ئەمىن، شاھىت بولغۇچى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ئاللاھ تائالا قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىنى قۇرئان كەرىمدە جەم قىلغاندىن سىرت يەنە ئۇنىڭغا ئاشۇ كىتابلاردا بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئەھكاملارنىمۇ ئىلاۋە قىلغان، دېمەكتۇر. ئى مۇھەممەد! كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا مۇشۇ شانلىق قۇرئاندا نازىل قىلغان ھۆكۈملەر بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، مۇشۇ شانلىق قۇرئاندا ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلمىغىن. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا ساڭا ئەمر قىلغان ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئاشۇ جاھىل بەدبەختلەرنىڭ نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن». ھەر بىر ئۈممەتكە بىرخىل شەرىئەت، ئوچۇق يول ۋە مەخسۇس بىر قانۇن تەيىن قىلدۇق. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس شەرىئىتى ۋە قانۇن - نىزامنامىسى بار، خىرىستىيانلارنىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئوخشىمايدىغىنى پەقەت شەرئىي ھۆكۈملەردۇر. ئېتىقاد مەپكۇرىسى بولسا، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭكى ئوپمۇئوخشاشتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئېتىقاد مەپكۇرىسىمۇ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىش،

پەيغەمبەرلەرگە ۋە بارلىق ساماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش، شۇنداقلا قىيامەت كۈنىگە ۋە ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىن ۋە بىر قانۇندا جەم قىلغان بولاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي قانۇن ئەھكاملىرىنىڭ ھېچقاندىقى باشقا بىر ئەھكامنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ «مېنىڭ ھۆكمىمگە بويسۇنامدۇ ـ سۇنمامدۇ» دەپ بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن، خىلمۇخىل قانۇنلارنى بېكىتىپ بەردى، جۈملىدىن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىلارنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، قانۇنلارنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. شۇڭا، سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىك بولغان ئەمەل ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىغا ئەگىشىشكە ئالدىراڭلار. قىيامەت كۈنى ھەممىڭلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار ۋە ئاخىرقى قارارگاھىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، دىنىي ئىشلاردا سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە نامە - ئەمەلىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 49. «(ئۇلار يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك -

شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر)». يەنى، ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ باتىل ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئاشۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ساقلانغىن. چۈنكى ئۇلار يالغانچىلاردۇر ۋە خىيانەتكار كاپىرلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلماقچى بولسا، ئى مۇھەممەد! شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتقۇچىلاردۇر، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزلۈكسىز ھالدا گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر.

50. «ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھ تائالاغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ تائالادىنمۇ ئادىل كىم بار.» بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ۋە ئەيىبلەشنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، ياكى بولمىسا ئۇلار سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىدىن باشقا بىر ھۆكۈمنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە، ئاللاھ تائالادىنمۇ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ئۇنىڭدىنمۇ توغرا بايانلارنى مەرھەمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ساغلام قانۇن ئورنىتىپ بېرىدىغان كىم بار؟!

**ئىلاۋە:** فەخرىددىن رازىغا كۆرە، ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن جايلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئى پەيغەمبەر!» دەپ خىتاب قىلدى، «ئى ئەلچى!» دەپ پەقەت ئىككى جايدىلا خىتاب قىلدى، بۇلارنىڭ بىرى، «ئى ئەلچى! كۇپرىلىق ئۈستىدە مۇسابىقىلىشىدىغانلار سېنى غەم - قايغۇغا سالمىسۇن» دېگەن ئايەتتە، ئىككىنچىسى، مۇشۇ سۈرىدىكى «ئى ئەلچى! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن» دېگەن ئايەتتىدۇر. بۇ خىتاب، شەك - شۈبھىسىزكى، شەرەپلەندۈرۈش ۋە ئۇلۇغلاش خىتابىدۇر.

**ئەسكەرتىش:** ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي) «في ظلال القرآن» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مۇكەممەل ئاساسىغا تايىنىپ شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قانۇنى دېمەك، ئىنساننىڭ ئىنسانغا ھۆكۈم قىلىشى، ئىنساننىڭ ئىنساننى قۇل قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلماي باشقىلارغا چوقۇنۇش دېمەكتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئاچال بولۇپ، يا ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدا مېڭىشقا، يا جاھىلىيەت قانۇنىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نە بىرەر يول يوق، نە بۇ يولنى ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت يوقتۇر. ئىنسانلار ھاياتىدا يا ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىدۇ، يا جاھىلىيەت قانۇنى، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە ئاللاھ تائالادىن

باشقىغا قۇللۇق قىلىش تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرى دېگەنلىك، ھېچقاچان مەلۇم بىر دەۋرگە ئائىت زامان دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئوچۇقراقى، جاھىلىيەت تۈنۈگۈنمۇ مەۋجۇت ئىدى، بۈگۈنمۇ مەۋجۇتتۇر، ئەتىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلار يا ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇ قانۇننى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پۈتكۈل سۆز - ھەرىكەتلىرىدە شۇ قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئىش قىلىدۇ - دە، ئاندىن «مۇسۇلمان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولىدۇ؛ يا ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان يازما قانۇنلار بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇكى، بۇنداق بولغان تەقدىردە، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ».

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوْلِيَآءَ
بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُۥ مِنْهُمْۗ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥١﴾ فَتَرَى ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم
مَّرَضٌ يُسَٰرِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَىٰٓ أَن تُصِيبَنَا دَآئِرَةٌۚ
فَعَسَى ٱللَّهُ أَن يَأْتِىَ بِٱلْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِۦ فَيُصْبِحُواْ
عَلَىٰ مَآ أَسَرُّواْ فِىٓ أَنفُسِهِمْ نَٰدِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ إِنَّهُمْ
لَمَعَكُمْۚ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فَأَصْبَحُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٥٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَسَوْفَ يَأْتِى
ٱللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى
ٱلْكَٰفِرِينَ يُجَٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَآئِمٍۚ

ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٤﴾
إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُمْ رَٰكِعُونَ ﴿٥٥﴾ وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَإِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْغَٰلِبُونَ ﴿٥٦﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّخِذُوا۟ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ دِينَكُمْ
هُزُوًا وَلَعِبًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ
وَٱلْكُفَّارَ أَوْلِيَآءَ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾ وَإِذَا
نَادَيْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ٱتَّخَذُوهَا هُزُوًا وَلَعِبًا ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ
قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ ﴿٥٨﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ هَلْ تَنقِمُونَ
مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن
قَبْلُ وَأَنَّ أَكْثَرَكُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٥٩﴾ قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ
مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ مَن لَّعَنَهُ ٱللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ
وَجَعَلَ مِنْهُمُ ٱلْقِرَدَةَ وَٱلْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ ٱلطَّٰغُوتَ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ
شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٦٠﴾ وَإِذَا جَآءُوكُمْ
قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَقَد دَّخَلُوا۟ بِٱلْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا۟ بِهِۦ ۚ
وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا۟ يَكْتُمُونَ ﴿٦١﴾ وَتَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ
يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ
مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٢﴾ لَوْلَا يَنْهَىٰهُمُ ٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلْأَحْبَارُ
عَن قَوْلِهِمُ ٱلْإِثْمَ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟
يَصْنَعُونَ ﴿٦٣﴾ وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغْلُولَةٌ ۚ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ
وَلُعِنُوا۟ بِمَا قَالُوا۟ ۘ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيْفَ يَشَآءُ ۚ

وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا
وَكُفْرًا ۚ وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ
كُلَّمَآ أَوْقَدُوا۟ نَارًا لِّلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا ٱللَّهُ ۚ وَيَسْعَوْنَ فِى ٱلْأَرْضِ
فَسَادًا ۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ
ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَأَدْخَلْنَٰهُمْ
جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٦٥﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ
وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِم مِّن رَّبِّهِمْ لَأَكَلُوا۟ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن
تَحْتِ أَرْجُلِهِم ۚ مِّنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ سَآءَ مَا
يَعْمَلُونَ ﴿٦٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئەھلى كىتابنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلىشنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋەتكەنلىكلىرىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارنى كاپىر، زالىم ۋە پاسىق دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئاخىرىدا يەھۇدىيلارنىڭ سادىر قىلغان جىنايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىمەنە سۆزلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىغانلىقلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، رىفائە ئىبنى زەيد بىلەن سۇۋەيد ئىبنى ھارىس مۇسۇلمان بولۇپ، ئارقىدىنلا مۇناپىق بولىدۇ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى كىشى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن،

ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدۇ. 2. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، يەھۇدىيلاردىن بىر تۈركۈم كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن قايسى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقىنى سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋابەن: «ئېيتىڭلاركى، <ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن، (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز>» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ئايەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلىنغان ھامان، ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتى ۋە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نېسىۋىسى سىلەردىنمۇ ئاز، سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىنمۇ ناچارراق دىن ئەھلىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ ناچارراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟»

**تەپسىرى:** 51. «ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە

شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ»، يەنى ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتۇشتىن مەنئى قىلغان، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بولۇشنى ۋە ئۇلار بىلەن خۇددى مۆمىنلەرگە ئوخشاشلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشلىرىنى مەنئى قىلغان. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلار كۇپرىلىق ۋە گۇمراھلىق ئۇستىدە مۆمىنلەرگە قارشى گويا بىر قولغا ئوخشايدۇ. قىسقىسى، ئەھلى كۇپرىنىڭ ھەممىسى بىر مىللەتتۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئوچۇقراقى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۇستىدىن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم قانداق بولسا، ئۇلارنى دوست تۇتقۇچىلار ئۇستىدىنمۇ شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ كىشىلەردىن ئۇزاق تۇرۇشلىرى ۋە ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولۇشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى قاتتىق ئەمرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر. خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئۇلارنىڭ ئوتى بىر - بىرىنى كۆرمىسۇن» دېگىنىدەك. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ئىمانغا مۇيەسسەر قىلمايدۇ. 52. «دىللىرىدا كېسەللىك (مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ (رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (مەككىنى پەتھى

قىلىشىنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ»، يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئوخشاش، دىللىرىدا شەك - شۈبھە ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارنىڭ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا ياردەم قىلىشتا بەسلىشىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرىسەن. ئۇلار كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقلىرىغا ئۆزرە بايان قىلىپ: «زامان ئۆزگىرىپ يەھۇدىيلار زەپەر تاپسا، ئۆزىمىزگە پالاكەتچىلىك ۋە مۇسىبەت يېتىپ قېلىشىدىن، شۇنداقلا مۇھەممەدنىڭ ئۆز ئىشىنى تاماملىيالماي قېلىشىدىن قورققانلىقىمىزدىن شۇنداق قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ باتىل دەۋالىرىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىپ مەككىنى پەتھى قىلىپ بېرىدۇ،[1] ياكى ئاللاھ تائالا بەنى نەزىر قەبىلىسىگە قىلغىنىغا ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن مۇناپىقلار نادامەت چېكىدۇ.» بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرگە مەككىنى پەتھى قىلىپ بېرىش ۋە زەپەر ئاتا قىلىشنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق، مۆمىنلەرگە يەتكۈزگەن خۇش خەۋىرىدۇر. ئايەتتىكى

[1] بۇ، سۇددىنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇنىڭدىن مەقسەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشى بىلەن پۈتكۈل دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىدۇر.

«دەرگاھىمىدىن بىر ئەمر كەلتۈرۈپ» دېگەندىن مەقسەت، «ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق، دەرگاھىدىن بىر ئەمر بىلەنلا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر مەخلۇقنى ۋاستە قىلمايدۇ، خۇددى بەنى نەزىرگە ئوخشاش» دېگەنلىكتۇر. 53. «(بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە - مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۆمىنلەر (بىر - بىرىگە): <سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە ئاللاھ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەر مۇشۇ كىشىلەرمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى» ، يەنى ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلغان چاغدا، مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ ھالىدىن ھەيران قېلىپ: «ئى يەھۇدىيلار جامەئەسى! سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە ئاللاھ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەر مۇشۇ كىشىلەرمۇ؟» دەيدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلغىنىدەك: «سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز». مۇناپىقلىقى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچى بولدى. 54. «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈمچان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ھەممىنى

بىلگۈچىدۇر.» بۇ خىتاب ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش تەرىقىسىدە قىلىنغان. يەنى ئى مۆمىنلەر جامائەسى! سىلەردىن كىمكى ھەق دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىدىكەن ۋە باشقا بىر دىنغا كىرىپ كېتىدىكەن ھەمدە ئىماندىن كۇپرىلىققا قايتىدىكەن،[1] ئۇ كىشى شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھ ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغدايدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز بولغان مۆمىن كىشىلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇلار كامىل مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن مۆمىن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا نىسبەتەن تولىمۇ كەمتەر، دۈشمىنىگە قارشى ئىنتايىن شەپقەتسىز كېلىدۇ. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك: «مۇھەممەد ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كاپىرلارغا قاتتىقتۇر،

[1] ئايەتتە، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەقە مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن غەيبنى خەۋەر قىلىشتۇر. دەرۋەقە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىسلام دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشكەن، جۈملىدىن بۇلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، يەنە بىر قىسمى بولسا ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىشكەن. «مۇسەيلىمەتۇل كەززاب»نىڭ قەۋمى بولغان بەنۇ ھەنىيفە قەبىلىسى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشكەن ۋە مۇسەيلىمە رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەپ بىر پارچە مەكتۇپ يازغان: «ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇسەيلىمەدىن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە: مەقسەتكە كەلسەك، يەر يۈزىنىڭ يېرىمى مېنىڭ، يېرىمى سېنىڭدۇر.» رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن يالغانچى مۇسەيلىمەگە: مەقسەتكە كەلسەك، ئى مۇسەيلىمە! شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، يەر يۈزى ئاللاھ تائالانىڭ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى بەندىلىرىدىن كىمنى خالىسا شۇنىڭغا ۋارىس قىلىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.»

ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر.» مۆمىن ئۆزىنىڭ مۆمىن قېرىنداشلىرىغا ناھايىتى كەمتەر ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا بولسا قاتتىق ۋە شەپقەتسىز بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. ئەنە شۇ مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ سۆزىنى (كەلىمە تەۋھىدنى) ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنى توغرىسىدا ئىنتايىن قەيسەر بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتا ھېچكىمدىن، ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. دېمەك، ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قىلغان پەزلى ۋە ئېھسانىدۇركى، بۇنىڭغا كىمنىڭ ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن ئېھسانى چەكسىزدۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى كاپىرلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتى ئورنىتىشنى مەنئى قىلغاندىن كېيىن، كىملەرنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتتى ئورنىتىشقا ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: 55. «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر»، يەنى شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلار يەھۇدىيلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاللاھ تائالادۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن نامازلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل»

نامىلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي دوستىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە، ئاللاھ تائالا «دوست» ئىبارىسىنى بىرلىك شەكلىدە زىكىر قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىسمىزاتىغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ دوست ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەگەر كۆپلۈك شەكلىدە كەلتۈرۈپ، «ئىنىنەما ئەۋلىيائۇكۇم» سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلار پەقەت... دېگەن بولسىدى، ئىبارىلەردىكى بەدئىيلىك ۋە تەبئىيلىك يوقاپ كەتكەن بولاتتى. 56. «كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر). ئاللاھنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر» ، يەنى كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ پارتىيىسىدىندۇر. شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پارتىيىسى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ھەمىشە غالىبتۇر ۋە دائىما زەپەر قۇچقۇچىدۇر. 57. «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالغانلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتماڭلار. ئاشۇ مەسخىرىۋاز يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ھەمدە بۇلاردىن باشقا كاپىرلار سىلەرگە ئويۇنچۇق دۈشمەن تۇرۇۋقلۇق، ئۇلار بىلەن ھەرگىزمۇ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتماڭلار، چۈنكى، سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى مەسخىرە قىلغان كىشىلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشى

كۆرۈشىۈڭلار سىلەر ئۇچۇن توغرا ئەمەستۇر. ئەڭ توغرا بولغىنى، ئۇلارغا شەپقەتسىز بولۇشۇڭلار ۋە ئۇلارنى دۇشمەن تۇتۇشۇڭلاردۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۆمىن بولساڭلار، كاپىرلار بىلەن پاسىقلارنى دوست تۇتۇش توغرىسىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلار مەسخىرە قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 58. «سىلەر نامازغا چاقىرغان (ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۇچۇنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەس قەۋمدۇر»، يەنى سىلەر ئەزان ئېيتىپ ئىنسانلارنى نامازغا چاقىرغان چېغىڭلاردا، ئۇلار ھەم سىلەرنى ھەم نامىزىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، يەھۇدىيلار ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان رەسۇلۇللاھقا ھەسەت قىلىشىپ: «ئى مۇھەممەد! پەيغەمبەرلەردە بولمىغان بىر بىدئەتنى پەيدا قىلدىڭ، بۇنداق تۆگىلەردەك ۋارقىراشنى سەن قەيەردىن پەيدا قىلدىڭ، بۇ نېمىدېگەن يىرگىنچلىك بىر ئاۋاز - ھە!» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.[1] شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ

[1] ئەبۇسسۇئۇد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەدىنىلىك بىر خىرىستىيان مۇئەززىنىنىڭ «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان چېغىدا: «ئاللاھ تائالا يالغان ئېيتقۇچىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرسۇن» دەيتتى. بىر كېچىسى ھېلىقى خىرىستىياننىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، خىزمەتچىسى بىر ئوتنى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىرىدۇ، دەل شۇ چاغدا ئوت ئۇچقۇنى ئۆيگە چاچراپ كېتىپ ئۆينى، جۈملىدىن ھېلىقى خىرىستىياننى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

تائالا نامازنى مەسخىرە قىلغان كىشىنى دوست تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەل ئەكسىچە ئۇنداق كىشىلەرنى ئارىغا ئالماسلىق ۋە قوغلاپ چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. بۇ ئايەت، ئىلگىرىكى ئايەتنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ئۇلارنىڭ نامازنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىشى، ئۇلارنىڭ نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاشتىكى غايىسىنى چۈشەنمەس كاپىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ئىدراك قىلالىغۇدەك ئەقىل - پاراسەتلىرى بولسىمۇ، بىراق ئىلگىرى دىن توغرىسىدا شۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىرىدىن پايدىلىنالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار «ئەقىلسىزلار» دەپ ئاتالغاندۇر. 59. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئى ئەھلى كىتاب! (يەھۇدىي ۋە ناسارالار جامائەسى) پەقەت بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (قۇرئانغا)، بۇنىڭدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بىزنى ئەيىبلەمسىلەر؟>» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار جامائەسى! پەقەت بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا، بىزگە نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىزنى ئەيىبلەمسىلەر؟» ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەرگە نىسبەتەن ئېيقاندا، بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز ياكى ئەيىبىمىز مۇشۇمۇ؟ بۇ ھېچقاچان ئەيىبلىنىدىغان ۋە كەمچىلىك دەپ قارىلىدىغان ئىش ئەمەستۇر.» بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى ئىستىسنا

«ئىستىسنا مۇنقەتى»دۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ كۆپىنچىڭلار توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەرسىلەر. 60. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يامانىدۇر (دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر>»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «سىلەرگە سىلەر بىزنى ئەيىبلىگەندىنمۇ يامانىراق نەرسىنى، جۈملىدىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن <جازا> ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا <ساۋاب> ئىبارىسى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ <ئۇلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن> دېگەن ئايەتتىكى خۇش خەۋەرگە ئوخشايدۇ». ئۇ، ئاللاھ تائالا رەھمىتىدىن يىراق قىلغان، روشەن ئايەتلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا كۇپرىلىق ۋە گۇناھ - مەسىيەت ئۈستىدە چىڭ تۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن غەزەپ قىلغان، بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلىۋەتكەن، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىدىغان قىلغان كىشىلەرنىڭ جازاسىدۇر، ئەنە شۇنداق قەبىھ ۋە يىرگىنچلىك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ئاشۇ لەنىتى كىشىلەر، ئاخىرەتتىكى ئورنى ئەڭ يامان ۋە توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەن ئەڭ گۇمراھ ئىنسانلاردۇر. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ

تەپسىرى مۇنداق: «ئى، باشقىغا ئەمەس پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغانلىقىمىز ۋە ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا بىزنىڭ دىنىمىزنى سۆكۈپ بىزنى ئەيىبلەۋاتقان ئەھلى كىتاب! يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كەمچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى سىلەردە بار تۇرۇپ، سىلەر يەنە قانداقسىگە بۇنداق دېيىشكە پېتىنالايسىلەر؟» قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ ئايەت نازىل بولغان ھامان مۇسۇلمانلار ئۇلارغا: «ئى مايمۇنلارنىڭ ۋە چوشقىلارنىڭ قېرىنداشلىرى!» دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خىجالەتچىلىك ئىلكىدە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

*ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا قىلغاي لەنەت!*
*چۈنكى ئۇلار مايمۇنلارنىڭ قېرىنداشدۇر ھەيھات.*

61. «(يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى) يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا، بىز ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇپرى بىلەن كىرىپ كۇپرى بىلەن چىقىپ كەتتى (سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى). ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان نەرسىسىنى (نىپاقىنى ۋە كۇپرىنى) ئوبدان بىلىدۇ». بۇ جۈملىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرىدۇر. يەنى يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىشىدۇر، ۋەھالەنكى، ئى مۇھەممەد! ئۇلار يېنىڭغا كاپىر پېتى كىرىپ، كاپىر پېتى چىقىپ كەتتى (سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى). ۋەز - نەسىھەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق

پايدىسى بولمىدى. ئاللاھ ئۇلار يوشۇرغان نىپاق بىلەن كۇپرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئايەتتە، ئۇلار ئۇچۇن ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش باردۇر. 62. «ئۇلار (يەھۇدىيلار)نىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» يەنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھ قىلىش، زۇلۇم سېلىش ۋە ھارام يېيىشتە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئەخلاققا يات بۇنداق قەبىھ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! 63. «ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!»، يەنى ئۇلارنىڭ دىنىي زاتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى ئۇلارنى گۇناھ بولىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسقان بولسا ياخشى بولماسمىدى؟ ئۇلارنىڭ دىنىي زاتلىرى بىلەن ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن مەنئى قىلماسلىقى نېمىدېگەن يامان! ئىبنى ئابباسقا كۆرە، قۇرئان كەرىمدە ئۆلىمالارنى بۇ ئايەتتىنمۇ بەكرەك تەنقىت قىلغان ھېچقانداق بىر ئايەت يوقتۇر. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتىن مەنئى قىلماي سۈكۈت قىلغان ئۆلىمالار بىلەن زاھىتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مۇبارەك مۇنداق بىر نەزمە ئوقۇيدۇ:

*مەزمۇنى: دىنغا ھېچكىم بۇزغۇنچىلىق قىلمىدى، لېكىن پادىشاھلار، ئۆلىمالار ۋە زاھىتلار بۇزغۇنچىلىق قىلدى.*

64. «يەھۇدىيلار: <ئاللاھنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (ئاللاھ بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)> دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق بىلەن كۇپرىنى ئاشۇرىدۇ (ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ). بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەر قاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ» ، يەنى لەنىتى يەھۇدىيلار: «ئاللاھ بېخىلدۇر، بەندىلەرنىڭ رىزقىنى قىسىدۇ» دېيىشتى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، «مەغلۇلەتەن» دېگەن سۆز «بېخىللىقىدىن قول ئىلكىدىكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار «ئاللاھ تائالانىڭ قولى باغلاقلىقتۇر» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقچى ئەمەس، دەل ئەكسىچە، «ئاللاھ تائالا بېخىلدۇر» دېمەكچى ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەددۇئا بولۇپ، ئۇلارنىڭ پېقىرلىق، بېخىللىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە دۇچار بولۇشلىرى ئۈچۈن قىلىنغان بەددۇئادۇر. ئۇلارنىڭ بۇ قاباھەتلىك سۆزلىرى سەۋەبلىك، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق

قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا ناھايىتى سېخىيدۇر، مەرتتۇر ۋە ئېھسانلىرى چەكسىزدۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، ئاللاھ تائالانىڭ رىزىقلارنى تار قىلىشى ھەرگىزمۇ بەرىكەتنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رىزىقلارنى ئېھسان قىلىشى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلەرگە ئاساسلىنىدىغان خاھىشىغا باغلىقتۇر. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ سادىر قىلغان جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن ئىلاھىي ھېكمەت ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىنىڭ تار بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ شانلىق قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە كۇپرىنى، ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. چۈنكى ھەر قاچان بىر ئايەت نازىل بولسىلا ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقى بىلەن كۇپرىلىقى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. بۇ گويا تەن سالامەتلىكى ياخشى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان تاماقنىڭ كېسەل كىشىلەرنىڭ كېسەللىكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ. تەبەرىگە كۆرە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قارشى ناھايىتى تەكەببۇر ۋە مەغرۇر ئىكەنلىكلىرىنى، گەرچە ئۇلار ھەقىقەتنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەركەشلىكىدىن شۇ ھەقىقەتكە باش ئەگمەيدىغانلىقلىرىنى جاكارلىغان. شۇنداقلا ئاللاھ تائالا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەنلىكلىرى ۋە پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن. بىز يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىغا

قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل، ئۆي - پىكىرلىرىمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ بىر - بىرگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن دۈشمەنلىكى تاكى قىيامەتكىچە قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ھەر قاچان رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يەر يۈزىدە ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، يەر يۈزىدە داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە پىتنە قوزغاش ئۇلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. 65. «ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) (ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) ئىمان ئېيتسا ۋە (ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن) پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق»، يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتسا ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق، شۇنداقلا ئۇلارنى چوقۇم نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزەتتۇق. 66. «ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (ئۇلارغا ئاسمان - زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)، ئۇلاردىن

بىر جامائە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار) توغرا يولدىدۇر. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار!» ، يەنى ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا قەتئىي چىڭ تۇرسا، تەۋراتنىكى، ئىنجىلدىكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان مۇشۇ شانلىق كىتابتىكى (قۇرئاندىكى) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇلارغا ئاسمان - زېمىندىن بەرىكەت ياغدۇرۇپ، رىزىقلىرىنى كەڭ قىلغان ۋە ھەددى - ھېسابسىز ئېھسانلارنى ئاتا قىلغان بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان، قۇسۇرسىز ئوتتۇرا يولنى تۇتىدىغان بىر جامائە بولۇپ، بۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، نەجاشىي ۋە سەلمان فارسىيغا ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە يامان نىيەتلىك كىشىلەرمۇ باردۇر، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن قەبىھ، قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان - ھە!

ئىلاۋە: 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ خىرىستىيان بىر كاتىبىنى خىزمەتچىلىككە ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ - دە، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە مۇنداق دەپ مەكتۇپ يوللايدۇ: «خىرىستىيانلارغا ئىكرام قىلمىغىن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خار قىلغان، ئۇلارغا ئىشەنمە، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ خائىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتمىغىن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇزاقلاشتۇرغان». ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى مۇنداق دەپ جاۋاب مەكتۇپ يازىدۇ: «بەسرەنى تۇتۇپ

تۇرغان دەل مۇشۇ خىرىستىياندۇر». ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ بۇ مەكتۇبىغا جاۋابەن ھەزرىتى ئۆمەر تەكرار مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇغۇ شۇنداق ئىكەن، ناۋادا ئۇ خىرىستىيان ئۆلسە سەن قانداق قىلىسەن؟» 2. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!)نىڭ زامانىدا، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمە، ھەمزە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!)نىڭ قاتىلى ۋەھشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋەھشى ھەزرىتى ھەمزەنى كۆزدە تۇتۇپ: «جاھىلىيەتتىكى ۋاقتىمدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئۆلتۈردۈم» دەيتتى ۋە يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەنى كۆزدە تۇتۇپ: «مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىنى ئۆلتۈردۈم» دەيتتى. 3. مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، «عسى» پېئىلى ئۈچۈن قوللىنىلغاندا زۆرۈرىيەتنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى مەرت ئادەم ياخشىلىق قىلىمەن دەپ بىراۋنى ئۈمىدلەندۈرسە چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. نەپس ئاشۇ ياخشىلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، كىشىنىڭ بۇ سۆزى ۋەدىنىڭ ئورنىدىدۇر. 4. بەيزاۋىغا كۆرە، «ئۆلىمالار نېمىشقا ئۇلارنى توسمايدۇ؟» دېگەن ئايەت، يەھۇدىي ئالىملىرىنى ئۇلارنى قەۋمىنى يالغان سۆزلەشتىن ۋە ھارام يېيىشتىن توسۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. چۈنكى «لەۋلا» ئىبارىسى ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بېشىدا كەلگەندە «ئەيىبلەش»، كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بېشىدا كەلگەندە «تەرغىب قىلىش»نى ئىپادىلەيدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ
تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ إِنَّ

ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٧﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ
لَسۡتُمۡ عَلَىٰ شَيۡءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ
إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡۗ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرٗا مِّنۡهُم مَّآ أُنزِلَ
إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ طُغۡيَٰنٗا وَكُفۡرٗاۖ فَلَا تَأۡسَ عَلَى ٱلۡقَوۡمِ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلصَّٰبِـُٔونَ
وَٱلنَّصَٰرَىٰ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا
فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٦٩﴾ لَقَدۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ
بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمۡ رُسُلٗاۖ كُلَّمَا جَآءَهُمۡ رَسُولُۢ
بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُهُمۡ فَرِيقٗا كَذَّبُواْ وَفَرِيقٗا يَقۡتُلُونَ ﴿٧٠﴾
وَحَسِبُوٓاْ أَلَّا تَكُونَ فِتۡنَةٞ فَعَمُواْ وَصَمُّواْ ثُمَّ تَابَ ٱللَّهُ
عَلَيۡهِمۡ ثُمَّ عَمُواْ وَصَمُّواْ كَثِيرٞ مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا
يَعۡمَلُونَ ﴿٧١﴾ لَقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ
ٱبۡنُ مَرۡيَمَۖ وَقَالَ ٱلۡمَسِيحُ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي
وَرَبَّكُمۡۖ إِنَّهُۥ مَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ
ٱلۡجَنَّةَ وَمَأۡوَىٰهُ ٱلنَّارُۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ أَنصَارٖ ﴿٧٢﴾ لَّقَدۡ
كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ ثَالِثُ ثَلَٰثَةٖۘ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّآ
إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ وَإِن لَّمۡ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ أَفَلَا يَتُوبُونَ إِلَى ٱللَّهِ
وَيَسۡتَغۡفِرُونَهُۥۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧٤﴾ مَّا ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ
مَرۡيَمَ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ
صِدِّيقَةٞۖ كَانَا يَأۡكُلَانِ ٱلطَّعَامَۗ ٱنظُرۡ كَيۡفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ

ٱلۡأٓيَٰتِ ثُمَّ ٱنظُرۡ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٧٥﴾ قُلۡ أَتَعۡبُدُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمۡلِكُ لَكُمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗاۚ وَٱللَّهُ هُوَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٧٦﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي
دِينِكُمۡ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوٓاْ أَهۡوَآءَ قَوۡمٖ قَدۡ ضَلُّواْ
مِن قَبۡلُ وَأَضَلُّواْ كَثِيرٗا وَضَلُّواْ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٧٧﴾
لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ
وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٧٨﴾
كَانُواْ لَا يَتَنَاهَوۡنَ عَن مُّنكَرٖ فَعَلُوهُۚ لَبِئۡسَ مَا كَانُواْ
يَفۡعَلُونَ ﴿٧٩﴾ تَرَىٰ كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ يَتَوَلَّوۡنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ
لَبِئۡسَ مَا قَدَّمَتۡ لَهُمۡ أَنفُسُهُمۡ أَن سَخِطَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَفِي
ٱلۡعَذَابِ هُمۡ خَٰلِدُونَ ﴿٨٠﴾ وَلَوۡ كَانُواْ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلنَّبِيِّ
وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَا ٱتَّخَذُوهُمۡ أَوۡلِيَآءَ وَلَٰكِنَّ كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ
فَٰسِقُونَ ﴿٨١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى كاپىرلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت قۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ دائىرىسى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇ بولسا، ئۇلارنىڭ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەم ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى دۈشمەن تۇتۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە

بۇ ھەقتە دۈچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەرگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنىڭ بىر قىسمىنى، بولۇپمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان خىرىستىيانلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا روشەن دەلىللەر ۋە كەسكىن ھۆججەتلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مېنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتكەن چاغدا، جېنىمدىن كۆپ بىزار بولدۇم ۋە ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مېنى يالغانغا چىقىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم، بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن>». 2. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، يەھۇدىيلاردىن بىر جامائە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «تەۋراتنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامسەن؟» دەپ سوراشتى، رەسۇلۇللاھ: «ئېتىراپ قىلىمەن» دېۋىدى، يەھۇدىيلار: «بىزنىڭ ئىشىنىدىغىمىز دەل مۇشۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (قۇرئانغا) تولۇق

ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر».

**تەپسىرى:** 67. «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ». بۇ، شان - شەرەپكە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغان بىر خىتابتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ئەڭ شەرەپلىك سۈپەت بولغان «پەيغەمبەرلىك» سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلدى. يەنى ئى پەيغەمبەر! ھېچكىمدىن قورقماستىن ۋە ساڭا ھەرقانداق بىر يامانلىق يېتىپ قېلىشىدىن قىلچە ئەندىشە قىلماستىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر ئۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر نەرسىنى يوشۇرساڭ، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن زىممەڭگە يۈكلەنگەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن». بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىي قانۇنلىرىدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى يوشۇرماسلىقلىرى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىلىم ساھەسىدە يېتىشىپ چىققانلارغا تەلىم - تەربىيە بەرمەكتە. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە

ھەرقانىداق بىر زىيانكەشلىكتىن سالامەت ساقلايدىغانلىقىغا دائىر بىر ۋەدىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا سېنى دۈشمەنلىرىڭدىن قوغدايدىغانلىقىغا دائىر ۋەدە بەرمەكتە، ئۇنداقتا ئۇلاردىن قورقۇشقا سېنىڭ يەنە قانداق ئۆزرەڭ بار؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئىلگىرى مۇھاپىزەتچىلەر تەرىپىدىن قوغدىلاتتى، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر تەرىپىدىن قوغدىلىشتىن ۋاز كېچىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى». ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر، ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ئاللاھ تائالا كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنۋەتكەن كىشى ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايدۇ. 68. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىنىدا بولغان بولمايسىلەر>. پەرۋەردىگارىڭدىن نازىل قىلىنغان ئەھكاملار ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق ۋە كۇپرىنى ئاشۇرىدۇ، كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن (چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر)»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئاشۇ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر تەۋراتتىكى، ئىنجىلدىكى ھۆكۈملەر بويىچە ئەمەل قىلمىغۇچە ۋە شۇ ھۆكۈملەرنى تولۇق ئىجرا قىلمىغۇچە، شۇنداقلا سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ (ئىبنى ئابباسقا كۆرە، شانلىق قۇرئاننىڭ) قانۇن - ئەھكاملىرىغا بىجانىدىل ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ھەرگىزمۇ

ئېتىبارىغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشمۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلغانلىق بولىدۇ». بۇ جۈملىنىڭ بېشىدىكى «اللام» قەسەمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئى مۇھەممەد! قەسەم قىلىمەنكى، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ شانلىق قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە سېنى يالغانغا چىقىرىش، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلىش، كۇپۇرلۇق ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، شۇڭا كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ كونىدىنلا ئادىتى ۋە خۇي - پەيلىدۇر. بۇ ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ قايغۇرۇشىنى ھېچقاچان مەنئى قىلمايدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 69. «مۆمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن، شۇنداقلا ناسارالاردىن ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر»، يەنى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى چىن دىلىدىن تەستىق قىلغۇچى مۇسۇلمانلاردىن، يەھۇدىيلاردىن، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچى بىر تۈركۈم خىرىستىيانلار ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان خىرىستىيانلاردىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەرقانداق بىر شەك - شۈبھىدىن خالىي ھالدا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا نە ئىنسانلارغا كۆرستىلىدىغان قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالىدىن قورقۇش، نە قىيامەتتە ئاللاھ

تائالانىڭ مول مۇكاپاتىنى كۆرگەندىن كېيىن دۇنيادا قىلىپ قالغان نەرسىلەرگە قايغۇرۇش يوقتۇر. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇنداق دېگەنلىك، ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ھەر بىر پىرقىگە (ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەل قىلىش دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانلار ۋە بارلىق جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەچكە، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ماس ھالدا ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر) كەلگۈسىدىن غەم قىلىش، كەتكەنگە قايغۇرۇش يوقتۇر. 70. «بىز بەنى ئىسرائىلدىن ھەقىقەتەن چىن ئەھدە ئالدۇق. ئۇلارغا (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئەھكامنى ئېلىپ كەلسە، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر بۆلۈكىنى يالغانچى قىلدى، بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردى» ، يەنى بىز يەھۇدىيلاردىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىدىغانلىقلىرىغا دائىر مۇستەھكەم ئەھدە ئالدۇق. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ بايانلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىدىن ئالغان ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقىرىش ۋە بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلىقلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەھۇدىيلار ئەنە شۇ خىيانەتكار ئەجدادلىرىنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى بىلەن كۆتۈرگەن ئىسيانلىرى بۇلارنىڭ يېڭىدىن ئىجاد قىلغان ئىشلىرى ئەمەس. بۇنداق ناچار قىلمىشلار ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئادەتلىرى بولۇپ، بۇلارغا مىراس قالغان. ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە

دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ نەپس - خاھىشلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ماس كەلمەيدىغان بىرەر ئەھكامنى ئېلىپ كەلسە، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر بۆلۈكىنى يالغانچى قىلدى، بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردى. بەيزاۋىغا كۆرە، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن بىر ھادىسىنى گويا ھازىر يۈز بېرىۋاتقاندەكلا تىڭشىغۇچىنىڭ زېھنىدە نامايەن قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھادىسىسىنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، ئۆتمۈشتىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ۋە ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدىكى بوغۇملارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن، «قىتلىوا <ئۆلتۈرۈشتى>» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا «يىقتىلون <ئۆلتۈرۈشىدۇ>» دېگەن ئىبارىسى قوللىنىلغان. 71. «ئۇلار (بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن) ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلىدى. ئۇلار كور بولدى (ھەقىقەتنى كۆرمىدى)، ئۇلار گاس بولدى (ھەقىقەتنى ئاڭلىمىدى)، ئاندىن كېيىن (ئۇلار تەۋبە قىلدى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە (ھەقنى كۆرۈشتىن) كور بولدى، يەنە (پەند - نەسىھەت ئاڭلاشتىن) گاس بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە مۆھلەت بەرگەنلىكىگە ئالدىنىپ، پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يالغانغا چىقارغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر ئازاب - ئوقۇبەت ۋە مۇسىبەتكە دۇچار بولمايدىغانلىقىنى گۇمان قىلىشتى، ئۇلار بۇزغۇنچىلىق ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، نە ھەقىقەتنى كۆرمىدى،

نە ھەقىقەتنى ئاڭلىمىدى. ئايەتتە يەھۇدىيلار كور ۋە گاسلارغا ئوخشىتىلغان، چۈنكى ئۇلار دىنغا توغرا نەزەر تاشلاشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن، دىندا توغرا يول تاپالمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار تەۋبە قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ ئايەتتە قىسقارتما ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «ئۇلارنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋبە قىلدى، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.» ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە ھەقىقەت ئايدىڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرۈشتىن كور ۋە پەند - نەسىھەت ئاڭلاشتىن گاس بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئايەت، يەھۇدىيلار ئۈچۈن تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى باتىل ئېتىقادلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 72. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىيسا: <ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (ئاللاھ تائالادىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ> دېدى» ، يەنى شۈبھىسىزكى، «ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسادۇر» دېگۈچىلەر كاپىر بولدى. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، ئاللاھ تائالا ئىلگىرى يەھۇدىيلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغاندى، بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالا

خىرىستىيانلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىشقا ۋە باتىل سۆزلىرىنى رەت قىلىشقا باشلىدى. بۇلار ھەزرىتى مەريەمنىڭ بىر ئىلاھ تۇغقانلىقىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسانىڭ زاتىغا چۈشۈپ بىرلەشكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان «يەقۇبىي خىرىستىيانلىرى»دۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق سۆپەتلەردىن پاكتۇر، ئۈستۈندۇر ۋە بۈيۈكتۇر. ھالبۇكى ئىيسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مەنمۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاشلا بىر بەندىمەن، سىلەر پۈتكۈل شەيئىلەر بويسۇنىدىغان، مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ھەممىسى باش ئېگىدىغان ھەم مېنىڭ ياراتقۇچۇم ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋاقلىق ۋاقتىدا قىلغان تۇنجى سۆزى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىمەن»دۇر. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان «مەن ئاللاھ تائالا بولىمەن»، نە «مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى بولىمەن» دېمىگەن. دەل ئەكسىچە: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (قىلىدۇ)» دېگەن. قۇرتۇبىغا كۆرە، ئاللاھ تائالا خىرىستىيانلارنىڭ شۇ ئېتىقادلىرىنى كەسكىن دەلىل بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى ئىيسا: <ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار> دېدى». ئەگەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا: «ئى پەرۋەردىگار» ۋە «ئى ئاللاھ!» دەپ خىتاب قىلغاندا، ئۆزىنى قانداق چاقىرىدۇ ۋە ئۆزىدىن قانداق سورايدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش، ئەلۋەتتە. كىمكى ئاللاھ تائالادىن غەيرىگە ئىلاھ

دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى مەڭگۈلۈك ھارام قىلىدۇ، چۈنكى جەننەت ئاللاھ تائالانى يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ يۇرتى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايى جەھەننەمنىڭ ئوتىدۇر. زالىملارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان نە بىرەر مەدەتكار، نە بىرەر ياردەمچى بولمايدۇ. 73. «<ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر> دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»، يەنى «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر» دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بۇ سۆز، ئۆزلىرىنى «نەستۇرىيە» ۋە «مەلكانىيە» دەپ ئاتىۋالغان خرىستىيان گۇرۇپپىلىرىغا ئائىتتۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ئىلاھلىق ئېتىقاد مەپكۇرىسىغا ئاساسەن، «ئىلاھلىق ئاللاھ تائالا، ئىيسا ۋە مەريەم ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھتۇر» دېيىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ: «دادا، بالا ۋە روھۇل قۇددۇس» دېگەن سۆزلىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر.[1] ھالبۇكى، كائىناتتا بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ

[1] سۇددىغا كۆرە، بۇ ئايەت، خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى ئاللاھ تائالا بىلەن بىرگە ئىككى ئىلاھ، ئاللاھ تائالانى بولسا ئۈچىنچى ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلىۋېلىشلىرى توغرىسىدا نازىل بولغان. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، خرىستىيانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا: ئاللاھ بىر جەۋھەر ۋە «دادا، ئوغۇل ۋە روھۇل قۇددۇس»تىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھ بولۇپ، بۇ ئۈچ ئىلاھنىڭ ھەممىسى بىر ئىلاھتۇر. بۇ گويا قۇياشنىڭ نۇر، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشايدۇ. قىسقىسى خرىستىيانلار، «دادا، ئوغۇل ۋە روھۇل قۇددۇسنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن ئىلاھ» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ قىلچە ئەقىلغە سىغمايدىغان باتىل ئېتىقاد ئىكەنلىكى، ئۈچ ئىلاھنىڭ بىر ئىلاھ بولمايدىغانلىقى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان.

ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا يەككە - يېگانە بولۇپ، شېرىكى ۋە ئوخشىشى بولۇشتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر. ئەگەر ئۇلار «ئاللاھ تائالا ئۈچ ئىلاھتۇر» دېگەن باتىل ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمىسە، شۇنى بىلىشلىرى لازىمكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.

74. «ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلمامدۇ؟ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». بۇ يەردىكى سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇلار تېخىچە باتىل ئېتىقادلىرى ۋە يالغان - ياۋىداقلىرىغا خاتىمە بەرمەي، ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈپ بىرلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى بىلجىرلاشلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشمامدۇ؟ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشمامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە مەرھەمەت قىلىدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، «ئۇلار تەۋبە قىلمامدۇ؟» جۈملىسىدىكى سوئال، ئۇلارنىڭ كۇپرىلىق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقلىرىغا ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

75. «مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن»، يەنى مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەت ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە

ئوخشاش بىر پەيغەمبەردۇر، ئاللاھ تائالا بىر قىسىم روشەن مۆجىزىلەرنى بەزى پەيغەمبەرلەرگە خاس قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بىر قىسىم مۆجىزىلەرنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ خاس قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغان بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىغىمۇ ھەيران قالارلىق ـ تاشلىغان ھامان مىڭۋاتقان ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان خۇسۇسىيەت ئاتا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالام دادىسىز يارىتىلغان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ ھەم دادىسىز ھەم ئانىسىز يارىتىلغان. بۇ ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ھەقىقەتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن مۆجىزىلەردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرى ۋە ئىجرائاتلىرىنىڭ ۋاسىتىلىرىدۇر، خالاس. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل بىر ئايال بولۇپ، ئانا - بالا ئىككىسىمۇ تاماق يەيدۇ ۋە باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ يەردە، تاماق يەيدىغان بىر ئىنساننىڭ چوقۇم يېگەنلىرىنى چىقىرىشقا موھتاج ئىكەنلىكىگە لەتىپىلىك ھالدا بىشارەت بېرىلگەن. ئەجەبا بۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىگە قانداقلارچە ئىبادەت قىلىنىدۇ؟ ياكى ئۇنى قانداقمۇ ئىلاھ دېگىلى بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىنىڭ باتىللىقىغا قانداق روشەن دەلىللەرنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن. بۇ ئايەت، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ ھالىنىڭ تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن يەنە

كۆڭلىنى نىسپىدىكى قۇياشتىنمۇ روشەن بولۇشىغا قارىماي، بۇ باياناتلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ يەنىلا ھەقنى ئاڭلاش ۋە ھەق توغرۇلۇق پىكىر - تەپەككۇر قىلىشتىن قانداق باش تارتىۋاتقانلىقىغا قارىغىن. 76. «(ئى مۇھەممەد!) <سىلەر ئاللاھ تائالادىن باشقا، سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟> دېگىن. ئاللاھ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى ئى مۇھەممەد! «سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ، سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن.[1] سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ئەھۋالىڭلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىپ تۇرغۇچى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. بۇ ئايەت، ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قىلچە قۇربى يەتمەيدىغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن خىرىستىيانلارنى ئەيىبلەيدۇ. 77. «(ئى مۇھەممەد!) <ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار>» دېگىن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار ۋە

[1] ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، جانابى ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرگە ئاساسەن بايان قىلىپ، خىرىستىيانلارنى تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قىلچە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاندىن، ئۆزىگە يەتكەن بىرەر زىياننى ئۆزىدىن دەپئى قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىغان بىر كىشى، سىلەرگە يەتكەن زىياننى سىلەردىن ھەرگىزمۇ دەپئى قىلالمايدۇ دەپ ئۇلارنى باشقا بىرخىل ئۇسلۇبتا ئەيىبلىدى.

خىرىستىيانلار جامائەسى! دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئاتا - بوۋىلىرىڭلارغا ئوخشاشلا ‹ئىيسا ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلىدۇر› دەپ ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار». قۇرتۇبىغا كۆرە، يەھۇدىيلار «ئىيسا زىنادىن بولغان» دەپ تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، خىرىستىيانلارمۇ «ئىيسا ئىلاھتۇر» دەپ ھەددىدىن ئېشىشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى پىتنە - پاسات ئىچىپ ئازدۇرغان ۋە ھەم توغرا ھەم روشەن يولدىن ئاداشقان ئاتا - بوۋىلىرىڭلار بىلەن كاتتىلىرىڭلارنىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ يەردە «ئېزىپ كېتىشتى» پېئىلىنىڭ تەكرارلىنىشى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «ئېزىپ كېتىش» ۋە «ئازدۇرۇۋېتىش»تىن، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ گۇمراھلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقلىرى ۋە شۇ يولدا ماڭغانلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 78. «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن (زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى»، يەنى ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن كاپىر بولغانلارنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا لەنەت قىلغاندۇر. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئۇلار بارلىق تىللاردا لەنەتلەنگەن بولۇپ، جۈملىدىن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تەۋراتتا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا زەبۇردا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىنجىلدا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قۇرئان

كەرىمدە لەنەتلەنگەن. مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، يەھۇدىيلار شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغاندىن كېيىن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىلگەنلەر بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوشقىلارغا ئايلىنىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق لەنەتكە ئۇچرىشى، ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەبىھ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 79. «ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» ، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان قەبىھ قىلمىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەت، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى قەسەم قىلىپ بايان قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايدىغان مۆمىنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن، گويا ئۆزلىرى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە بۇ ھەقتە ئىسلامنىڭ يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇدىغان ھېچقانداق بىر ئەمرى يوق، دېگەندەك بىر تۇيغۇم چىقىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتا ھەمپىكىر بولۇپ، يامان ئىشلارنى

ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشاتتى ۋە بىر - بىرىنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسمايتتى، ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە ئاساسلانغاندا، بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالغاندا ئۇنى مەخپىي تۇتۇش كېرەك: «ئاراڭلاردىن كىملەركى بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالسا، ئۇنى مەخپى تۇتسۇن» دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، گۇناھ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنسا ۋە ئىنسانلارمۇ بۇنى ئەيىبلەشنى مۇۋاپىق تاپسا، ئۇنداقتا شۇ گۇناھقا تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭ يېيىلىشىغا ۋە كۆپىيىپ كېتىشىگە تەشۋىق قىلغانلىق بولىدۇ. 80. «ئۇلار (يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى (رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن، مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر». يەنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ۋە مۆمىنلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىدىن، مۇشرىكلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ يەردە، كەئب ئىبنى ئەشرەف ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتتە قايتىپ بارىدىغان جايى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بۇ ئەمەللەر تۈپەيلى تارتىدىغان جازالىرى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچراشلىرى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. 81. «ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمايتتى،

لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر»، يەنى ئەگەر ئاشۇ يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆزلىرىگە كەلگەن كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مۇشرىكلارنى دوست تۇتمىغان بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ئىماندىن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەن پاسىقلاردۇر.

**ئىلاۋە:** بىر قىسىم تەتقىقاتچى ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) <سىلەر ئاللاھ تائالادىن باشقا سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟> دېگىن» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېيىشىدۇ: ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولغان يەردە، سىزنىڭچە، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ ئۇ ئىنسانلارغا بىرەر پايدا - زىيان يەتكۈزەلەرمۇ؟

**ئەسكەرتىش:** ئىبنى كەسىرگە كۆرە، «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال» دېگەن ئايەت، ھەرگىزمۇ ئىبنى ھەزم ۋە باشقىلارنىڭ دەۋا قىلغىنىدەك، ھەزرىتى مەريەمنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. دەرۋەقە، ئىبنى ھەزم ۋە ئۇنىڭ قارىشىنى ياقلايدىغان باشقا كىشىلەر، پەرىشتىلەرنىڭ ھەزرىتى سارە ۋە ھەزرىتى مەريەم بىلەن گەپلەشكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ھەزرىتى سارە، ھەزرىتى مەريەم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ئىدى دەپ قارىشىدۇ. كۆپلىگەن ئۆلىمالار بولسا، «سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق» دېگەن ئايەتكە

ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، پەقەت ئەرلەرلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن دەپ قارايدۇ. ئەشئەرىگە كۆرە، بۇ ھەقتە بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىردەك.

لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلَّذِينَ
أَشۡرَكُواْۖ وَلَتَجِدَنَّ أَقۡرَبَهُم مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ
قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّ مِنۡهُمۡ قِسِّيسِينَ وَرُهۡبَانٗا
وَأَنَّهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ٨٢ وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ
تَرَىٰٓ أَعۡيُنَهُمۡ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمۡعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلۡحَقِّۖ
يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ٨٣ وَمَا لَنَا
لَا نُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡحَقِّ وَنَطۡمَعُ أَن يُدۡخِلَنَا
رَبُّنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ٨٤ فَأَثَٰبَهُمُ ٱللَّهُ بِمَا قَالُواْ
جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ
جَزَآءُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٨٥ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ
أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ٨٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا
تُحَرِّمُواْ طَيِّبَٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا
يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ٨٧ وَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ٨٨ لَا يُؤَاخِذُكُمُ
ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ
ٱلۡأَيۡمَٰنَۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطۡعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنۡ أَوۡسَطِ
مَا تُطۡعِمُونَ أَهۡلِيكُمۡ أَوۡ كِسۡوَتُهُمۡ أَوۡ تَحۡرِيرُ رَقَبَةٖۖ
فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٖۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيۡمَٰنِكُمۡ

إِذَا حَلَفۡتُمۡۚ وَٱحۡفَظُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ
ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٨٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا
ٱلۡخَمۡرُ وَٱلۡمَيۡسِرُ وَٱلۡأَنصَابُ وَٱلۡأَزۡلَٰمُ رِجۡسٞ مِّنۡ عَمَلِ
ٱلشَّيۡطَٰنِ فَٱجۡتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّمَا يُرِيدُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةَ وَٱلۡبَغۡضَآءَ فِي ٱلۡخَمۡرِ
وَٱلۡمَيۡسِرِ وَيَصُدَّكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِۖ فَهَلۡ
أَنتُم مُّنتَهُونَ ﴿٩١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَٱحۡذَرُواْۚ
فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٩٢﴾
لَيۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جُنَاحٞ فِيمَا
طَعِمُوٓاْ إِذَا مَا ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَواْ
وَّءَامَنُواْ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّأَحۡسَنُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٩٣﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَيَبۡلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلصَّيۡدِ
تَنَالُهُۥٓ أَيۡدِيكُمۡ وَرِمَاحُكُمۡ لِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ
بِٱلۡغَيۡبِۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٩٤﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡتُلُواْ ٱلصَّيۡدَ وَأَنتُمۡ حُرُمٞۚ وَمَن
قَتَلَهُۥ مِنكُم مُّتَعَمِّدٗا فَجَزَآءٞ مِّثۡلُ مَا قَتَلَ مِنَ ٱلنَّعَمِ
يَحۡكُمُ بِهِۦ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ هَدۡيَۢا بَٰلِغَ ٱلۡكَعۡبَةِ أَوۡ
كَفَّٰرَةٞ طَعَامُ مَسَٰكِينَ أَوۡ عَدۡلُ ذَٰلِكَ صِيَامٗا لِّيَذُوقَ
وَبَالَ أَمۡرِهِۦۗ عَفَا ٱللَّهُ عَمَّا سَلَفَۚ وَمَنۡ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ
مِنۡهُۚ وَٱللَّهُ عَزِيزٞ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٩٥﴾ أُحِلَّ لَكُمۡ صَيۡدُ ٱلۡبَحۡرِ
وَطَعَامُهُۥ مَتَٰعٗا لَّكُمۡ وَلِلسَّيَّارَةِۖ وَحُرِّمَ عَلَيۡكُمۡ صَيۡدُ

ٱلْـبَرِّ مَـا دُمْتُـمْ حُرُمًـاۗ وَٱتَّقُـواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ إِلَيْـهِ تُحْـشَرُونَ ﴿٩٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ گۇمراھلىق ھەم قىڭغىرلىق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىشتا مۇشرىكلاردىن قىلچە قېلىشمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىرىستىيانلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلمىي ۋە مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇ. ئاخىرىدا، ئەھلى كىتابقا مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرە ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، شەرئىي ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە باشلايدۇ ۋە شۇ ھۆكۈملەردىن قەسەمنىڭ كاپارىتى، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشى ھەمدە ئېھراملىق ھالەتتە ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسىنى بايان قىلدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن گۆش يېگەندە ئاياللارغا قارىتا نەپسىم قوزغىلىپ كېتىپ، شەھۋىتىمنى يىغالمەيمەن، شۇڭا مەن گۆشنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم» دېدى، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

2. ئەنەس ئۆزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ھاراق ھارام قىلىنغان كۈنى مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەرگە ساقىيلىق قىلىۋاتاتتىم، ئۇلارنىڭ ھاراقلىرى پەقەت ئۈزۈم ۋە تۇرلۇك خورمىلاردىن ياسالغان ھاراقلار ئىدى. توساتتىنلا بىر كىشى: «ھاراق ھارام قىلىندى» دەپ ئىندا قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە ماڭا: «بۇ ھاراقلارنى ئاپىرىپ تۆكۈۋەتكىن» دېدى. ئاندىن ھاراقلار مەدىنىنىڭ كوچىلىرىغا تۆكۈۋېتىلدى. بەزىلەر: «قارىنلىرىدا ھاراق بار تۇرۇپ شەھىد بولغانلار بار (ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟)» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 82. «(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز خرىستىيان دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، خرىستىيانلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر». بۇ جۈملىنىڭ بېشىدىكى «لام» قەسەمنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى مۇھەممەد! قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسانلار ئارىسىدا يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، «بىز خرىستىيانلارمىز» دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ

چوقۇم بايقايسەن. بۇ ئايەت ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. زەمەخشەرىيگە كۆرە، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەرسالىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا خىرىستىيانلارنىڭمۇ خاراكتېرلىرى سەۋەبلىك ئىسلامغا مايىل بولۇشلىرىنىڭ قولايلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مۆمىنلەرنى دۈشمەن تۇتۇشتا يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىڭ بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا يەھۇدىيلارنى مۇشرىكلاردىن بۇرۇن زىكىر قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە بولغان دۈشمەنلىكلىرىنىڭ مۇشرىكلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زىيادە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. بۇ قىسىمدا، خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشتا يەھۇدىيلارغا ئوخشاش تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، كەمتەرلىك، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىش، شۇنداقلا شەھۋەتپەرەسلىكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئوخشىغان سۆز - ھەرىكەتلەر كاپىر تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردۇر. 83. «ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: <رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن» ، يەنى مۆمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ

ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، قەلبلىرىنىڭ يۇمشاقلىقىدىن، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «رەببىمىز، بىز ھەم سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى تەستىق قىلدۇق ھەم كىتابىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرگە شاھىت بولىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى قاتارىدا قىلغىن» ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتلەر نەجاشى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. ھەبەشىستاندا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب نەجاشى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان چاغدا، ئۇلار (ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ) شۇنداق يىغلىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا كۆز ياشلىرى ئۇلارنىڭ ساقاللىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتكەن. 84. «بىز نېمىشقا ئاللاھ تائالاغا ۋە بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز>»، يەنى بىزگە توغرا يولنىڭ نېمىلىكى بىلەن روشەن ھەقىقەت ئوپئوچۇق ئايان بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئاللاھ تائالاغا ۋە بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ئۇلار بۇنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەيىبلىگەن يەھۇدىيلارغا رەددىيە سۈپىتىدە سۆزلىگەن. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىنىڭ تولىمۇ غەلىتە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى

سۈرەتلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. 85. «بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ» ، يەنى ئىمان ئېيتقانلىقلىرى، تەستىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردىن باشقا يەرگە ھەرگىزمۇ يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ. ئاقكۆڭۈل ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ساۋاب بىلەن مۇكاپات ئەنە شۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 86. «كاپىر بولغانلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر» ، يەنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا ئازابقا دۇچار بولغۇچىلاردۇر. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، تەرغىبات بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بىرلىكتە بايان قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى تەستىق قىلغۇچىلارنىڭ دەل قارشى تەرىپىدە تۇرغان ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇ ئايەتتە بايان قىلدى. 87. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركىدۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» ،

يەنى ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى تەركىدۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىپ، «بۇلارنى ئۆزىمىزگە ھارام قىلدۇق» دەپ لەززەتلىك نېمەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى مەھرۇم قىلماڭلار. تەبەرىينىڭ ئىكرىمەدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىش، گۆش يېمەسلىك ۋە ئاياللار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشكە نىيەت قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. ھالالنى ھارام قىلىش بىلەن ئاللاھ سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن ھالال چەكلىمىسىدىن ئاشماڭلار، چۈنكى ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا چاقىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 88. «ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»، يەنى ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، ئىچىڭلار. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا كۆرە، مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ھالال بولغان يېمەك - ئىچمەك، ئايال قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇڭلار» ئىنساننىڭ ئەڭ زور ئېھتىياجى يېمەك - ئىچمەك بولغانلىقتىن، بۇ يەردە يەپ - ئىچىش ئالاھىدە زىكىر قىلىنغان. سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. بۇ ئايەتتە، ئىنسانلار ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا چاقىرىلماقتا. ئاللاھ تائالا گويا مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا سۇسلۇق قىلىپ

ئىمانىڭلارنى زايە قىلىۋەتمەڭلار، بولمىسا كېيىن كۆپ پۇشايمانغا قالىسىلەر» ، چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئاللاھ تائالادىن پەۋقۇلئاددە قورقۇش ۋە دائىما تەقۋادارلىقنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. 89. «ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. (مۇنداق قەسىمىڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم.[1] بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسىمىڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر، قەسىمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (كەلسە - كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ» ، يەنى ئاللاھ سىلەرنى «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى» دېگەندەك قەسەم قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، سەۋەنلىكتىن ئاغزىڭلاردىن چىقىپ كەتكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن ۋە نىيەت قىلغان قە- سىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، مۇنداق قەسىمىڭلارنى

[1] ھەنەفىيلەر بىلەن ھەنبەلىيلەرگە كۆرە، ئۈچ كۈن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش شەرتتۇر. شافىئىي بىلەن مالىكىيغا كۆرە، ئۈچ كۈن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس. تەبەرىگە كۆرە، ئۈچ كۈن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتسىمۇ ياكى ئايرىلاپ روزا تۇتسىمۇ ئۈچ كۈن روزا تۇتسىلا بولىۋېرىدۇ.

بۇزساڭلار، ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇش. ئىبنى ئاbbاسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئائىلەڭلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئۇلارنى غىزالاندۇرۇڭلار». ئىبنى ئۆمەرگە كۆرە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق نان بىلەن خورما، ياكى نان بىلەن قۇرۇق ئۈزۈمدۇر، ئائىلىمىزگە بېرىدىغان ئەڭ ياخشى تاماق بولسا نان بىلەن گۆش. ياكى ئۇنىڭ كاپارىتى شۇ ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر قۇر كىيىم بېرىش، ياكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىش. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، قەسەمنى بۇزغان كىشىنىڭ مىسكىنلەرنى غىزالاندۇرۇش، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش ۋە قۇل ئازاد قىلىشتىن قايسىسىنى تاللىسا شۇنى قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئورتاق قاراشقا ئىگە. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر، قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار ۋە زۆرۈر تېپىلمىسا كەلسە - كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار. ئىبنى ئاbbاسقا كۆرە، «قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار» دېمەك، قەسەم قىلماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ. ئىبنى جەرىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «قەسەمڭلارنى بۇزغان تەقدىردە ئۇنىڭ كاپارىتىنى بەرمەي قويماڭلار» ئاللاھ تائالا سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغانلىقى ۋە سىلەرنى توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ شەرئىي ھۆكۈملەرنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ. 90. «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش،

بۇتلار (چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار»، يەنى ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئادەمنى مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسى «هاراق» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەرەبلەر جاهىلىيەت دەۋرىدە ئوينىغان قىمار بولسا «مەيسىر» دېيىلىدۇ. ئەرەبچىدە چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار «ئەنساب»، بەيتۇللاهنىڭ ۋە بۇتلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ يېنىدىكى پال ئوقلىرى «ئەزلام» دېيىلىدۇ. ئىبنى ئابباس بىلەن مۇجاهىدقا كۆرە، يېنىدا قۇربانلىق قىلىنىدىغان تاشلار «ئەنساب»، پال سېلىنىدىغان پال ئوقلىرى «ئەزلام» دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئەقىلنى بۇلغايدىغان نىجىس ۋە پاسكىنا قىلىقلار، شەيتان چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن يىرگىنچلىك ئىشلاردۇر. كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بۇنداق نىجىس ۋە پاسكىنا قىلىقلاردىن قول ئۈزۈپ يىراق بولۇڭلار. 91. «شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟»، يەنى شەيتان ئەنە شۇنداق پاسكىنا قىلىقلار ۋە هاراق، قىمار ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، شەيتان هاراق ۋە قىمار ئارقىلىق سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك جانىجان مەنپەئەتىڭلار بولغان ئاللاهنى ياد ئېتىشتىن،

دىنىڭلارنىڭ تۈۋرۈكى بولغان نامازدىن توسىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، ئاللاھ تائالا ھاراق بىلەن قىماردا بىرى دۇنيالىق، يەنە بىرى ئاخىرەتلىك ئىككى تۈرلۈك ئاپەتنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. دۇنيالىق ئاپەت بولغىنى شۇكى، ھاراق بۇزغۇنچىلىقنىڭ تۇخۇمىنى ئۈندۈرۈپ، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك قوزغايدۇ، ئىچكۈچىلەرنىڭ ئارىسىغا پىتنە ئۇرۇغىنى چېچىۋېتىدۇ. قىمارغا كەلسەك، بىراۋ قىمار ئويناشقا كۆنۈپ قالغىنىدا، تاكى يالىڭتۆش بولۇپ قالغانغا قەدەر بارلىق پۇل - مېلىنى قىمارغا خەجلەپ بۇزۇپ - چاچىدۇ. نىھايەت پۇل - مېلى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى قىمارغا تىكىدۇ. ھاراق ئىنساننى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال قىلىپ كەيپلەندۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئىچكەن كىشىنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ناماز ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھاراقنىڭ مەسىلىسىمۇ قىمار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قىمار ئوينىغۇچى مەيلى يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن، قىمار ھامان ئۇنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. سىلەر ئەمدى ھاراقتىن، قىماردىن يانمامسىلەر؟ دېگەن جۈملە سوئال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، مەنىسى بۇيرۇق شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن. يەنى سىلەر ئەمدى ھاراقتىن، قىماردىن قول ئۈزۈڭلار! شۇ ۋەجىدىن، ھەزرىتى ئۆمەر «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز قول ئۈزدۇق، بىز قول ئۈزدۇق» دېگەن. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ سوئال ئەڭ بەدىئىي چەكلىمە ئىپادىلىرىدىن بولۇپ، گويا مۇنداق دېيىلگەن: «قول ئۈزمىسەڭلار زادى بولمايدىغان ھاراق بىلەن قىمارنىڭ بالايىئاپەتلىرى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭدىن قول ئۈزەمسىلەر ياكى ئۈزمەمسىلەر

ئىختىيارىڭلار». 92. «ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر»، يەنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئەمەل قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەرنى ھىدايەت تاپقۇزۇش رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر. قىلمىشلىرىڭلارغا قارىتا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىشنى بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغانمىز. تەبەرىگە كۆرە، بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن باش تارتقانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنۇلارنى بايان قىلدۇ: «سىلەر مەن ئەمر قىلغان ۋە نەھيي قىلغان ئىشلاردىن باش تارتساڭلار، مېنىڭ ئازابىمنى كۈتۈڭلار، مېنىڭ ئازابىمدىن ھەزەر ئەيلەڭلار». ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەتتە ناھايىتى روشەن ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار، چۈنكى ئايەت «سىلەرنى جازالاشنى پەيغەمبەر ئەمەس، دەل ئەكسىچە شۇ جازانى ئەۋەتكۈچى ئۆز ئۈستىگە ئالغان» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. 93. «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام

دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»، يەنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ھاراق ھارام قىلىنغان ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بەزىلەر: «ھاراق ئىچكەن ۋە قىمار ئوينىغان پېتى ئۆلۈپ كەتكەن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق گۇناھ قىلىش ۋە ئەيىبلىنىشنىڭ پەقەت ئاسىيلىق قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بولسا ئاسىيلار قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاچانكى ئۇلار ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، يېگەن ـ ئىچكەن نەرسىلەردە ئۇلار ئۈچۈن گۇناھ يوقتۇر. ھارام قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ساقلىنىپ تۇرۇپ ئىزچىل تۇردە ئاللاھ تائالادىن قورققان، ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھەزەر ئەيلىگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان تەقدىردە، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنلاشقۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا تەقۋادارلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى؛ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىرىنچى دەرىجىلىك تەقۋادارلىق شېرىكتىن ساقلىنىش، ئىككىنچى دەرىجىلىك

تەقۋادارلىق گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن ساقلىنىش، ئۇچىنچى دەرىجىلىك تەقۋادارلىق گۇناھ - مەسىيەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەكرۇھ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشتۇر». 94. «ئى مۆمىنلەر! كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلارنى بىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇ قىينىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەر ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگىنىڭلاردا، كىچىكلىرى قولۇڭلار بىلەن، چوڭلىرى نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ ئايەت ھۇدەيبىيە يىلى نازىل بولغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئوۋ ھايۋانلىرى بىلەن سىنىغان. دەرۋەقە ئۇلاغلىرىغا مىنگەن ھالىتىدە ئوۋ ھايۋانلىرىنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ ياكى نەيزىلىرى بىلەن يارىلاندۇرۇپ ئوۋلاشلىرى مۇمكىن ئىدى. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، ئوۋچىلىق ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشلىرىنى قامداشتىكى مۇھىم رىزقلىرىنىڭ ۋە زوقلىنىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئوۋچىلىق ھەققىدە نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە گۈزەل قوشاقلارنى يازغانىدى. ئاللاھ تائالا ئىمانى كۈچلۈك بولغانلىقتىن كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلار بىلەن ئىمانى ئاجىز بولغانلىقتىن ئاللاھ تائالادىن قورقمايدىغانلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق سىنايدۇ. كىمكى بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇقتۇرۇشتىن كېيىن ھەددىدىن ئېشىپ ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا، شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇ

قىيىنغۇچى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 95. «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كاپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە (قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ، ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر»، يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋ ھايۋانلىرىنى ھەج ياكى ئۆمرە مۇناسىۋىتى بىلەن ئېھرامدا تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ھايۋانلىرىنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل مۇسۇلمان كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە، قىممىتى ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن قۇربان قىلىش ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كاپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان قۇشقاچ ۋە چېكەتكىگە ئوخشاش ھايۋانلاردىن بولۇپ، قىممىتى تۆگە، كالا ۋە قوينىڭ قىممىتىگە توغرا كەلمىسە، ئۇنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىپ سەدىقە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئېھرامدا تۇرۇۋاتقان كىشى ئۆزى ئۆلتۈرگەن ھايۋانغا توغرا كېلىدىغان بىرەر ھايۋان تاپالمىسا، ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ قىممىتى ھېسابلىنىپ يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋېلىنىدۇ ۋە مىسكىنلەرگە بىر مەزگىل بېرىلىدۇ، ياكى ئېھرامنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىش ئۈچۈن، ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئېھرامدا تۇرۇۋاتقان كىشى ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە ئۇچرايدىغان جازالارنى تەپسىلى بايان قىلدى. مەسىلەن: ئالدى بىلەن تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازالارنى، ئاندىن يېمەك ـ ئىچمەك جازاسى، ئاخىرىدا روزا تۇتۇش جازاسىنى بايان قىلدى. ئىمام مالىك بىلەن كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئېھرامدا تۇرۇپ شىكار قىلغان كىشىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن قايسىسىنى ئىجرا قىلىشنى خالىسا شۇنى ئىجرا قىلىش ئىختىيارلىقى بار. بۇ جۈملىنىڭ «ياكى» دېگەن باغلىغۇچى قوشۇمچىسى بىلەن ئالدىنقى جۈملىگە باغلىنىشىمۇ بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئايەتتىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىنغاندۇر. بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى ئېھرامدا تۇرۇپ قايتىدىن ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرسە، ئاللاھ ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆز ئىشىدا غالىبتۇر، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالىغۇچىدۇر. 96. «سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال

قىلىنىدى، مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىنىدى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار»، يەنى ئى ئىنسانلار! ھەم سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ۋە ئوزۇقلىنىشىڭلار ھەم يولۇچىلارنىڭ سەپەرلىرىدە مەنپەئەتلىنىشى ۋە ئوزۇقلىنىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە بېلىق ۋە يېگىلى بولىدىغان باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ۋە يېيىش ھالال قىلىنىدى، مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىنىدى، سىلەر قىيامەت كۈنى دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ۋە نامە - ئەمەلىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. بۇ ئايەت، تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، بىراق بۇ ئىپادە مەنئى قىلىش ۋە ھارام قىلىش توغرىسىدىكى «ھارام قىلىنىدى» دېگەن ئىبارىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەدىئىيكتۇر. چۈنكى بۇ، ھاراقتىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ گويا ئاللاھ تائالانىڭ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئايىتىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى زىناغا يېقىنلىشىش ھارام بولغان يەردە، زىنا قىلىش ئەلۋەتتە ھارامدۇر. دېمەك، بۇمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

**ئەسكەرتىش:** قۇرئان كەرىمدە شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىللەتلىرى ناھايىتى ئاممىباب قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ يەردىكى ئىللەت بولسا، ناھايىتى تەپسىلىي ھالدا بايان

قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئىللەتلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن ۋە ئۇنى زىكىر قىلىشتىن توسۇش، مۆمىنلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇش قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا يەنە، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ۋە پاسكىنا قىلىقلار ئىكەنلىكىنى، شەيتاننىڭ بىردىنبىر مەقسىتىنىڭ ئىنسانلارنى ئالداش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاراق بىلەن قىمارنىڭ زىيانلىق ۋە خەۋپلىك ئىككى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا شانلىق قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك.

جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ قِيَٰمًا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهْرَ
ٱلْحَرَامَ وَٱلْهَدْىَ وَٱلْقَلَٰٓئِدَ ۚ ذَٰلِكَ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا
فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٩٧﴾
ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ وَأَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩٨﴾
مَّا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا
تَكْتُمُونَ ﴿٩٩﴾ قُل لَّا يَسْتَوِى ٱلْخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوْ
أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ ٱلْخَبِيثِ ۚ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ
لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٠٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَسْـَٔلُوا۟
عَنْ أَشْيَآءَ إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ وَإِن تَسْـَٔلُوا۟ عَنْهَا حِينَ
يُنَزَّلُ ٱلْقُرْءَانُ تُبْدَ لَكُمْ عَفَا ٱللَّهُ عَنْهَا ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ
حَلِيمٌ ﴿١٠١﴾ قَدْ سَأَلَهَا قَوْمٌ مِّن قَبْلِكُمْ ثُمَّ أَصْبَحُوا۟ بِهَا

كَٰفِرِينَ ﴿١٠٢﴾ مَا جَعَلَ ٱللَّهُ مِنۢ بَحِيرَةٖ وَلَا سَآئِبَةٖ وَلَا
وَصِيلَةٖ وَلَا حَامٖ وَلَٰكِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ
ٱلۡكَذِبَۖ وَأَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿١٠٣﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ
إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسۡبُنَا مَا وَجَدۡنَا
عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَآۚ أَوَلَوۡ كَانَ ءَابَآؤُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا وَلَا
يَهۡتَدُونَ ﴿١٠٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيۡكُمۡ أَنفُسَكُمۡۖ لَا
يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا ٱهۡتَدَيۡتُمۡۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗا
فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٠٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
شَهَٰدَةُ بَيۡنِكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ حِينَ ٱلۡوَصِيَّةِ
ٱثۡنَانِ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ أَوۡ ءَاخَرَانِ مِنۡ غَيۡرِكُمۡ إِنۡ أَنتُمۡ
ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةُ ٱلۡمَوۡتِۚ تَحۡبِسُونَهُمَا
مِنۢ بَعۡدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ لَا نَشۡتَرِي
بِهِۦ ثَمَنٗا وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰ وَلَا نَكۡتُمُ شَهَٰدَةَ ٱللَّهِ إِنَّآ
إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡأٓثِمِينَ ﴿١٠٦﴾ فَإِنۡ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسۡتَحَقَّآ إِثۡمٗا
فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَحَقَّ عَلَيۡهِمُ
ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَٰدَتُنَآ أَحَقُّ مِن شَهَٰدَتِهِمَا
وَمَا ٱعۡتَدَيۡنَآ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٧﴾ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ
بِٱلشَّهَٰدَةِ عَلَىٰ وَجۡهِهَآ أَوۡ يَخَافُوٓاْ أَن تُرَدَّ أَيۡمَٰنُۢ بَعۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡۗ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡمَعُواْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿١٠٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئېھرام قىلغۇچىغا ئوۋ ئوۋلاشنىڭ

ھارام ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلغان ۋە ئېھرامدا تۇرۇۋاتقىنىدا قۇش ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغانىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا كەئبىنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقىسى قىلىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى كەئبىگە ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىنى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىگە يەرلەشتۈرگەندۇر، شۇڭا كەئبىدە ھېچكىم ئەزىيەتكە ئۇچرىمايدۇ. ھەرەم قۇشلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلارغىمۇ دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جاي بولغىنىدەك، ئىنسانلار بالايىئاپەتلەردىن ۋە تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەردىن ئەمىنلىككە ئېرىشىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان مۇقەددەس جايدۇر.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەر مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرخىل سوئاللارنى سورايتتى. مەسىلەن: بىرى «مېنىڭ دادام كىم؟» دەپ سورىسا، يەنە بىرى تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ: «مېنىڭ تۆگەم قەيەردە؟» دەپ سورايتتى. ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. 2. ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تەمىم ئەددارىي بىلەن ئەدىي ئىبنى بەددا مەككىگە بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم بەنى سەھم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى ۋە ھېچقانداق بىر

مۇسۇلمان تېپىلمايدىغان يەردە ئۆلدى، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۇلارغا مال - بىساتىنى ئائىلىسىگە بېرىشلىرىنى ۋەسىيەت قىلدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مال - دۇنياسىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى، بىراق ئالتۇن يالىتىلغان بىر كۈمۈش جامنى بەرمىدى. كېيىن بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇلار جامنى كۆرمىگەنلىكى ۋە يوشۇرمىغانلىقىغا قەسەم ئىچىشتى، ئەمما كېيىن بۇ جام مەككىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، جامنى سېتىۋالغۇچىلار: «بىز بۇنى ئەدىي بىلەن تەمىمدىن سېتىۋالدۇق» دېيىشتى. ئاندىن سەھم قەبىلىسىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ مىراسخورلىرىدىن ئىككى ياش شۇ جامنىڭ ئاشۇ يىگىتكە ئائىت ئىكەنلىكىگە «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق» دەپ قەسەم ئىچىشىپ ھېلىقى جامنى ئۆز قولىغا ئالدى. بۇنىڭغا ئاساسەن: «ئى مۆمىنلەر، ئاراڭلاردىن بىركىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن» دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

**تەپسىرى:** 97. «ئاللاھ بەيتۇلھەرەم بولغان كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى، بۇ، ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر»، يەنى ئاللاھ بەيتۇلھەرەم بولغان ئۇلۇغ كەئبىنى

ئىنسانلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ پايدىلىق ۋە ئىسلاھات مەركىزى قىلدى، چۈنكى كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشىنىڭ مەنبەسى، ئىبادەت پاناھگاھى بولۇپ، بىرەر خەۋپكە دۇچ كەلگەن كىشى كەئبىگە ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاجىز كىشى كەئبىدە ئامانلىققا ئېرىشىدۇ، تىجارەتچىلەر كەئبىدە پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، ھەج قىلغۇچىلار بىلەن ئۆمرە قىلغۇچىلار كەئبىگە يۈزلىنىدۇ. (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەب ئايلىرىدىن ئىبارەت) ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنى شۇ ئايلاردا ئىنسانلار ئۇرۇش قورقۇنچىسىدىن ئەمىن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا ھەرەمگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھەم شۇ ھايۋانلارنىڭ ساھىبلىرىنىڭ خاتىرجەملىككە ئېرىشىشلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنىمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بەيتۇلھەرەم، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار، ھەرەمگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق ھايۋانلىرى ۋە قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان قۇربانلىق ھايۋانلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئەمر قىلىشى، ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە سىلەرگە نېمىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلۇغ ھەرەمنى ھەممە نەرسە بىخەتەر ياشىيالايدىغان ئەمىن جاي قىلىپ بەرگەنلىكىنى سىلەرنىڭ

بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. شۇڭا، كۇپۇرلۇق ۋە گۇمراھلىقلىرىغا قارىماي ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئېھسانلىرىغا نەزەر تاشلاڭلار. 98. «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، تەۋبە ۋە ئىتائەت قىلغۇچىلارغا بولسا ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالانىڭ ئازاب قىلىشى سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىسۇن ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكىمۇ سىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويمىسۇن. 99. «پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»، يەنى پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت پەيغەمبەرلىك بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىلىشتۇر. دەرۋەقە پەيغەمبەرمۇ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان. ئەمدى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىغان كىشىنىڭ ئۆزرىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ مەيلى ھال - ئەھۋالىڭلار، مەيلى قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلار بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا ھەرگىزمۇ مەخپىي قالمايدۇ، ئاللاھ تائالا نامە - ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ جۈملىدە تەھدىت بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھەمدە مەيلى ساۋاب جەھەتتىن ياكى جازا جەھەتتىن

بولسۇن، شۇ ئىشلارغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى شۇ بەندىسىگە خەۋەر قىلغان. 100. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، (ئى ئىنسانلار) گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە، ھالال بىلەن ھارامنى، ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنى، ناچار نەرسە بىلەن ياخشى نەرسىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرگەن. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ ئىبارە پۈتكۈل ئىشلاردا ئورتاق بولۇپ، كەسىپلەردە، ئىشلاردا، ئىنسانلاردا، ئىلىملەردە ۋە باشقا خۇسۇسلاردا (شۇ ئىبارىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئەھكاملار) ئورتاق كۆچكە ئىگە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن نىجىس (ھارام) بولغىنى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ھەمدە بۇنداق نەرسە ئاقىۋەتتە ياخشى نەتىجىگىمۇ ئىگە قىلمايدۇ. پاك نەرسە ئاز بولغان تەقدىردىمۇ مەنپەئەتلىكتۇر، قىممەتلىكتۇر ۋە ئاخىرىدا ئېلىپ كېلىدىغان نەتىجىسىمۇ ياخشىدۇر. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، نىجىس بىلەن پاك نەرسىنىڭ ھۆكمى ئاممىۋى بولۇپ، مال ـ مۈلكنىڭ ھالالى بىلەن ھارامى، نامە - ئەمەلىنىڭ ياخشىسى بىلەن يامىنى، ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرى، ئېتىقادلارنىڭ توغرىسى بىلەن ناتوغرىسىمۇ شۇ ھۆكۈمگە تەۋە. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ ھۆكمىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ: «مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى ئاللاھ

تائالانىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۇنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)». ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە ئەبەدىي نېمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. 101. «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)» ، ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان ۋە سىلەر موھتاج بولمايدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق پەيغەمبەردىن سورىماڭلار. زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «پەيغەمبەردىن كۆپ سوئال سورىماڭلار، ئەگەر داۋاملىق شۇنداق قىلساڭلار، نەتىجىدە سىلەرگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇنىڭدىن سورىغان بولىسىلەر، ئەگەر پەيغەمبەرمۇ سىلەر سورىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق پەتىۋا بەرسە ۋە پەتىۋا بەرگەن شۇ ئىشلارنى زىممىڭلارغا يۈكلىسە، بۇ ئەھۋال سىلەرنى بىئارام قىلىدۇ، ئۇلارنى ئورۇنلاش سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ ۋە سورىغانلىقىڭلارغا كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر». ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا شۇ زور

مەسئۇلىيەتلەر توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرنى بىئارام قىلىدىغان شۇ مۇشەققەتلىك مەسئۇلىيەتلەر سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، شۇڭا بۇ توغرۇلۇق سورىماڭلار.[1] ئۆتكەندە زۆرۈر تېپىلمىسىمۇ سورىغانلىرىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنى جازالاشتىن ۋازكەچتى، ئەمدى قايتىدىن ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشنى قىلىپ سالماڭلار. ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى كەڭ، پەزلى ۋە ئېھسانى بۈيۈكتۇر، شۇڭا ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە سىلەرنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.102 . «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبەرلىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىدىن (سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنىپ ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقتىن) كاپىر بولۇپ كەتتى» ، سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋممۇ پەيغەمبەرلىرىدىن شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، كېيىن سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنىپ بەزى مەسئۇلىيەتلەر زىممىلىرىگە يۈكلەنگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، شۇڭا ئاللاھ تائالا: «سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنغان چاغدا ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقتىن كاپىر بولۇپ كەتتى» دېدى. ئىسرائىل

[1] بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە بىلدۈرۈلگىنىدە سىلەرنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق سورىماڭلار، چۈنكى سىلەر سورىغان شۇ ئىش يا ئىجرا قىلمىسا زادى بولمايدىغان بىر شەرئىي مەسئۇلىيەت بولىدۇ، يا سىلەرنى بىئارام قىلىدىغان بىر خەۋەر بولىدۇ. «مېنىڭ دادام قەيەردە؟» دەپ سورىغان ۋە «جەھەننەمدە» دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىراق، قۇرئاندا بىرەر ھۆكۈم نازىل قىلىنسا ۋە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بىر ئىشنى ئەمر قىلسا، ئۇ چاغدا بۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلساڭلار، رەسۇلۇللاھ ئۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئەۋلادلىرى پەيغەمبەرلىرىدىن بەزى مەسىلىلەرنى سورايتتى، سورىغان مەسىلىلەر بايان قىلىنىپ ئەمر قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن ھالاك بولۇپ كېتەتتى.
103. «بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئوننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى)، ۋاسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە)، ھام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) لارغا ئاللاھ (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) بۇيرۇغىنى يوق، (لېكىن كاپىرلار ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ»، ئاللاھ تائالا بەھىرە، سائىبە، ۋاسىلە ۋە ھام دېگەن نەرسىلەرنى ھېچقاچان قانۇنلۇق قىلىپ بەرمىگەندۇر. جاھىلىيەت ئەھلى بىر تۆگە بەشنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقىسىنى ئەركەك تۇغقاندا، شۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنىشنى ھارام قىلاتتى ۋە بۇ تۆگىنى «بەھىرە» دەپ ئاتايتتى. بىراۋ: «سەپەردىن قايتسام، ياكى كېسەلمدىن ساقايسام تۆگەم ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدۇ» دەيتتى ۋە خۇددى بەھىرەگە ئوخشاشلا بۇ تۆگىدىن پايدىلىنىشنى ھارام قىلاتتى. بۇنداق تۆگىنى ئەرەبلەر «سائىبە» دەپ ئاتايتتى. ئەگەر بىر قوي چىشى تۇغسا ساھىبلىرى ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ قالاتتى، ئەگەر ئەركەك تۇغسا ئىلاھلىرىغا ئاتايتتى، ئەگەر

قـوي بىـر ئەركـەك بىـر چىشـى قوشـكېزەك تۇغسـا، ئەرەبلـەر مۇنـداق قوينـى «چىشىسـى ئەركـەك قېرىندىشـىنى قۇتۇلـدۇرۇپ قاپتـۇ» دەيتتـى ۋە ئۇنـىڭ ھۆرمىتىنـى قىلىـپ، ئەركىكىنـى ئىلاھلىـرى ئۈچـۈن بوغـۇزلىمايتتى. بۇنـداق قوزا «ۋاسـىلە» دەپ ئاتىلاتتـى. ئـون تۆگىگـە ئاتـا بولغـان بۇغـرا تۆگىنـى ئەرەبلـەر: «نەسلىنى قوغـداپ قالـدى» دەيتتـى ۋە ئـۇلار ئۇنى نـە مىنمەي، نـە يـۈك ئارتمـاي يېيمـەك - ئىچمەكتـە ئـۆز مەيلىگـە قويـۇپ بېرەتتـى. بۇنـداق تۆگـە «ھـام» دەپ ئاتىلاتتـى. ئىسـلام دىنـى مەيدانغـا كەلگـەن چاغـدا، بـۇ خىـل ئـۆرپ - ئادەتلەرنـىڭ ھەممىسـى بىـكار قىلىنـدى - دە، شـۇنىڭ بىلـەن نـە بەھىـرە، نـە سـائىبە، نـە ۋاسـىلە ۋە نـە ھـام سـاقلىنىپ قالالمـىدى. ئۇلارغـا ئاللاھ يۇقىرىقىـدەك قىلىشـنى بۇيرۇغىنـى يـوق، لېكىـن ئاللاھ تائالانـى ئىنـكار قىلغۇچـىلار ئۇنىڭغـا يالغاننى چاپلايـدۇ ۋە ئاللاھ تائالانـىڭ بۇلارنـى ھـارام قىلغانلىقىنـى سـۆزلەپ تـۇرۇپ: «ئاللاھ تائـالا بىزنـى شـۇنداق قىلىشـقا بۇيـرۇدى» دېيىشـىدۇ، ھالبۇكـى، ئۇلارنـىڭ تولىسـى بۇنـىڭ بوھتـان ئىكەنلىكىنـى چۈشـەنمەيدۇ، چۈنكـى ئـۇلار بـۇ ھەقتـە ئاتـا - بوۋىلىرىغـا تەقلىدچىلىـك قىلىـدۇ. شـۇ ۋەجىدىـن، ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: 104. «ئۇلارغـا ئاللاھ نازىـل قىلغـان، پەيغەمبـەر بايـان قىلغـان ھۆكۈمگـە ئەمـەل قىلىـڭلار دېيىلسـە، ئـۇلار: <ئاتـا - بوۋىلىرىمىزنـىڭ دىنـى بىزگـە كۇپايـە> دەيـدۇ. ئۇلارنـىڭ ئاتـا - بوۋىلىـرى ھېـچ نەرسـە بىلمەيدىغـان ۋە ھىدايـەت تاپمىغـان تۇرسـىمۇ (يەنىلا ئۇلارنـىڭ دىنىغـا ئەمـەل قىلامـدۇ؟)»، ئەنە شـۇ گۇمراھلارغـا: «كېلىـڭلار، ئاللاھ ھـالال ۋە ھـارام قىلغـان مەسـىلىلەردە ئاللاھ تائالانـىڭ ھۆكمىگـە بويسـۇنۇڭلار ۋە پەيغەمبـەر بايـان قىلغـان ھۆكۈمگـە ئەمـەل قىلىـڭلار» دېيىلسـە،

ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دىنىي جەھەتتىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەنمىگەن تۇرسىمۇ، يەنىلا شۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟ بۇ ئايەتتىكى «ھەمزە» ئىنكار ئۈچۈن، مەقسەت بولسا ئەيىبلەشتۇر. 105. «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەلىڭلەرنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ» ، يەنى ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھلاردىن، گۇناھلار ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ساقلاڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى دائىما ئىسلاھات قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە قىلچىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. زەمەخشەرىيگە كۆرە، مۇسۇلمانلار كاپىرلار ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چېكەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشلىرىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇلارغا: «خۇددى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: <شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن> دەپ بۇيرۇغىنىدەك، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار، توغرا يولدا مېڭىڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە قىلچىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېيىلدى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ھېچكىم بۇ ئايەتتە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى تەرك قىلىشقا دائىر رۇخسەت بار دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، چۈنكى بۇنداق دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىش ئىماننىڭ بىر

پارچىسىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى سىددىق (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) مۇنبەردە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەر بۇ ئايەتنى ئوقۇيسىلەر - يۇ، بىراق خاتا چۈشىنىسىلەر، ھالبۇكى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ‹ئىنسانلار بىر يامانلىقنى كۆرگەنلىرىدە ئۇنى تۈزەتمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك جازالايدۇ›»[1]. سىلەرنىڭ ۋە پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ نامە - ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ ئايەت ھەقىقەتنى ياقلىغۇچىلار پىرقىسى بىلەن باتىلنى ياقلىغۇچىلار پىرقىسىدىن بىرىگە ۋەدە، يەنە بىرىگە تەھدىتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلى جازاغا ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىدۇ.

106. «ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىرىڭىز سەكراتتىكى چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (دىنداشلىرىڭلاردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرىي دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: ‹بىز

---

[1] مۇنۇ ھەدىس بۇنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ: «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇڭلار، جەلب قىلارلىق بىرەر بېخىللىق، ئارزۇلۇق ھەۋەس، سېھىرلىك بىر دۇنيا ۋە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ تونۇيدىغان ئەھۋاللارغا يولۇقساڭ، سەن ئۆزۈڭنى قوغداشقا تىرىشىشىڭ كېرەك.» بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بېرىدىغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز> دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن»، ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىركىم سەكراتتىكى چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا، غەيرىي دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەن ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا، سىلەر بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن گۇمانلانساڭلار، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنى ئېلىپ قېلىڭلار، چۈنكى ئەسىر ۋاقتى ئىنسانلار يىغىلىدىغان ۋاقىتتۇر. ئۇلار: «بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز» دېسۇن. دەرۋەقە رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلغان ۋە ئەدىي بىلەن تەمىمنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئېلىپ قېلىپ مۇنبەرنىڭ يېنىدا قەسەم قىلدۇرغان. ئەگەر سىلەر بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن گۇمانلىنىپ ئىشەنچ قىلالمىساڭلار ئۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالا نامىدىن قەسەم ئىچسۇن. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: ئەگەر سىلەردىن بىر مىراسخور ئىككى گۇۋاھچىنىڭ خىيانىتىدىن گۇمانلانسا ۋە مىراستىن بىر نەرسە ئالغانلىقىدىن شۈبھىلەنسە، ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىپ ئاللاھ تائالا

نامىدىن قەسەم قىلدۇرسۇن. ئۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالا نامىدىن مۇنداق دەپ قەسەم قىلىدۇ: «بىز بۇ گۇۋاھلىقىمىز ئارقىلىق ھېچكىمنى قوغدىماقچى ۋە ئاللاھ تائالا نامىدىن قەسەم قىلىپ مال - دۇنياغا ئېرىشمەكچى ئەمەسمىز. يەنى بىز گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان كىشى يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ مال - مۈلۈك ئۈچۈن يالغان - ياۋىداقلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئاللاھ تائالا نامىدىن كەلسە ـ كەلمەس قەسەم قىلمايمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى ئەمر قىلغىنىدەك گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز، ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز». 107. «ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: <بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرا، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز> دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن»، يەنى ئۇ ئىككىسى قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرا، ئۇلارغا قارىغاندا قۇلاق سېلىش ۋە ئېتىبارغا ئېلىشقا بىز تېخىمۇ لايىقمىز، چۈنكى ئۇلار مىراسقا خىيانەت قىلدى، بىز <ئۇ ئىككىسى مىراسقا خىيانەت قىلدى> دېگەن سۆزىمىزدە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى بولمىدۇق، بىز ئۇلار توغرۇلۇق يالغان ئېيتىپ

زالىملاردىنمۇ بولمىدۇق» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشۇن. 108. «بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا، قىلغان قەسىمىنى رەت قىلىشتىن (ئۇلاردىن كېيىن باشقىلارنىڭ قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن) قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىن (ئۇسۇل) دۇر. ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) ئاڭلاڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» ، يەنى بۇ ھۆكۈم گۇۋاھچىلارنى ھەقىقەتنى قىلچە يوشۇرماستىن ۋە بۇرمىلىماستىن ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا، ئۇلاردىن كېيىن باشقىلارنىڭ قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ ئۇيغۇن ئۇسۇلدۇر. پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار ۋە ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتقۇچىلارنى نە جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ، نە رەھمەت دائىرىسىگە داخىل قىلمايدۇ.

**ئىلاۋە:** ئىمام شاتىبىغا كۆرە، كۆپ سوئال سوراش ياخشى ئادەت ئەمەس. كۆپ سوئال سورىسا ياخشى بولمايدىغان يەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئون خىلىنىلا بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

1. «مېنىڭ دادام قەيەردە؟» دېگەندەك دىنغا ھېچقانداق پايدىسى يوق سوئاللارنى سوراش.

2. بىراۋنىڭ ھەج توغرۇلۇق: «ھەر يىلى ھەج قىلىنامدۇ؟» دەپ سورىغىنىغا ئوخشاش، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق سوئاللارنى سوراش.

3. ئېھتىياجى بولمىغان بىر پەيتتە سوئال سوراش. «سىلەرنى مەن ئۆز ئىختىيارىڭلارغا قويۇۋەتكەن ۋاقىتلاردا، سىلەرمۇ مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بېرىڭلار» دېگەن ھەدىس بۇنىڭغا دەلىل.

4. قىيىن ۋە يامان سوئاللارنى سوراش. چۈنكى تېپىشماققا ئوخشىغان، ئادەم ئالدايدىغان سوئاللارنى سوراش مەنئىي قىلىنغان.

5. ھەيزدار ئايالنىڭ نامازنى ئەمەس روزىنى قازا قىلىشى، سەۋەبىنىڭ ۋە ھېكمىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردىكى ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىنى سوراش.

6. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كالا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە رەڭگىنىڭ قانداقلىقى توغرۇلۇق سورىغىنىدەك، تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ۋە قىيىنلاشتۇرۇپ سوراش.

7. كىتاب بىلەن سۈننەتنىڭ كۆز قاراشقا زىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن سوئال سوراش. شۇ ۋەجىدىن، سەئىد: «سەن ئىراقلىقمۇ؟» دېگەنىكەن.

8. مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەر توغرۇلۇق سوئال سوراش. مەسىلەن: ئىمام مالىك «ئىستىۋا» دېگەن ئايەتنىڭ شەرھىسى توغرۇلۇق سورالغىنىدەك. ئىمام مالىك: «ئىستىۋا ھەممىگە ئايان...» دەپ جاۋاب بەرگەن.

9. ئۆتكەنكى كىشىلەر ھەققىدە سوئال سوراش. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەنىكەن: «ئاللاھ تائالا شۇ قانلاردىن قوللىرىمنى ساقلاپ قالغان ئىكەن، مەن ئەمدى ئۇلارغا تىل

ئۇزاتمايمەن.»

10. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، گەپ قىلدۇرماسلىق ۋە مۇنازىرىدە يېڭىش مەقسىتىدە سوئال سوراش. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كۆپ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغان كىشىلەر ئورۇنسىز مۇنازىرىلىشىدىغان كىشىلەردۇر.»

يَوْمَ يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْ ۖ قَالُوا۟ لَا عِلْمَ
لَنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿١٠٩﴾ إِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ
مَرْيَمَ ٱذْكُرْ نِعْمَتِى عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَٰلِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ
ٱلْقُدُسِ تُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا ۖ وَإِذْ عَلَّمْتُكَ
ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ۖ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ
ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ بِإِذْنِى فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًۢا
بِإِذْنِى ۖ وَتُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ وَٱلْأَبْرَصَ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ تُخْرِجُ
ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُم
بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ
مُّبِينٌ ﴿١١٠﴾ وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى ٱلْحَوَارِيِّۦنَ أَنْ ءَامِنُوا۟ بِى وَبِرَسُولِى
قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَٱشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ ﴿١١١﴾ إِذْ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ
يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن يُنَزِّلَ عَلَيْنَا
مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۖ قَالَ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١١٢﴾
قَالُوا۟ نُرِيدُ أَن نَّأْكُلَ مِنْهَا وَتَطْمَئِنَّ قُلُوبُنَا وَنَعْلَمَ أَن
قَدْ صَدَقْتَنَا وَنَكُونَ عَلَيْهَا مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ

عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلۡ عَلَيۡنَا مَآئِدَةٗ مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدٗا لِّأَوَّلِنَا وَءَاخِرِنَا وَءَايَةٗ مِّنكَۖ
وَٱرۡزُقۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ١١٤ قَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا
عَلَيۡكُمۡۖ فَمَن يَكۡفُرۡ بَعۡدُ مِنكُمۡ فَإِنِّيٓ أُعَذِّبُهُۥ عَذَابٗا
لَّآ أُعَذِّبُهُۥٓ أَحَدٗا مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١١٥ وَإِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى
ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَٰهَيۡنِ
مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ أَقُولَ
مَا لَيۡسَ لِي بِحَقٍّۚ إِن كُنتُ قُلۡتُهُۥ فَقَدۡ عَلِمۡتَهُۥۚ تَعۡلَمُ
مَا فِي نَفۡسِي وَلَآ أَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِكَۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ
ٱلۡغُيُوبِ ١١٦ مَا قُلۡتُ لَهُمۡ إِلَّا مَآ أَمَرۡتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعۡبُدُواْ
ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۚ وَكُنتُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدٗا مَّا دُمۡتُ فِيهِمۡۖ
فَلَمَّا تَوَفَّيۡتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيۡهِمۡۚ وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ شَهِيدٌ ١١٧ إِن تُعَذِّبۡهُمۡ فَإِنَّهُمۡ عِبَادُكَۖ وَإِن تَغۡفِرۡ لَهُمۡ
فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١١٨ قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ
ٱلصَّٰدِقِينَ صِدۡقُهُمۡۚ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ
ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١١٩ لِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا فِيهِنَّۚ
وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرُۢ ١٢٠

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئەجەل يېقىنلىشىپ قالغان چاغدا ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى زىكىر قىلىش

بىلەن بىرگە، يەنە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەرنى ھېساب ئېلىش ۋە نامە - ئەمەللىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن يىغىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق كۈن ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ بىرى، ئاسماندىن «ئۈستىدە تاماق بار داستىخان»نىڭ چۈشۈرۈلۈپ بېرىلىش ھادىسىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ خاتىمىسىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىق دەۋاسىدىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى جاكارلاش بىلەن چۈشۈرىدۇ.

**تەپسىرى:** 109. «ئاللاھ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: <(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟> دەپ سورايدۇ، ئۇلار: <(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن> دەيدۇ»، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ھېساب ئېلىش ۋە نامە - ئەمەللىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر بىلەن بارلىق مەخلۇقاتنى يىغىدىغان شۇ قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىنى ئەسلەڭلاركى، ئاللاھ شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەرگە: «ئۈممەتلىرىڭلار سىلەرگە قانداق جاۋاب بەردى؟ قەۋمىڭلارنى ئىمانغا ۋە تەۋھىدكە دەۋەت قىلغىنىڭلاردا قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەرلەر: «سېنىڭ

بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، سەن بىز بىلمىگەن ئاشكارا - يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسەن» دەيدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سەن بىلگەننى بىز بىلمەيمىز، بىراق بىز بىلمەيدىغاننى سەن ناھايىتى ياخشى بىلىسەن»[1]. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، بۇ يەردە، دۈچ كەلگەن ئەھۋاللار بىلەن تارتقان ئەزىيەتلەر تىلپەيلىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز شىكايەتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىگە ئىزھار قىلىش ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش ھېكمىتى يوشۇرۇنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئايەت، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەزىيەت ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆلپەتلەرنى يەتكۈزگەن قەۋملىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش بارىسىدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

110. «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر

[1] ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ جانابى ئاللاھقا قانداق ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدىغان ئايەتلەردۇر. يەنى، سېنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىڭگە سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، سەن ھەممىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىنى تولۇق كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن، بىزنىڭ بىلىمىمىز سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس.

نەرسە ياسايتتىڭ - دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: <بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر> دېدى» ، يەنى ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن». ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئاللاھ تائالا بەندىسى ۋە ئەلچىسى مەريەم ئوغلى ئىيساغا جىبرىئىل ۋاستىسى ئارقىلىق مۆجىزىلەر بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا قانداق ئېھسان قىلغانلىقىنى ئەسلەتمەكتە. يەنى ئى ئىيسا! مېنىڭ سېنى ئاناڭدىن ئەر كىشىنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتقان ۋە سېنى مېنىڭ كامالى قۇدرىتىمنىڭ كەسكىن دەلىلى قىلغان نېمىتىمنى خاتىرىلىگىن، ئاناڭغىمۇ ئېھسان قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، چۈنكى سېنى ئاناڭنىڭ زالىملارنىڭ بوھتان چاپلىغىنىدەك «پاھىشە» ئەمەسلىكىگە دەلىل قىلدۇق. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، گويا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى يىغىدىغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى دەيدىغان كۈننى خاتىرىلىگىن». ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن «ئۇ ۋاقىتتا دېدى» دەپ، ئۆتكەن زامان شەكلىنى قوللانغان. چۈنكى مەيدانغا كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسە يېقىن بولىدۇ. شۇنىمۇ خاتىرىلىگىنكى،

ئەينى زاماندا ساكا مۇقەددەس ۋە پاك روھقا ئىگە جىبرىئىل بىلەن مەدەت بەردىم، بۆشۈكتە بوۋاقلىق يېشىڭدا ۋە پەيغەمبەر بولغان ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ. شۇ نېمىتىمنىمۇ خاتىرىلىگىنىكى، ئەينى زاماندا ساڭا تەۋرات ۋە ئىنجىل بىلەن بىرگە يەنە، خەت يېزىشنى ۋە پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەتنى ئۆگەتتىم، يەنە شۇنىمۇ خاتىرىلىگىنىكى، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئەمرىم بويىچە ۋە ساڭا قولايلىق يارىتىپ بېرىشىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ ـ دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ مېنىڭ ئەمرىم ۋە خاھىشىم بويىچە ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئەمرىم ۋە خاھىشىم بويىچە تۇغما كورنى، ساقايماس بەرەس كېسىلىنى (ئاق كېسەلنى) ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئەمرىم ۋە خاھىشىم بويىچە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتىڭ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىللاھ دەپ بوھتان چاپلىغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش يۈزىسىدىن ۋە شۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا شۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى مۆجىزە سۈپىتىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا «ئىزنىم بىلەن» ئىبارىسىنى ھەر بىر مۆجىزىنى بايان قىلغاندا ئايرىم - ئايرىم تەكرارلىدى. يەنە شۇنىمۇ خاتىرىلىگىنىكى، ئەينى زاماندا يەھۇدىيلارغا دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغانىدى، مەن يەھۇدىيلارنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى بىتچىت قىلىۋەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلغان ۋە ساڭا

ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار: «بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار پەقەت روشەن سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېيىشتى. 111. «ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىلارغا: <ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلدىم. ئۇلار: <بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز> دېدى.» بۇمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئېھسانلاردىندۇر. يەنى شۇنىمۇ خاتىرىلىگىنكى، ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىلارغا: «مېنى ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىم مەريەم ئوغلى ئىيسانى تەستىق قىلىڭلار» دەپ ئەمر ۋە ئىلھام قىلغانىدىم. ھەۋارىلارمۇ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى نېمىگە ئەمر قىلغان بولساڭ شۇنى تەستىق قىلدۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز ئىمانىمىزدا راستچىللارمىز، ئەمرىڭگە بويسۇنغۇچىلارمىز» دېگەنىدى. 112. «ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىلار: <ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟> دېدى. ئىيسا: <ئەگەر (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (مۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار> دېدى». يەنى، يەنە شۇنىمۇ خاتىرىلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دەپ سوراشتى. قۇرتۇبىغا كۆرە، ئۇلار بۇ سوئالنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق ئاڭ سەۋىيىسى پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇنقى دەسلەپكى مەزگىللەردە سوراشقانىدى، ئەلۋەتتە بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم جاھىللار تەرىپىدىن ئېيتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ

ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېيىشكەنىدى. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئىبارە زاھىرىي جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندىن ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشكە قادىر ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىپ قالغانلىقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. زەمەخشەرىينىڭ قارىشىمۇ دەل مۇشۇنداق.[1] باشقا مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، ھاۋارىلار مۆمىنلەردىن ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بولۇپ، بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندىن ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقىدىن گۇمانلانمىغان. ھەتتا بۇ ھەقتە ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى توغرۇلۇق شۈبھىلەنمىدى، ئۇلار پەقەت ئۇستىدە تاماق بار داستىخانني چۈشۈرۈپ بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە سورىغان كىشىنىڭ سورىغىنىدەكلا سوئال سوراشتى، ‹ئەگەر چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنى بىز ئۇچۇن تەلەپ قىلغىن› دېيىشتى. ئۇلارنىڭ سوئال سورىشى كۆڭۈللىرىنىڭ تەسكىن تېپىشى ئۈچۈن ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كامالى

---

[1] بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن «ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن قانداقسىگە: ‹رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟› دەپ سوراشقا پېتىنالايدۇ؟» دەپ سورىغىنىڭدا، مەن: «ئاللاھ تائالا ھېچقاچان ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى، دەل ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ‹ئىخلاسمەن مۆمىنلەر› دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى باتىلدۇر ۋە ئۆزلىرىمۇ گۇمانخوردۇر. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، پەرۋەردىگارىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان مۆمىنلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

قۇدرىتىگە ئىشەنسەڭلار، مۇنداق سوئاللارنى بىرىشتە ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار» دېدى. 113. «ئۇلار: ‹بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز› دېدى»، يەنى ھاۋارىلار: «بىزنىڭ ئۈستىدە تاماق بار داستىخان تەلەپ قىلىشىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسىتىمىز، بەرىكەت سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تېخىمۇ تىنچلىنىشىنى، پەيغەمبەرلىكىڭگە دائىر سۆزۈڭنىڭ شەك - شۈبھەدىن خالىي ھالدا راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە شاھىت بولمىغان ئىنسانلارنىڭ يېنىدا پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېيىشتى. 114. «مەريەم ئوغلى ئىيسا: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن› دېدى»، يەنى مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بەرگىن» دېدى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تاماق بار داستىخان تەلەپ قىلىشتەك ئىستەكلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدىغان كەسكىن بىر دەلىل ئارقىلىق جاۋاب بەردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلماقچى بولغىنىدا، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تونىنى ۋە يەنە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن رىداسىنى كىيىپ ناماز ئوقۇش، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. ئەبۇسسۇئۇدقا

كۆرە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېلىنىپ يالۋۇرغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىغا ئىككى قېتىم نىدا قىلغان: بىر قېتىم، بارلىق سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھلىق سۈپىتى بىلەن نىدا قىلدى، يەنە بىر قېتىم، تەربىيەچى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان پەرۋەردىگار سۈپىتى بىلەن نىدا قىلدى. ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىلگەن شۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە شاد - خۇراملىق بېغىشلايدىغان بايرام بولۇپ قالسۇن ھەمدە شۇ داستىخان سەندىن بىزگە قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبىرىڭنىڭ راستچىللىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - ئىسپات ۋە بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. ئى ئاللاھ! بىزگە رىزىق بەرگىن، شەك - شۈبھىسىزكى، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، چۈنكى سەن ئىنتايىن بايدۇرسەن ۋە مەدھىيەگە لايىقسەن.

115. «ئاللاھ (ئىيسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ) : ‹ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن› دېدى». - ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۈستىدە تاماق بار داستىخاننى مەن سىلەرگە چوقۇم ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بېرىمەن، ئەمدى بۇ روشەن مۆجىزىدىن كېيىن، سىلەردىن كىمكى كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن.» ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاسماندىن ئۈستىدە نان بىلەن گۆش بار داستىخان

چۈشۈرۈپ بېرىلدى ھەممە ئۇلارغا بولارنى ئەتىگە ساقلىماسلىق ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ئەمر قىلىندى، بىراق، ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلدى ۋە تاماقلارنى ئەتىسى ئۈچۈنمۇ ئېلىپ قېلىپ ساقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلىنىپ كېتىشتى». بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۆجىزە تەلەپ قىلغان ۋە مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن شۇ مۆجىزىنى ئىنكار قىلغانلارنى جازالاش، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلۈكسىز جارى بولىۋاتقان قانۇنىدۇر. مەسىلەن، ئەنە شۇلار داستىخان مۆجىزىسىنى تەلەپ قىلىپ، شۇ مۆجىزە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى». 116. «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: <ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟> ئىيسا ئېيتتى: <(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» ـ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە: <ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟>» «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا» دەپ باشلانغان بۇ قىسسە، «ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار» دەپ باشلانغان قىسسىگە باغلىنىدۇ. ئىبنى

ئابباسقا كۆرە، قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشلىرى ئۈچۈن، بۇ سۆز ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ كۆز ئالدىدا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: كاپىرلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە بەندىسى ۋە ئەلچىسى مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىدىغان كۈننى ئىنسانلارغا خاتىرىلەتتى. ئاللاھ تائالا شۇ كۈنى مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «ئى ئىيسا! سەن ئىنسانلارنى ساڭا ئىبادەت قىلىشقا، سېنى ۋە ئاناڭنى ئىلاھ دەپ ئىبادەت قىلىشقا چاقىردىڭمۇ؟» قۇرتۇبىغا كۆرە، ئاللاھ تائالا بۇ سوئالنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ھەمدە سوئالدىن كېيىن ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن سورايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئى رەببىم! ساڭا لايىق بولمىغان نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى ئېيتىشقا ھەرگىزمۇ ھەققىم يوق، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ساڭا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس، شۇڭا مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىمنى سەن ناھايىتى ياخشى بىلىسەن». ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بايانلىرى، ئۇنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكى ۋە ھېچقاچان ئۇنداق دېمەيدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بۇ بايانلار، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى ئەدەبلىك، كەمتەر پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كۈچسىزلىكىنى ئىزھار قىلغانلىقىنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام

يەنە مۇنداق دېدى: «سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى ۋە زاتىم ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىسەن، ھالبۇكى، مەن سېنىڭ زاتىڭنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە زاتىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كامالى سۈپەتلىرىڭنى بىلمەيمەن، سەن پۈتكۈل غەيب ئىشلارنى ۋە نىيەتلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، سېنىڭ ئىلمىڭ ئۆتمۈشتە بولغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». 117. «مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن» ، يەنى «مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى قىلدىم، خالاس» ، رازىغا كۆرە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ۋە ئاللاھ تائالانى بىرلىكتە ئەمر قىلغۇچى سۈپىتىدە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەدەبىنىڭ تەقەززاسى بويىچە «ئۇلارنى بۇيرۇدۇم» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئۇلارغا ئېيتتىم» دېگەن. ئۇلارغا: «مېنىڭ ياراتقۇچۇم ۋە سىلەرنىڭ ياراتقۇچىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلىپ ھۇزۇرۇڭغا (ئاسمانغا) ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن، ئى ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەت سەنلا كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ بىردىنبىر شاھىدى

پەقەتلا سەن ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەردارسەن، ھېچقانداق بىر سىر ساڭا مەخپىي ئەمەس. 118. «ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ مەۋجۇدات تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن›»، يەنى ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، سەن ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغاچقا، ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى سېنىڭ ئىلكىڭدە، ساڭا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، شەك - شۈبھىسىزكى، سەن ئىشىڭدا غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن. 119. «ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹بۇ كۈن (قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر›»، يەنى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۈن قىيامەت كۈنى بولۇپ، بۇ، دۇنيادىكى ۋاقتىدا راستچىل بولغانلارغا راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، چۈنكى بۇ كۈن ھەممىگە قىلمىشىغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان كۈن. ئۇلار ھۇجرىلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلەرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، بىر كىرگەنچە ھېچ چىقمايدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار راستچىللىقى تۈپەيلى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ساۋاب ۋە مۇكاپات تۈپەيلى،

ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالادىن رازى بولغان زاتلاردۇر. ئەنە شۇ نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە ئېرىشىش زور بەختتۇر ۋە مىسلىسىز زەپەردۇر». 120. «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»، يەنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنىڭ ئىدارىسى ۋە ئىرادىسى ئاستىدىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

**ئەسكەرتىش:** ئىمام مۇسلىم «سەھىھى مۇسلىم» ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېيتقان «پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن بۇ بۇتلار نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)» دېگەن ئايىتى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتقان «ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، سەن ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغاچقا، ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى سېنىڭ ئىلكىڭدە، ساڭا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، شەك - شۈبھىسىزكى، سەن ئىشىڭدا غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئۈممىتىم، مېنىڭ ئۈممىتىم» دەپ يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: «سەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ

ئۇنىڭدىن: ‹پەرۋەردىگارىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىڭنى ناھايىتى ياخشى بىلسىمۇ، يەنىلا نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىڭنى سورايدۇ› دەپ سورىغىن» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇيرۇقىنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزدى. جىبرىئىل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ماڭا ئېيتتىكى: «ئى جىبرىئىل! سەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، ‹ئى مۇھەممەد! بىز ئۈممىتىڭ توغرىسىدا سېنى چوقۇم رازى قىلىمىز، سېنى ئەسلا غەم ـ قايغۇغا سېلىپ قويمايمىز›».

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «مائىدە سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.